زۇلپىقار بارات ئۆزباش

# جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

زۇلپىقار بارات ئۆزباش
جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-14598-0

www.uyghurkitap.com

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

# جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

社会学家怎么说：维吾尔文/祖丽菲克尔·巴拉提著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.10（2015.5 重印）
ISBN 978－7－228－14598－0

Ⅰ.①社… Ⅱ.①祖… Ⅲ.①社会学－通俗读物－维吾尔语（中国小数民族语言） Ⅳ.①C91-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2011）第 204198 号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿合买提·木明·塔里米 |
| 责任校对 | 亚森·扎依莫夫 |
| 封面设计 | 买买提·努比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐志昇四友印务有限责任公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 9.5 |
| 版　　次 | 2011 年 10 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2015年5月第2次印刷 |
| 印　　数 | 3001 － 6000 |
| 定　　价 | 23.00元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز .................................................. 1
بىرىنچى باب جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش نېمىدىن دېرەك
بېرىدۇ؟ .................................................. 1
جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە قانداق ياردەم بېرىدۇ؟ ......... 3
جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ......... 5
جەمئىيەتشۇناسلىق پېشۋالىرى ۋە نەزەرىيە سىستېمىلىرى
8 ..................................................

ئىككىنچى باب كارل ماركس (1818 ــ 1883) ۋە ئۇنىڭ
ۋارىسلىرى: بازىس ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلما ................ 16
نېمە ئۈچۈن كارل ماركس ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟
16 ..................................................
ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ........................................ 17
ياتلىشىش .................................................. 18
تارىخ، ئۆزگىرىش ۋە تارىخىي تەرەققىيات ................ 20
ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي قاتلام ............................ 22
سىياسىي ئىقتىساد، ئۇستقۇرۇلما ۋە بازىس .............. 22
سىنىپىي ئاڭ ۋە سىياسىي ھەرىكەت ....................... 23
ماركسىنىڭ ۋارىسى: ئانتونىئو گىرەمشى ................ 24
ماركسىنىڭ ۋارىسى: لۇئىس ئالسۇسىر ..................... 26

**ئۈچىنچى باب ماكس ۋېبېر (1864 — 1920): ھەرىكەت ۋە ئەقلىيلىشىش** ........ 29
نېمە ئۈچۈن ماكس ۋېبېر ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ ........ 29
ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ........ 30
جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودى ........ 31
ئەقلىيلىشىش ۋە ھەرىكەت ........ 32
نوپۇز ۋە ھوقۇق ........ 33
ماكس ۋېبېرنىڭ كارل ماركس بىلەن بولغان دىيالوگى ........ 35
دۆلەت ھەققىدە ........ 36
ئىدىيە تىپى ........ 36

**تۆتىنچى باب ئېمىل دۇركىم (1858 — 1917) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى: ئىجتىمائىي بىلىم** ........ 40
نېمە ئۈچۈن ئېمىل دۇركىم ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ ........ 40
ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ........ 41
جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ........ 43
كوللېكتىپ ۋىجدان ........ 46
ئۇيۇشۇشچانلىق ........ 46
تاپتىن چىقىش ........ 48
ئۆلۈۋېلىش ........ 48

**بەشىنچى باب گېئورگ زىممېل (1858 — 1918): شەھەر، پۇل، مودا** ........ 52
نېمە ئۈچۈن گېئورگ زىممېل ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ ........ 52

ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ........................ 53
پۇل، شەھەر ھاياتى، مودا ........................ 53

**ئالتىنچى باب جورج خېربېرت مىد (1863 — 1931): قەلب، ئۆزلۈك ۋە جەمئىيەت** ........................ 58
نېمە ئۈچۈن جورج خېربېرت مىدنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ ........................ 58
ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ........................ 60
ئىلھام مەنبەسى: ۋىلىيام جامېس، جون دېۋېي، چارلىز كۇلى ........................ 61
ئۆزلۈك ۋە ئۆزلۈكنىڭ مەنبەسى ........................ 65
«ئۆزمەن» ۋە «ئىجتىمائىي مەن» ........................ 68
قەلب، ئۆزلۈك ۋە جەمئىيەت ........................ 71
سىمۋول، رېئاللىق ۋە تارىخ ........................ 72
بەلگە ۋە سىمۋول ........................ 74
قىياپەت ........................ 75
روھىي تەرتىپ ........................ 76
تەرەققىيات ........................ 79
دىيالېكتىكىلىق پىكىر ۋە مىدنىڭ ئانالىزى ........................ 80

**يەتتىنچى باب كارل مەنخېيم (1893 — 1947): بىلىم ۋە جەمئىيەت** ........................ 85
نېمە ئۈچۈن كارل مەنخېيم ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ ........................ 85
ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ........................ 92
ئىدىيولوگىيە ۋە ئۇتوپىيە ........................ 95
شېرىن چۈشتىن ئويغىنىش ........................ 101
كەلگۈسىدىن ئۈمىد ........................ 103
بىلىم ۋە دەۋر ........................ 104


www.uyghurkitap.com

سىياسىي ۋە بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى ............. 105
ئىلىم ئىگىلىرى ........................................ 106
جەمئىيەتنى قايتىدىن قۇرۇش ........................ 107

**سەككىزىنچى باب ئالفرېد شۇتس (1899 ـــ 1959): رېئال**
**ھايات ۋە ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقى ................ 116**
نېمە ئۈچۈن ئالفرېد شۇتسنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن
تونۇشىمىز؟ ............................................ 116
ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .................................. 120
شۇتسنىڭ ئىلھام مەنبەسى: ئېدمۇند خۇسسېرلىنىڭ
ئىدىيەسى ................................................ 121
ئىجتىمائىي پەن ۋە ئىجتىمائىي ھايات ................. 124
ھايات دۇنياسى ......................................... 127
ئىجتىمائىي رېتسىپ ...................................... 129
گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار ........................ 130
تونۇشنىڭ ئىندىۋىدۇئال تەركىبلىرى ................... 132
ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ رېئاللىق كارتىنىلىرى ......... 133
ئاڭ، مەنە ۋە مۇددىئا .................................. 137

**توققۇزىنچى باب تالكوت پارسونس (1902 ـــ 1979):**
**ئىجتىمائىي ھەرىكەت، ئىجتىمائىي سىستېما ۋە قىممەت**
**قاراش ................................................... 145**
نېمە ئۈچۈن تالكوت پارسونس ئىدىيەلىرى بىلەن
تونۇشىمىز؟ ............................................ 145
ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى .................................. 146
ئىجتىمائىي ھەرىكەت، ئىجتىمائىي مىزان ۋە قىممەت
قارىشى ................................................... 147
سىستېما نەزەرىيەسى .................................... 150

www.uyghurkitap.com


تالكوت پارسونسنىڭ ۋارىسلىرى: روبېرت مېرتون ۋە نىكلاس لۇخمان ........................ 152

**ئونىنچى باب  فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمى ۋە تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى** ........................ 157

نېمە ئۈچۈن فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى بىلەن تونۇشىمىز؟ .......... 157

هايات پائالىيەتلىرى ۋە قاراشلىرى ........................ 158

مەدەنىيەت، خاراكتېر، جەمئىيەت ۋە ئاقارتىش ........ 165

**ئون بىرىنچى باب  يۈرگېن خابېرماس ( 1929 — ): دىيالوگلىشىش ئىنقىلابى** ........................ 174

نېمە ئۈچۈن يۈرگېن خابېرماسنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ ........................ 174

هاياتى ۋە ئىجادىيىتى ........................ 176

يۈرگېن خابېرماس نەزەرىيەلىرىدىكى يېتەكچى ئىدىيە ........................ 177

ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى ........................ 180

ئىدراك ۋە ئەقلىيلىشىش ........................ 184

خابېرماسنىڭ تەجرىبىچىلىك مېتودىنى تەنقىد قىلىشى ........................ 185

ئاۋام مۇنبىرى ........................ 187

**ئون ئىككىنچى باب  س. رايت مىللىس (1916 — 1962)نىڭ تەنقىدچىلىك ئىدىيەلىرى** ........................ 190

نېمە ئۈچۈن س. رايت مىللىس ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ ........................ 190

هاياتى ۋەئىجادىيىتى ........................ 191

جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر ............................ 192
ئىلمىي ئەمگەكنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپلىرى .......... 194
ئاق ياقىلىقلار ۋە ياتلىشىش ............................ 196
هوقۇق سەرخىللىرى ............................................ 198

**ئون ئۈچىنچى باب ئېرۋىڭ گوفمان (1922 ـــ 1982): ئۆزلۈك ۋە هايات** ................................................ 201
نېمىشقا ئېرۋىڭ گوفمان ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ ................................................................ 201
هاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......................................... 202
قالپاق نەزەرىيەسى ............................................ 203
ئۆزلۈك ئىپادىسى ۋە كومېدىيەلىك هايات ............. 206
رامكا ئانالىزى ................................................ 209
ئۆزلۈك، چىراي ئىپادىسى ۋە تەسىرات باشقۇرۇش .... 211

**ئون تۆتىنچى باب مىچېل فۇكاۋ (1926 ـــ        ): بىلىم ئارخېئولوگىيەسى ۋە ئىدىيە سىستېمىسى تارىخى** ....... 214
نېمە ئۈچۈن مىچېل فۇكاۋ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ ................................................................ 214
هاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......................................... 215
بىلىم، ئېتىم ۋە هوقۇق ......................................... 217

**ئون بەشىنچى باب پېتېر بېرگېر ( 1929 ـــ        ): رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى** .................................... 226
نېمە ئۈچۈن پېتېر بېرگېرنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ .................................................. 226
هاياتى ۋە ئىجادىيىتى .......................................... 227
رېئاللىقنىڭ دىيالېكتىكىلىق جەريانلىرى ............. 228

www.uyghurkitap.com


جەمئىيەتتە ئادەملەر قانداق كونترول قىلىنىدۇ؟ ..... 232

چۈشەكتىن قۇتۇلۇش .......................... 235

جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئادەم بولۇش تىرىشچانلىقى ... 237

**ئون ئالتىنچى باب پيېر بوردىئو (1930 ــ 2004) ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى قۇرۇلمىچىلىق ئانالىزى** .......... 241

نېمە ئۈچۈن پيېر بوردىئو ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ .................................... 241

ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ................................ 242

قايتىدىن يارىتىش ۋە خۇلق .......................... 245

پيېر بوردىئونىڭ قۇرۇلمىچىلىق پىكىر يولىنى تەنقىد قىلىنىشى ........................................ 248

**ئون يەتتىنچى باب ئانتونى گىددىنس (1938 ــ ): قۇرۇلمىلىنىش ۋە تۈرتكە كۈچ** ................... 251

نېمە ئۈچۈن ئانتونى گىددىنس ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ .................................... 251

ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ................................ 252

ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە قۇرۇلمىلىنىش نەزەرىيەسى ... 253

زامانىۋىلىق ۋە قايتىدىن ئويلىنىش ................. 255

**ئون سەككىزىنچى باب كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەسى** .... 257

نېمە ئۈچۈن كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟ .................................... 257

كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەسى ساھەسىدىكى مۇھىم مۇتەپەككۇرلار: دېررىدا ۋە لېئوتارد .................. 259

**ئون توققۇزىنچى باب ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى** .......... 263

نېمە ئۈچۈن ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى بىلەن تونۇشىمىز؟ ........................................................... 263
ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلەر ........................................................... 265

**يىگىرمىنچى باب توقۇنۇش نەزەرىيەسى** ..................... 272
نېمە ئۈچۈن توقۇنۇش نەزەرىيەسى بىلەن تونۇشىمىز؟ ........................................................... 272
توقۇنۇش نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىيات يولى ۋە ئاساسلىق ئىدىيەلىرى ........................................... 273

**يىگىرمە بىرىنچى باب 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مۇھىم مۇتەپەككۇرلار** ........................... 279
مەنيۇل كاستېلىس: تور دەۋرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ...... 279
ئۇلرىچ بېك: زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدىكى خېيىم ـ خەتەرلەر ........................................ 282
ژان بوردىلئارد: نۇسخىلانغان رېئاللىق، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى ....................................... 284
ئېدۋارد سەيىد: شەرقشۇناسلىق، غەرب ۋە باشقىلار .... 285

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئىجتىمائىي پەن ساھەمىزدە جەمئىيەتشۇناسلىق خۇددى پەلسەپە، پسىخولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق، ئېستېتىكا قاتارلىق ئىلىملەرگە ئوخشاشلا ئېچىلمىغان بوز بولۇڭ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتشۇناسلىققا قىزىقىدىغان ۋە بۇ ساھەدە ئىزدىنىدىغانلار ئاۋۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەننىڭ ماھىيىتى، بارلىققا كېلىش ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ھازىرقى يۈزلىنىشى ھەققىدە سىستېمىلىقراق بىلىم بېرىدىغان ماتېرىياللار بىزدە يوق دېيەرلىك بولۇپ كەلدى. بۇ كىتاب ئەنە شۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلدى. بۇنى جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تارىخى ھەققىدىكى مۇپەسسەل كىتاب دېيەلمەيمەن. ئەمما، جەمئىيەتشۇناسلىققا ۋە نەزەرىيەۋى تەپەككۇر يېتىلدۈرۈشكە قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بۇ پەننىڭ ئالاھىدىلىكى، نەزەرىيە سىستېمىلىرى ۋە بۇ پەندىكى مۇھىم نەزەرىيەچىلەر بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئاددىي ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق — ئۆزىمىزنى، ياشاۋاتقان رېئاللىقىمىزنى ۋە بىزنى قويىنىغا ئېلىپ تۇرغان جەمئىيەتنى توغرا تونۇشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان پەن بولۇپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەلسەپىدىن شاخ ئايرىپ چىققان. پەلسەپە ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز ھەققىدە بىزنى تەپەككۇرغا ئۈندىسە، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي سىستېمىلار بىلەن

ئىنسان ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار ئەمەلىي پاكىتلارنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق نەزەرىيەۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. ماھىيەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇ پەن بىر ئىجتىمائىي تۈپنىڭ شۇ ئىجتىمائىي شارائىتتا قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. شېئىر، رومان، پوۋېست، نەسرلەرنى ئوقۇپ جاھاننىڭ تېپىشماقلىرىغا جاۋاب تاپالماي گاڭگىراپ قالغان ۋاقتىمىزدا، جەمئىيەتشۇناسلىق بىزنى ساقلاپ تۇرغان بولىدۇ.

دۇنيا مىقياسىدىن ئالغاندىمۇ، جەمئىيەتشۇناسلىق ياش بىر پەن. جەمئىيەتشۇناسلىق ئاتالغۇسى تۇنجى بولۇپ 19 ـ ئەسىردە فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى ئاۋگۇست كومت (1798 ــ 1857) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم بارا ـ بارا پەلسەپىدىن شاخ ئايرىپ چىققان. جۇڭگودا يەن فۇ، گې شۆبۇ قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەسىرىدە 1914 ـ يىلى شاڭخەيدىكى لۇجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى تەسىس قىلىنغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس فەن گۇاڭدەننىڭ يېتەكلىشىدە فېي شياۋتۇڭ قاتارلىق جەمئىيەتشۇناسلار يېتىشىپ چىققان. 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ جەمئىيەتشۇناسلار بۈگۈنكى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ لايىھەلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. مەسىلەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ سابىق پىروفېسسورى فېي شياۋتوڭ «پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى» قاتارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تەسىر كۆرسەتتى.

تەرەققىيات جەريانىدىن ئالغاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق 19 ـ، 20 ـ ئەسىرلەردە ئاساسلىقى فرانسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىدە ۋە ئامېرىكىدا راۋاجلانغان. بۇ ھال پىكىر قىلىش قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈش،

مەسىلىلەرنى نەزەرىيەۋى يۈكسەكلىك تۆۋەنسىدىن تونۇش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ياۋروپانىڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي بىلىش تارىخىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ ھەرگىزمۇ غەربكە چوقۇنغانلىق ئەمەس ، بەلكى پىكرىي قۇۋۋەتنى ئۆستۈرۈش يولىدا ئالغا كەتكەنلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئالىدىغان بىر جەريان. بۇنىڭدا، ئاۋۋال مۇشۇ پەندە بارلىققا كەلگەن ئىلمىي بايقاشلارنى ئۆگىنىشىمىز، ئاندىن ئۆزىمىزگە خاس بىر يولدا ئىزدىنىشىمىز لازىم.

ئەلۋەتتە، خەلقىمىزدە تەجرىبىدىن ئۆتكەن يەرلىك بىلىم خېلى بار ، ئۇ بىلىملەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردىكى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ئىنتايىن قىممەتلىك، ئەمما زامانىۋى دۇنيانىڭ تېپىشماقلىرىنى چۈشىنىشىمىزدە بۇ بىلىملەر يەنىلا ئاجىز كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنئەت ۋە ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىك خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ مىللەت، چېگرا ئايرىمايدىغان تەرەپلىرى جىق. بىز يەر شارىلىشىش، زامانىۋىلىشىش، شەھەرلىشىش، تورلىشىشنىڭ بىر ئىجتىمائىي تۈپنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا تەسىر كۆرسىتىدىغان جەريانلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن ئىستراتېگىيە بەلگىلەشتە، مۇقەررەركى، جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئىلمىي بايقاشلارغا موھتاج بولىمىز.

2009 - يىلى 12 - ئاي، ھونولۇلۇ

www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

جەمئىيەتشۇناسلىق — ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىنى ھەم ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللارنى ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىدىغان پەن. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىگە تەبىر بېرىشكە توغرا كەلگەندە، مۇنداق تۆت نۇقتا ھەققىدە ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، جەمئىيەتشۇناسلىق — بىر پەن. يەنى، جەمئىيەتشۇناسلىقتا سىستېمىلىق كۆزىتىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىپىشلىگەن دەلىل - ئىسپاتلار ئاساسىدا مۇئەييەن بىر سوئالغا لوگىكىلىق يوسۇندا جاۋاب ئىزدىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار ئىلمىي تەتقىقات داۋامىدا ئەمەلىي پاكىتلارنى توپلاش ئۇچۇن سوغۇققانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ يوسۇندا ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ، ھېسسىياتقا بېرىلمەيدۇ. ئەرزىگۇدەك سوئالنى تېپىش — جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قەدەم. ئاندىن تەتقىقاتچى باشقا جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى ھەققىدە ئىزدىنىشى ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئەمەلىي دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ ياردىمىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، جەمئىيەتشۇناسلىق — ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىز ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن كەڭ بىر

ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ — مۇئەييەن بىر ئائىلىنىڭ، مۇئەييەن بىر دۆلەتنىڭ ئەزاسىمىز. ئاشۇ ئىجتىمائىي سىستېمىلار نىسپىي ھالدا بىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزنى بەلگىلەيدۇ ۋە ھاياتىمىزنى مۇئەييەن بىر تەرتىپكە سالىدۇ. ئادەملەرنى ئوراپ تۇرغان جەمئىيەت ئۇلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار بىر جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى، قانداق ئۆزگەرگەنلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشىدۇ.

ئۈچىنچى، جەمئىيەتشۇناسلىق — ئىجتىمائىي ئالاقىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. سىز مەلۇم بىر خىل ئۇسۇلدا بىرەر ئادەم بىلەن ئالاقە قىلسىڭىز، قارشى تەرەپمۇ مۇئەييەن بىر ئۇسۇلدا سىزگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئاشۇ ھەرىكەتلەر ۋە ئىنكاسلار ئىجتىمائىي ئالاقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ھاياتتا ئىختىيارىي، ئادەتتىكىچە ئالاقىلەرمۇ، رەسمىي، نورمال ئالاقىلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئىككى ئادەمنىڭ يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىشى بىلەن ئىككى دۆلەت زۇڭتۇڭىنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى ئوخشاشلا بىر ئىجتىمائىي ئالاقە شەكلى بولۇپ، مۇئەييەن بىر جەمئىيەتنىڭ كىچىككىنە كارتىنىسىنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە يۈرۈشۈش ئۇسۇللىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قوشۇپ قويۇش كېرەككى، بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز مەلۇم بىر جايدا ھەرىكەت قىلسا، ئۇ ئىجتىمائىي ھەرىكەت ھېسابلانمايدۇ. ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولۇش ئۈچۈن ئادەملەر باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغان بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، جەمئىيەتشۇناسلىق — ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. تار مەنىدىن جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزگىرىشنى تەتقىق قىلىدۇ، دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. ئىجتىمائىي ھايات

مۇئەييەن بىر ئەندىزە، مۇئەييەن بىر قۇرۇلما ئىچىدە داۋام ئەتسىمۇ، ھامان ئۆزگىرىش ھالىتىدە بولىدۇ. ھەتتا ھاياتىمىز-نىڭ ئومۇمىي كارتىنىسىدا جىق ئۆزگىرىش بولمىغان تەقدىر-دىمۇ بۈگۈنىمىز تۈنۈگۈنكىدىن پەرقلىنىشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى توت نۇقتا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە تەتقىقات دائىرىسى ھەققىدىكى ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ. ئەمما، شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى يۇقىرىدا دېيىلگەن بىرنەچچە نۇقتا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى شۇنچىلىك كەڭكى، يول ئۈستىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ پارىڭىدىن تارتىپ يەر شارىلىشىش مۇساپىسىگىچە بولغان نۇرغۇن تېما جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ كۆزىتىش دائىرىسىدە بولىدۇ.

## جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە قانداق ياردەم بېرىدۇ؟

بىز ئۆزىمىزنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا، ئېرىشكەن تونۇشلىرىمىز ئاساسىدا دۇنيانى چۈشىنىشكە تىرىشىمىز. جەمئىيەتشۇناسلىق بىزنى نېمىشقا ھازىرقى ھايات شەكلىگە ئېرىشكەنلىكىمىز، قانداق بولۇپ ھازىرقى كىملىككە ئىگە بولغانلىقىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە ھازىرغىچە توغرا، نورمال، تەبىئىي بىلىنىپ كەلگەن تونۇشلارنىڭ ۋە نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە بىز ھازىر كۆنگەن ھايات شەكلىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللار ۋە جەريانلارنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز جەمئىيەتشۇناسلىقنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتتىن دېرەك بېرىدىغان شەخسىي ھاياتىمىزنىڭ يۇرۇشۇشىدىكى مۇرەككەپ سىرلارنى ۋە

مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمىز. جەمئىيەتشۇناسلارچە ئويلىنىشنى ئۆگىنىش دېگەنلىك جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈش دېگەنلىكتۇر. جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش يالغۇز بىلىم ئېلىش جەريانىلا ئەمەس. جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ھاياتىنىڭ چۈشەكلىرىدىن ۋە بىر تەرەپلىمە تونۇشلىرىدىن خالىي بولالايدىغان ۋە مەسىلىنى كەڭرى دائىرىگە قويۇپ پىكىر قىلالايدىغان ئادەملەردۇر.

جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ، «جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەڭ دەسلەپتە ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى س. رايت مىللىس (1916 — 1962) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر دېگەنلىك كۈندىلىك ھاياتىمىز توغرىسىدا ئادەتلەنگەن، تەييار تونۇشىمىزدىن خالىي ھالدا ئويلىنىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، ئۆلۈۋېلىشتىن ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي ھادىسىنى مىسالغا ئالساق، بىر جەمئىيەتتە بىر ئادەم ئۆلۈۋالسا ئۇ بىر شەخسنىڭ مەسىلىسىدۇر. ئەمما، بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈۋالسا ئۇ ئومۇمنىڭ مەسىلىسى بولۇپ، شۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى مەسىلىلەردىن دېرەك بېرىدۇ. ھازىرغىچە بولغان جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، ئۆلۈۋېلىش نىسبىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان، تۇرمۇش رىتىمى تېز دۆلەتلەردە يۇقىرى، مۇسۇلمان ئەللىرىدە تۆۋەن ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. نېمىشقا بۇنداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىش بىزدىن جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش بىزگە مەدەنىيەتنىڭ كۈچىنى ھەم مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىمىز ئادەتلەنگەندەك بىرلا خىل بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ بىزگە ئۆزىمىزنىڭ نۇقتىسىدىن ھالقىغان ھالدا ئوبيېكتىپ، سوغۇققان پىكىر

قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. باشقىلارنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقى، قانداق مەدەنىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەنسەك، ئۇلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرىنىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. كۆپىنچە ھاللاردا بىزنىڭ ئادەتلەنگەن تونۇشلىرىمىز ئاساسىدا باشقىلار ھەققىدە چىقارغان ھۆكۈمىمىزگە چولتىلىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە مەسىلىگە بىر كۆز بىلەن قارىماسلىقنى، ئوبيېكتىپ يوسۇندا پىكىر قىلىشنى، باشقىلارغا قارىغۇلارچە باھا بەرمەسلىكنى ئۆگىتىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق بىزگە ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشى تونۇتىدۇ، بىزنى كىملىكىمىز ھەققىدە چوڭقۇرراق چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلىدۇ. ئۆزىمىزنى ئوراپ تۇرغان جەمئىيەتنى ياخشىراق چۈشەنسەك، كەلگۈسىمىزگە تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق يوسۇندا تەسىر كۆرسىتەلەيمىز. ئۆزىنى جەمئىيەتشۇناسلىق بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلىگەن ئادەملەر جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يېڭى بايقاشلىرىدىن خەۋەردار بولالايدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرگە تېخىمۇ ئوبيېكتىپ يوسۇندا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ھەرىكەتلىرىنى تەڭشىيەلەيدۇ. مەسىلەن، ھازىرغىچە غەرب ئەللىرىدە مۇھىت ئاسراش خاراكتېرىدىكى ئاممىۋى ھەرىكەتلەردە، مۇھىتنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكى مەلۇم.

سىياسەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۈنۈمىنى تەھلىل قىلىشقا ياردەم بېرىش — جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى كۆزلەپ يۈرگۈزۈلگەن سىياسەت ئەسلىدىكى مەقسەتلىرىگە يېتەلمەسلىكى ياكى كۈتۈلمىگەن ئاقىۋەت سادىر قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، نۇرغۇن ئادەملەر روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىنى روھىي كېسەللەرنى داۋالايدىغان جاي دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمما، ئامېرىكا جەمئىيەتشۇ-

ناسى ئېرۋىڭ گوفمان 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامې-رىكىدىكى بىرقانچە چوڭ دوختۇرخانىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىنىڭ بىمار داۋالاش مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى كېسەلنى ئېغىرلىتىۋېتىدىغانلى-قى، بۇنداق بولۇشىغا دوختۇرخانىدىكى خىزمەت قائىدىلىرى ۋە قائىدە ـ تۈزۈملەر سەۋەب بولغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ چىق-قان. ئەگەر بىز جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرساق، ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي دۇنياسى ھەق-قىدە ئىلگىرى ئويلاپمۇ باقمىغان يېڭىچە تونۇشلارغا ئىگە بولالايمىز ۋە ھەرىكەتلىرىمىزنى تەڭشىيەلەيمىز.

## جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى

پىسخولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاشلا جەمئىيەتشۇناسلىقمۇ غەربتە پەيدا بولغان ۋە غەربتە تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭدىن 250 يىل بۇرۇن جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن پەن تۇغۇل، بۇنداق ئۇقۇممۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ شەكىللىنىشىگە 18-، 19 ـ ئەسىردىكى غەرب دۇنياسىدا كۆرۈلگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر سەۋەبچى بولىدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ھېس قىلىپ بولالمايدىغان زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. كىشىلەر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىرىغا يېتەلمىدى. شۇ دەۋردىكى مۇتەپەككۇرلار ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ، قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئاشۇ قاراشلار ئاستا ـ ئاستا جۇغلىنىپ جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. فىرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيەدە ئەڭ ئاۋۋال بىر تۈركۈم مۇتەپەككۇرلار جەمئىيەتنى

ئوبيېكتىپ، سىستېمىلىق يوسۇندا تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، جەمئىيەتنى چۈشىنىشتە ئەنئەنىۋى ياكى بىر تەرەپلىمە تونۇشلارنىڭ ئورنىنى ئەقلىيلەشكەن، ھېسسىياتتىن خالىي تونۇشلار ئىگىلەشكە باشلىدى.

1789 ـ يىلى پارتلىغان فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئەنە شۇ ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولغان بىر قېتىملىق ئىنقىلاب بولدى. فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى فرانسىيەنىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي تەرتىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك بىر تاسقىغان، داۋالغۇتقان ئىنقىلاب بولدى، شۇنداقلا غەرب دۇنياسىدا زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىش مۇساپىسىنىڭ سىگنالىنى چالدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيەدە پارتلىغان سانائەت ئىنقىلابى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى يەنە بىر قەدەم ئالغا سىلجىتتى. بۇ ئىنقىلاب كىشىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتتى، جەمئىيەت تەرتىپىنى ۋە قۇرۇلمىسىنى يېڭىلىدى. مەسىلەن، پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن بىر كۈچلۈك ئېنېرگىيە ۋاستىسى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا پەيدا بولدى، پاراخوتلار دولقۇنغا ۋە شامالغا بېقىنىپ قېلىشتىن قۇتۇلدى؛ تۆمۈر يوللاردا پويىز ئارقىلىق مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان يولۇچىلار توشۇلىدىغان بولدى؛ شەھەرلەر كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي ياۋروپادا ئىجتىمائىي تەرتىپتىكى ۋە سانائەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، سىياسىي تەرتىپتىمۇ ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ھۆكۈمەتتە ئۆز ئاۋازىنى ياڭرىتالايدىغان بولدى.

فېئودال جەمئىيەتنىڭ ئەنە شۇ يوسۇندا ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭلا جەمئىيەتشۇناسلىق ئايرىم بىر پەن سۈپىتىدە شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ يېڭى پەننى بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتكەن، پۈتكۈل

ياۋروپادا غايەت زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولاتتى. فىرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر ئاۋگۇست كومت (1798 ـــ 1857) «جەمئىيەتشۇناسلىق» سۆزىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۆزىنىڭ «تەجرىبىچىلىك پەلسەپەسى» ناملىق تۆت توملۇق كىتابىدا بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. كومت سانائەت جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان ياۋروپانىڭ يېڭى ئىجتىمائىي تەرتىپىنى چۈشىنىش ئۈچۈن كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن پاكىتلار ئاساسىدا ھۆكۈم چىقىرىش كېرەكلىكىنى ۋە بۇ خىل ئېھتىياج ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت يېڭى بىر پەننىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرغىچە ئۆزىنى چۈشىنىش جەريانى دىنىي تونۇش، مېتافىزىك تونۇش ۋە ئىلمىي تونۇشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. ئىلمىي تونۇش ئوبيېكتىپ پاكىت ۋە سىستېمىلىق كۆزىتىشنى ئاساس قىلغان تونۇش بولۇپ، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى مۇشۇ خىل تونۇش بىلەنلا شەرھلەپ بەرگىلى بولاتتى. جەمئىيەتشۇناسلىق دەل ئىلمىي تونۇش ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان پەن. گەرچە ئاۋگۇست كومتنىڭ نۇرغۇن قاراشلىرى ھازىرقى جەمئىيەتشۇناسلىق ئۆلچىمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا گۆدەك ۋە ساددا بولسىمۇ، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ پەن بولۇپ شەكىللىنىشىدە ئۇنىڭ ئوينىغان رولىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

## جەمئىيەتشۇناسلىق پېشۋالىرى ۋە نەزەرىيە سىستېمىلىرى

ئاۋگۇست كومتتىن 20 يىل كېيىن تۇغۇلغان كارل ماركس سانائەت ئىنقىلابىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ

ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش دەپ ھېسابلىدى. كارل ماركسنىڭ قارىشىچە، سانائەت ئىنقىلابى كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە بارلىققا كەلگەن. كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى سەۋەبلىك ھاڭ پەيدا بولغان. مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئىپىزىلگۇچىلەر ئۆز تەبىئىتىدىن، مەھسۇلاتنىڭ ئۆزىدىن ۋە ئەتراپىدىكىلەردىن ياتلاشقان. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە ئىگە بولالمىغانلىقى سەۋەب بولغان. كارل ماركس كاپىتالىستلار بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىكى زىددىيەتنىڭ ئاخىرى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە، ئىنقىلابقا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. ئۇنىڭ بۇ پەرىزى يىگىرمىنچى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپ رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا ئىسپاتلاندى (كارل ماركس ھەققىدىكى بابقا قاراڭ). ماركسنىڭ نەزەرىيەلىرى توقۇنۇش نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

ئاۋگۇست كومت ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر يىلدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن فىرانسىيە مۇتەپەككۇرى ئېمىل دۇركىم (1858 — 1917) ئۇنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تۆھپە قوشتى. ئېمىل دۇركىمنىڭ قارىشىچە، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ئاسان ئۇيۇشالايدۇ، چۈنكى بۇنداق جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ئورتاق مەدەنىيەت ۋە قىممەت قارىشى ئاساسىدا بىرلىككە كېلەلەيدۇ. سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەردە بولسا كىشىلەر بىر - بىرىگە ئورتاق قىممەت قارىشى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى بېقىنغانلىقى ئۈچۈن يېقىنلىشىدۇ. سەۋەبى، بۇنداق جەمئىيەتلەردە پەرقلىق ئىش تەقسىماتى بويىچە ئىجتىمائىي كاتېگورىيەلەرگە ئايرىلغان ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە ھاجىتى چۈشىدۇ. دۇركىمنىڭ قارىشىچە، سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەردە سانائەتلىشىش جەريانى

ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەرنى يىمىرىپ تاشلىغان، ئەمما شۇنىڭغا ئەگىشىپ جەمئىيەتتە تاپتىن چىقىش، ئۆلۈۋېلىش هادىسىلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن. ئۇ بۇ خىلدىكى قاراشلىرىنى «ئۆلۈۋېلىش»، «ئىش تەقسىماتى»، «دىنىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكۈزدى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتا فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى (ئېمىل دۇركىم ۋە فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسى ھەققىدىكى بابلارغا قارالسۇن).

فىرانسىيەگە قوشنا گېرمانىيەدە ماكس ۋېبېر (1864 — 1920) ئىسىملىك بىر مۇتەپەككۇر ئېمىل دۇركىم بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بىر دەۋردە دېگۇدەك قەلەم تەۋرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «كاپىتالىزم روھى ۋە پىروتېستانت ئەخلاقى»، «ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بىلەن گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئۇلىنى سالدى. ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، سانائەتلىشىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر ئۇنۇم، نىشان ۋە پايدىنى قوغلىشىپ ھېسابچى، پۇرسەتپەرەس بولۇپ كېتىدۇ؛ ھېسسىياتچانلىق ئەمەس، ئەقلىيلىشىش ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئورگانلارغا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا چۈشىدىغان ئېھتىياج ئېشىپ، بيۇروكراتلىق ئەۋج ئالىدۇ. سانائەتلەشكەن، بيۇروكراتىك جەمئىيەتلەردە ياشىغۇچىلار ئاخىرى بيۇروكراتلىق ۋە باشقۇرۇش شەكلىنىڭ (ماكس ۋېبېر ئۇنى «تۆمۈر قەپەس» دەپ ئاتايدۇ) تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ چىن ئىنسانلىق سۈپىتىنى بارغانسېرى يوقىتىشقا باشلايدۇ. ماكس ۋېبېرنىڭ ئەسەرلىرىدە باشتىن ئاخىر ھەرىكەتكە يوشۇرۇنغان مەنىلەرنى شەرھلەش ئاساسىي تېما قىلىنغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى بىلەن كېيىن جەمئىيەتشۇناسلىقتا سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى (ماكس ۋېبېر، جورج مىد، ئېرۋىڭ گوفمان ھەققىدىكى بابلارغا

www.uyghurkitap.com

قارالسۇن).

كارل ماركس، ئېمىل دۇركىم، ماكس ۋېبېر باشچىلىقىدىكى ياۋروپا جەمئىيەتشۇناسلىقى ئامېرىكىغا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىلا تەسىر كۆرسەتتى. بۇ خىل تەسىر ئەڭ ئاۋۋال ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىقىغا ئاساس سالغان چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا زور بىر تۈركۈم قابىلىيەتلىك جەمئىيەتشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى ۋە ئۇلار بىر مۇنچىلىغان تالانتلىق ئاسپىرانتلارنى تەربىيەلىدى. چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتى شەھەر تەتقىقاتى ۋە سىمۋوللۇق ئالاقە ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن زور شۆھرەت قازاندى. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى جورج مىد (1863 — 1931) ئەنە شۇ سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم جەمئىيەتشۇناس ئىدى. جورج مىدنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ئۆزلۈكى باشقىلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا يېتىلىدۇ. رول، قىياپەت ۋە پاراڭ ئاشۇ ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئۈچ مۇھىم ئېلېمېنتى بولۇپ، ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك مەنىلەرنى، سىمۋوللارنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا ئادەملەر ھەر خىل روللارنى ئالىدۇ ۋە ئۆز ھەرىكىتىدە ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىنكاسىنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ. جورج مىدنىڭ قاراشلىرى كېيىن ئېرۋىڭ گوفمان، خېربېرت بلۇمېر قاتارلىق نەزەرىيەچىلەرنىڭ سىمۋوللۇق ئالاقە ھەققىدىكى نەزەرىيە سىستېمىلىرىنى تۇرغۇزۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى (جورج مىد ۋە ئېرۋىڭ گوفمان ھەققىدىكى بابلارغا قارالسۇن).

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس تالكوت پارسونس (1902 — 1979) فىرانسىيە مۇتەپەككۇرى

ئېمىل دۇركېمنىڭ نەزەرىيەلىرىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۆھپە قوشتى. فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسى بويىچە ئويلانغاندا، جەمئىيەت ھەر خىل ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ ماسلىشىپ يۈرۈشۈشى نەتىجىسىدە تەرتىپ ۋە ئىناقلىق ساقلىنىدىغان ماكرو قۇرۇلما. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ۋەزىپىسى بولسا جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان سىستېمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىپ بېرىشتۇر. جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سىستېمىلارنىڭ يۈرۈشۈشى ئىنساننىڭ ئىچكى ئورگانىزملىرىنىڭ يۈرۈشۈشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، بىز يۈرەكتىن ئىبارەت قان ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزانىڭ فۇنكسىيەسىنى چۈشەنمەكچى بولساق، يۈرەكنىڭ باشقا ئورگانىزملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، جەمئىيەتتىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى چۈشىنىش ۋە شەرھلەش ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ باشقا سىستېمىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ بېرىشىمىز كېرەك. فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسى ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشىنىڭ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشىدىكى رولىغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ (ئېمىل دۇركېم ۋە تالكوت پارسونىس ھەققىدىكى بابلارغا قارالسۇن).

توقۇنۇش نەزەرىيەسى بىر قىسىم جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىگە قارشى پىكىر قىلىشى ۋە كارل ماركس نەزەرىيەسىدىن ئىلھاملىنىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولدى. ئەنگلىيەلىك جەمئىيەتشۇناس رالف دارېندورف ۋە ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى لېۋىس كوزېر توقۇنۇش نەزەرىيەسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرى فۇنكسىيىزمچى نەزەرىيەچىلەرگە ئوخشاشلا

بىر جەمئىيەتتە قۇرۇلمىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ، ئەمما فۇنكسىيىزمچى نەزەرىيەچىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئورتاقلىقنى زىيادە تەكىتلىشىگە قارشى تۇرىدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرىنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەت ئارزۇ ـ ھەۋىسى، قىزىقىشى، مەنپەئەتى ھەر خىل بولغان ئىجتىمائىي توپلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ھەر خىل مەنپەئەت، ھەر خىل قىزىقىش بولىدۇ دېگەنلىك ـــ زىددىيەتنىڭ ئۇرۇقى بار دېگەنلىكتۇر. جەمئىيەتتە ھامان مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپتىكىلەر يەنە بىر ئىجتىمائىي توپتىكىلەردىن جىقراق مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ، تەڭسىزلىك تۈگىمەيدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرى بىر جەمئىيەتتىكى مەنپەئەتكە ئېرىشكەن ئىجتىمائىي توپ بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىگەن توپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە كونترول مۇناسىۋىتىنىڭ بىر جەمئىيەتتە قانداق يىلتىز تارتىدىغانلىقى ۋە قانداق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە تىرىشىدۇ (كارل ماركس ۋە توقۇنۇش نەزەرىيەسى ھەققىدىكى بابلارغا قاراڭلار).

بىز جەمئىيەتشۇناسلىقتا ھەر خىل بەس ـ مۇنازىرىنى، پەرقلىق نەزەرىيەۋى مۇھاكىمىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، نەزەرىيەلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران قالىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاز كەم ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلگىنىنى ۋە ھاياتى كۈچىنىڭ زورلۇقىنى دەلىللەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقتا ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر نەزەرىيە سىستېمىسى مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ئەمەس. ئىنسان ھەرىكىتىگە يۈكلەنگەن مەنىلەرنى، ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ، قۇرۇلمىلارنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە شەرھلەشتە جەمئىيەتشۇناسلار ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە ئەزەلدىن تۈگىگەن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن بىز جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئۆگەنگەندە، ھەر بىر نەزەرىيەنى بىر قورال،

توغرىراقى نەزەرىيەۋى قورال دەپ چۈشىنىشىمىز، ئەمما مەلۇم بىر نەزەرىيەگە ئەل بولۇپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. ئىجتىمائىي ھاياتتا ھەر بىر ئەسۋابنىڭ ياكى قورالنىڭ ئايرىم رولى بولىدۇ. مەسىلەن، دېھقانچىلىقتا كەتمەن، گۈرجەك، ئارا، ئوتىغۇچ، ئورغاق قاتارلىقلارنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىدىغان ئورنى ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، جەمئىيەتشۇناسلىقتا فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسى، سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسى ۋە توقۇنۇش نەزەرىيەسى بىزنىڭگە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ياردەم بېرىدۇ، بىزنى بىر مەسىلىگە ھەر خىل نۇقتىدا تۇرۇپ قاراشنى ئۆگىتىدۇ. كېيىنكى بابلاردا بىز زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

**نەقىل مەنبەلىرى:**


1. ئانتونى گىددىنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق»، 2001 ـ يىلى 4 ـ نەشرى.

Anthony Giddens . 2001 . sociology (4th Edition)
Cambridge: polity press

2. س. رايت مىللىس: «جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر»، 1970 ـ يىلى نەشرى.

C . Wright Mills . 1970 . sociological Imagination .
Oxford: Oxford University Press .


**تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| Anthony Giddens | ( — 1938) | ئانتونى گىددىنس |
| C . Wright Mills | (1961 — 1916) | س. رايت مىللىس |
| Auguste Comete | (1857 — 1798) | ئاۋگۇست كومت |
| Karl Marx | (1883 — 1818) | كارل ماركس |
| Emile Durkeim | (1917 — 1858) | ئېمىل دۇركىم |
| Max Weber | (1920 — 1864) | ماكس ۋېبېر |
| Herbert Blumer | (1989 — 1900) | خېربېرت بلۇمېر |

Erving Goffman (1982 — 1922) ئېرۋىڭ گوفمان
Talcott Parsons (1979 — 1902) تالكوت پارسونس
Ralf Dahrendorf ( — 1928) رالف دارېندورف
Lewis Coser (2001 — 1913) لېۋىس كوزېر

تېكىستتىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە - خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Sociology 学社会 جەمئىيەتشۇناسلىق
Sociologist 社会学家 جەمئىيەتشۇناس
جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر
Sociological I magination 社会想象力
Social structure 社会结构 ئىجتىمائىي قۇرۇلما
Social Interaction 社会交往 ئىجتىمائىي ئالاقە
Social Change 社会变途 ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش
Traditional Societies 传统社会 ئەنئەنىۋى جەمئىيەت
سانائەتلەشكەن جەمئىيەت
Industrial societies 工业化社会
Functionalism 功能主义 فۇنكسىيىزم
سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسى
Symbolic Interactionism 互动理论
Conflict Thear 冲突理论 توقۇنۇش نەزەرىيەسى

## ئىككىنچى باب

# كارل ماركس (1818 — 1883) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى: بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما

### نېمە ئۈچۈن كارل ماركس ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

كارل ماركس فرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر ئېمىل دۇركىم، گېرمانىيەلىك مۇتەپەككۇر ماكس ۋېبىر بىلەن بىر قاتاردا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئۈچ پېشۋاسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ بۈگۈنكى دۇنيا ھەققىدە ناھايىتى چوڭقۇر ئانالىز يۈرگۈزگەن ۋە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، سىياسىي ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. كارل ماركس بىر دۆلەتنى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى يۇرۇشتۇرۇۋاتقان كۈچنىڭ مەنبەسىنى ئىقتىسادقا باغلاپ چۈشىنىدۇ. غەربنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا ھېچقانداق بىر مۇتەپەككۇر شۇنچە كۆپ ئادەمنى كارل ماركستەك ئۆزىگە ۋە ئىدىيەلىرىگە ئەگەشتۈرۈلمىگەن. ھازىر دۇنيا ئىجتىمائىي پەنلەر، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدىكى تالايلىغان مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار ھېلىھەم كارل ماركسنىڭ پىكىر يولى بويىچە ئىزدىنىشلىرىنى داۋام ئەتمەكتە؛ يەنە نۇرغۇن مۇتەپەككۇر ئۇنىڭ ئىدىيەلىرىگە يېتىش ياكى يېڭىلاش شەكلىدە ۋارىسلىق قىلماقتا. سەۋەبى، ئۇ زامانىۋى دۇنيانىڭ يۇرۇشۇشىدىكى موتور ھېسابلانغان ئىقتىساد

ۋە كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر يېشىپ بەرگەن. كارل ماركسنىڭ ئىدىيەلىرى جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق، مەدەنىيەت تەتقىقاتى، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەردىكى بىر مۇنچىلىغان مۇھىم نەزەرىيەلەرنىڭ ۋە پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ئۇلىنى سالغان.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

كارل ماركس 1818 - يىلى گېرمانىيەدە تۇغۇلغان ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە بولغان پۈتۈن تەربىيەنى شۇ يەردە ئالغان. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ژىننىي ئىسىملىك بىر ژۇرنالىست قىز بىلەن توي قىلغان. ئەمما گېرمانىيەدە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالماي، 1843 - يىلى پارىژغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە شۇ يەردە نۇرغۇن سوتسىيال ئىنقىلابچىلار بىلەن بىر قاتاردا فرېدېرىخ ئېنگېلس بىلەن تونۇشقان. ئۇلارنىڭ تونۇشۇشى دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش بولغان. كارل ماركس بىلەن ئېنگېلس نۇرغۇن ئەسەرلەرنى بىرلىكتە يازغان، بىرىنچى، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئۇلىنى سالغان.

1845 - يىلى كارل ماركس سىياسىي تۈسى قويۇق يازمىلىرى سەۋەبلىك فرانسىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان ۋە بېلگىيە پايتەختى بېريۇسېلغا كېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. كېيىن ياۋروپانى بىر مەزگىل ئايلانغاندىن كېيىن، 1849 - يىلى لوندونغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ھاياتىنىڭ كېيىنكى قىسمىنى ئاساسەن دېگۈدەك نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، كۆپ قىسىم ۋاقىتلاردا فرېدېرىخ ئېنگېلسنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن.

كارل ماركسنىڭ ئاساسلىق ئىلھام مەنبەسى گېرمان پەيلاسوپى گېگىل. گېگىلنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىقتا كۆرسەتكەن تەسىرى كارل ماركس ئارقىلىق روياپقا چىققان. گېگىل ئۆزىنىڭ «تارىخ پەلسەپىسى»ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئۇي ۋە پىكىرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتىكى رولىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. گېگىلنىڭ نەزىرىدە، تارىخ ھەقىقەت توغرۇلۇق ئەقلىي يوسۇندا ئىزدىنىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن دىيالېكتىك جەرياندۇر. كارل ماركس گېگىلنىڭ نۇرغۇن ئىدىيەلىرىگە تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلغان. جۈملىدىن گېگىل ئىدىيەلىرىنى دۇم كۆمتۈرۈش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى ياراتقان. ماركسنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلاب پەيدا قىلىدىغىنى ئىدىيە ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادتۇر. كارل ماركس 1883 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

كارل ماركسنىڭ ھاياتىدا يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرىدىن «ئىقتىساد ۋە پەلسەپە تېزىسلىرى» (1844 ـ يىلى)، «گېرمان ئىدېئولوگىيەسى» (1845 ـ يىلى، فرېدېرىخ ئېنگېلس بىلەن بىللە يازغان)، «پەلسەپىنىڭ ئاجىزلىقى» (1847 ـ يىلى)، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» (1848 ـ يىلى)، «كاپىتال» (ئۈچ توم، 1867 ـ، 1885 ـ، 1894 ـ يىللار) قاتارلىقلار بار.

## ياتلىشىش ھەققىدە

ياتلىشىش ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ خاسلىقىدىن ۋە باشقىلاردىن يىراقلىشىش جەريانىدۇر. بۇ ئەسلىدە گېگىل، فېيېرباخ پەلسەپىلىرىدە ئانالىز قىلىنغان ئۇقۇم بولۇپ، كارل ماركس ئۇنىڭغا جەمئىيەتشۇناسلارچە تۈس ۋە مەنە ئاتا قىلغان ۋە

1844 ـ يىلى يازغان «ئىقتىساد ۋە پەلسەپە تېزىسلىرى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە كەڭرى توختالغان. كارل ماركسنىڭ قارىشىچە، گېگېل مېھنەتنى ئادەمنىڭ ماھىيىتى دەپ چۈشىنىدۇ ۋە ئۇنى پىكرىي مېھنەتكە باغلاپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مېھنەت ياكى ئەمگەك يالغۇز ئابستراكت پىكىر قىلىشنىلا كۆرسەتمەيدۇ. ئەمگەك — ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن قىممەت يارىتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان ھەمكارلىق پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

كارل ماركسنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ياتلىشىشىنىڭ مەنبەسى ئۇنىڭ ئىنسانلىق ماھىيىتىنى ئىنكار قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا بولىدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ قىلغان ئەمگىكىدە ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لېكىن، ئىقتىسادىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا، ئەمگەك ئىگىسى ئۆز مېھنىتىنىڭ نەتىجىسىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئادەم ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى كۆرەلمىگەندە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياتلىشىش كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئەمگەكنىڭ ماددىيلىشىش جەريانى كاپىتالىزم شارائىتىدا بارلىققا كېلىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، بىر ئىجتىمائىي توپ ھېسابلانغان كاپىتالىستلار باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنىڭ قەنتىنى چاقىدۇ. مانا بۇ ياتلىشىشنىڭ مەنبەسىدۇر.

كارل ماركسنىڭ قارىشىچە، ياتلىشىش مۇنداق تۆت خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئەمگەك ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ياراتقان مەھسۇلاتتىن ياتلىشىدۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى باشقىلار ئىگىلىۋالغان بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئەمگەك ئىگىسى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ھەرىكەتتىن ياتلىشىدۇ. سەۋەبى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولالمىغىنى ئۈچۈن ئىشلەش داۋامىدا

ئىچكى قانائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمگىكى تاشقى چەكلىمىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ۋە تاۋارغا ئايلىنىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئەمگەك ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتىدىن ياتلىشىدۇ. چۈنكى، ياتلىشىشنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى خىل شەكلى ئۇنى ماشىنىلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ تۆتىنچى، ئەمگەك ئىگىسى ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن ياتلىشىدۇ. سەۋەبى، كاپىتالىزم ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تاۋار مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ئادەملەر ئىنسانىي سۈپىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئورنى ئارقىلىق باھالىنىدۇ. ئادەملەر بىر - بىرىگە ئادەم سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى تاۋار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

كاپىتالىستىك ئىگىلىكتە كاپىتال ياتلىشىشنىڭ ئېغىرلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. سەۋەبى، كاپىتال يىغىش داۋامىدا ئادەملەر كاپىتالدىن باشقا نەرسىنى تونۇمايدىغان بولىدۇ. ئەمگەك ئىگىلىرى كاپىتالىستلار ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋاستىگە ئايلىنىدۇ. كارل ماركستىن كېيىن، ياتلىشىش دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ھەجمى كېڭىيىپ، ئۇ ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىشى، ئەخلاقىي يىمىرىلىش تۇيغۇسى، ئاجىزلىق، پاناھسىزلىق تۇيغۇسى، بيۇروكرات تەشكىلاتلاردا ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشى قاتارلىق نۇرغۇن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولدى.

## تارىخ، ئۆزگىرىش ۋە تارىخىي تەرەققىيات

كارل ماركسنىڭ قارىشىچە، تارىخنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ۋە تەرەققىياتلارنى

بارلىققا كەلتۈرۈلگەن پرىنسىپلارنى بايقىغىلى بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆزگىرىش ھەققىدە يەكۈنلىگەن تەجرىبىسى ئەمەلىيەتتە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلىدۇر. بىر جەمئىيەتتە روشەن ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، بۇنداق چاغلاردا بەزى ئادەملەر نەزەرىيەۋى قورال بىلەن، بەزى ئادەملەر رەسمىي قورال - ياراغ بىلەن قوراللانغان بولىدۇ. ماركسنىڭ قارىشىچە، ئادەملەرنىڭ بارلىق ئىدىيەسى ئۇلار ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتلارنىڭ مەھسۇلىدۇر. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئادەملەر جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋردىمۇ ئۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمەيدۇ ۋە ئۆز تەبىقىسىنىڭ ئارزۇ - ھەۋىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ دەۋرىدىن ھالقىيالايدۇ ۋە ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي توپقا ئائىت بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن خالىي بولالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «گېگېلنىڭ ھوقۇق پەلسەپىسىگە تەنقىد» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «پەلسەپە ئۆزىنىڭ ماددىي قورالىنىڭ ئىنىكلىگۈچىلەردە ئىكەنلىكىنى بايقىغىنىغا ئوخشاشلا، ئىنىكلىگۈچىلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي قورالىنىڭ پەلسەپىدە ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.»

كارل ماركسنىڭ نەزىرىدە ھەرقانداق تارىخ، جۈملىدىن مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى ئادەملەردىكى ياتلىشىشنى تۈگىتىش، ئۇلارنى ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ غوجىلىرىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بىرلا نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدىكى ھەربىر مۇھىم باسقۇچ ھامان بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرغان چۈشەكلەردىن قۇتۇلۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەندە بارلىققا كېلىدۇ.

## ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي قاتلام

ئادەمنىڭ ھاياتتىكى ئاساسلىق رولى ئۇنىڭ ئىجادكار ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەملەر تەرىپىدىن يارىتىلغان مەھسۇلاتلار ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئىقتىسادنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىدۇ. ماركسنىڭ نەزىرىدە دەل مۇشۇ تەرەپ بىر جەمئىيەتنىڭ يۈرۈشۈشىدە ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بىر جەمئىيەتتە بەزىلەر باي، بەزىلەر نامرات بولسا، بۇ دەل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ھاسىلاتىدۇر. بۇ جەرياندا ئىجتىمائىي قاتلام، تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي توپ پەيدا بولىدۇ. مۇئەييەن بىر تەبىقىگە ياكى قاتلامغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەر ئىجتىمائىي سىنىپ دەپ ئاتىلىدۇ. بىر پىشقان كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئاساسلىقى ئىككى خىل سىنىپ بولىدۇ. بىرى كاپىتالىستلار بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ئېزىلگۈچىلەر ياكى پرولېتارلار بولۇپ، ئەمگىكىدىن باشقا ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايدۇ.

## سىياسىي، ئىقتىساد، ئۇستقۇرۇلما ۋە بازىس

كارل ماركسنىڭ نەزىرىدە، دۇنيانىڭ سىرلىق ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە لازىم بولىدىغان ھالقىلىق ئامىل ئىقتىسادتۇر. بۇ — كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادقا بولغان باغلىنىش مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى بەلگىلەيدۇ دېگەنلىكتۇر. ئىقتىساد بىر جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق قاتلىمىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئىقتىسادىي جەريان بىر جەمئىيەتنىڭ

www.uyghurkitap.com

سىياسىتىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مائارىپ تۈزۈلمىسى، پەلسەپۋى ئىدىيەلىرى، ياشاش جەريانى ۋە دىنىي تونۇشلىرىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. كارل ماركس مۇنداق يازىدۇ: «كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بىر توپنىڭ ئىدىيەسى ھەر ۋاقىت يېتەكچى ئىدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» شۇڭلا ئەمەلىيەتتە سىياسىي دەل ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە شەكىللىنىشىنىڭ يوشۇرۇن ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كاپىتالىستلار ھۆكۈمران ئورۇندا بولغىنى ئۈچۈن، بىر جەمئىيەتنىڭ سىياسىيسى ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر جەمئىيەتتىكى ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي توپلار ئوتتۇرىسىدا گارمونىك ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ كەم بولۇشى ئەمەلىيەتتە ئارىدىكى پەرقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

كاپىتالىستىك دۆلەتتىكى ھوقۇق، رەھبەرلىك قاتلىمى ۋە تۈزۈم ئاخىرقى ھېسابتا كاپىتالىزمنىڭ ماھىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە سىياسىيونلار كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان قارارلارنى چىقىرالمايدۇ. كارل ماركسنىڭ قارىشىچە، «ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۆز جەمئىيىتىدىكى بۇرژۇئا قاتلىمىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر.»

## سىنىپىي ئاڭ ۋە سىياسىي ھەرىكەت

كارل ماركس نەزەرىيەلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتا — ئۇنىڭ سىنىپىي ئاڭ ھەققىدىكى بايانلىرىدا بولسا كېرەك. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سىنىپىي ئاڭ دېگەنلىك بىر ئىجتىمائىي توپقا تەۋە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى

ھەققىدە كەلگەن بىر دەك تونۇش دىگەنلىكتۇر. كارل ماركس ئۆزىنىڭ «گىرمان ئىدىئولوگىيەسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «پەرقلىق كىشىلەر بىر سىنىپ پەيدا قىلىدۇ ۋە يەنە بىر سىنىپقا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، ئاشۇ بىر سىنىپ ئىچىدىكى كىشىلەر ئۆز ئورنىدا زىددىيەتلىشىدۇ ياكى رىقابەتچىلەرگە ئايلىنىدۇ.» سىنىپنى ئاڭنىڭ ئاساسلىق ئىككى ئاملى ئورتاق بىر ئىجتىمائىي توپقا تەۋە كىشىلەرنىڭ قارشى توپتىكىلەر ھەققىدىكى ئورتاق تونۇشى ۋە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈشىدىكى ئورتاق ئارزۇسىدۇر. سىياسىي تەشكىلاتلار دەل سىنىپىي ئاڭ يېتىلدۇرۇشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كارل ماركس ۋەكىللىكىدىكى ئىدىيە ئېقىمى ماركسىزم دەپ ئاتىلىدۇ. نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار ماركسىزمنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىتالىيەلىك مۇتەپەككۇر ئانتونىئو گىرەمشى، فىرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر لۇئىس ئالسۇسىر ۋە فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىدىكى تېئودور ئاردورنو، گېئورگ لۇكاس، خېربېرت ماكس، يۈرگېن خابېرماس قاتارلىقلار مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنى ئايرىم بابتا تونۇشتۇرىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت كارل ماركسنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئانتونىئو گىرەمشى ۋە لۇئىس ئالسۇسىر بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

## ماركسنىڭ ۋارىسى: ئانتونىئو گىرەمشى

ئانتونىئو گىرەمشى (1891 ــ 1937) ئىتالىيەلىك ماركسىزمچى بولۇپ، ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن، مۇسسولىنى دەۋرىدە ئون يىل تۈرمىدە ياتقان

ۋە تۈرمىدە خاتىرە يېزىشنى توختاتمىغان. بۇ خاتىرىلىرى كېيىن «تۈرمە خاتىرىلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنىپ تەسىر قوزغىغان. ئۇ 20 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەڭ مۇھىم ماركسىزمچى مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ كارل ماركسنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ئەمما، ئۇنىڭ ھەممىنى ئىقتىسادقا باغلاپ قويىدىغان قارارچىلىقىنى رەت قىلغان. سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيەنىڭ ئىقتىسادنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئوخشاشلا كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆز شارائىتلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

گرەمشىنىڭ قارىشىچە، سىنىپىي زۇلۇم نوقۇل ھالدا دۆلەتنىڭ زوراۋانلىقىغا ياكى ئىقتىساد مۇناسىۋەتلىرىگە تايىنىپلا يۈرگۈزۈلمەستىن، بەلكى مەلۇم دەرىجىدە پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ قوبۇل قىلىشى نەتىجىسىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ ھەمدە ئېكسپلاتاتسىيە ئارىلاشقان سىنىپىي مۇناسىۋەتنى قانۇنلۇق ۋە نورمال كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىدېئولوگىيە ۋە سىياسىينىڭ مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بىر جەمئىيەتتە رادىكال ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ئانتونىئو گرەمشىنىڭ تەزىرىدە ئاڭغا ئايلانغان تونۇشتا ئىنقىلابقا مايىل ئېلېمېنتلار بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭمۇ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنى چوقۇم سەرخىللار يۈكسەك بىر نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ئىنقىلابىي ئاڭنى تولۇق قوزغىماي تۇرۇپ بىر جەمئىيەتتە تۈپكى ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئاڭنى يېتىلدۈرۈش ۋە قوزغاشتا پارتىيەنىڭ رولى زور.

## ماركسىنىڭ ۋارىسى: لۇئىس ئالسۇسېر

لۇئىس ئالسۇسېر (1918 ــ 1990) فىرانسىيەلىك ماركسىزمچى مۇتەپەككۇر بولۇپ، بۈگۈنكى زامان جەمئىيەتشۇناسلىقىغا تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدىن تەسىر كۆرسەتكەن.

بىرىنچى، ئۇ كارل ماركسنىڭ ئۇستقۇرۇلما ۋە بازىس ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يېڭىلاشقا تىرىشقان ۋە ماركسنىڭ نوقۇل ھالدىكى «ئىقتىساد ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن قارىشىغا جەڭ ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ نەزىرىدە، سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي بازىسنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي مەۋجۇتلۇقنىڭ شەرتلىرىدۇر؛ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئىقتىساد، ئىدېئولوگىيە ۋە سىياسىي ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئىككىنچى، ئالسۇسېر ئىدېئولوگىيە ئۇقۇمىنىڭ ماھىيىتىنى قايتىدىن شەرھلەشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئىدېئولوگىيە ماركس ئېيتقاندەك كىشىلەرنىڭ رېئاللىقنى ھەقىقىي يوسۇندا تونۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى رېئال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى ئەمەلىيەتتۇر.

ئۈچىنچى، ئالسۇسېر سۇبيېكت ۋە قۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى جەمئىيەتشۇناسلارچە مۇلاھىزىلەرگە جەڭ ئېلان قىلغان ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ كۈچىنى زىيادە تەكىتلەپ، شەخسنىڭ كۈچىگە سەل قارايدىغان نەزەرىيەلەرگە قارشى تۇرغان. مەسىلەن، ئۇ ماركستىنىڭ سىنىپ ھەققىدىكى قاراشلىرىنى رەت قىلغان. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئادەم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئىگىلىرى ياكى ئىجراچىلىرىدۇر.

تۆتىنچى، ئالسۇسېر «دۆلەتنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك ئاپپاراتلىرى» دېگەن ئۇقۇمنى نەزەرىيەلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇنداق ئاپپاراتلار جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە يۈرۈشۈش قانۇنىيىتى ھەققىدە خاتا تونۇش پەيدا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، مەكتەپ قاتارلىقلار بۇ رولنى ئۆتەيدۇ.


نەقىل مەنبەلىرى:

1. روبېرت تاكېر تۈزگەن «ماركس ـ ئېنگېلس ئوقۇشلۇقى»، 1978 ـ يىلى نەشرى.

Robert C. Tuker, 1978. The Marx — Engles Reader New york: Norton Company

2. ئانتونى ئورۇم: «سىياسىي جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 ـ يىلى نەشرى.

Anthony M. Orum. 2004. Intoduction to political sociology. Beijing: Beijing university Press

3. نىكولاس ئالببېركرومبى، ستېفېن خىل ۋە برىيان تۇرنېر باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جەمئىيەتشۇناسلىق لۇغىتى»، 2006 ـ يىلى 5 ـ نەشرى.

Nicholas Abercronmbie, Stepken Hill, Bryan S. Turner. 2006. Dictionary of sociolosy. London: Penguin Books


**تېكست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| Karl Marx | (1883 — 1818) | كارل ماركس |
| Anthonio Gramsci | (1937 — 1891) | ئانتونىئو گىرەمشى |
| Louis Althusser | (1990 — 1918) | لۇئىس ئالسۇسېر |

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە - خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

lienation 异化 ياتلىشىش

Dialectic principle 辩证法原则 دىئالېكتىك پىرىنسىپ

سۇبيېكت ۋە قۇرۇلما

Agency and structure 人类与结构

Sunplus value 乘除价值 قوشۇمچە قىممەت

تارىخىي ماتېرىيالىزم

Historical Materialism 历史唯物主义

Political Economy 政治经济 سىياسىي ئىگىلىك

Mode of production 生产方式 ئىشلەپچىقىرىش شەكلى

Ruling class 统治阶级 ھۆكۈمران سىنىپ

class 阶级 سىنىپ

Bourgeois class 中产阶级, 资产阶级 بۇرژۇئازىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

# ماكس ۋېبېر (1864 ــ 1920): ھەرىكەت ۋە ئەقلىيلىشىش

### نېمە ئۈچۈن ماكس ۋېبېر ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

ماكس ۋېبېر كارل ماركس ۋە ئېمىل دۇركىم بىلەن بىر قاتاردا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئۈچ مۇھىم پېشۋاسى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئىقتىساد، تارىخ، قانۇن، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ دائىرىدە ئىزدىنىپ، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مۇھىم جەمئىيەتشۇناس. جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودولوگىيەسىدە، ئۇ تەتقىقاتتا بىتەرەپ ۋە ئوبيېكتىپ مەيداندا تۇرۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ھەققىدە بىر قاتار پىشقان قاراشلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. جەمئىيەتشۇناسلىقتا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ھەرىكەت نەزەرىيەسىدە بولسا، ئادەملەرنى ئىجتىمائىي سىستېمىلارغا باغلاپ تۇرغان كۈچنىڭ نېمىلىكى ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى مودېلىنى تۇرغۇزۇپ بەرگەن. ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي سىستېمىلار ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ نۇسخا ـ قېلىپلىرىدۇر. شۇڭا، ئىجتىمائىي سىستېمىلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت ئىجراچىسى ئۆز ھەرىكىتىگە يۈكلىگەن مەنىلەرنى شەرھلەپ بېرىش كېرەك. بۇ

نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا مۇتلەق بىتەرەپ ۋە ئوبيېكتىپ مەيداندا تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىزنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي ھايات سۇبيېكتىپ مەنىلەرنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن بىزنى ئىچىگە چۆكۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

ماكس ۋېبېر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى، ئىقتىسادشۇناسلىق تارىخى، كاپىتالىزم ۋە قانۇن ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، سانائەتلەشكەن كاپىتالىستىك جەمئىيەتلەردە تەنتەرخ، پايدا ۋە ئۈنۈم زىيادە ئىنچىكىلەپ ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەقلىيلىشىش زورۇرىيىتى تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بيۇروكراتىك تەشكىلاتلار، جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى بارغانچە ئىسكەنجىگە ئالىدىغان «تۆمۈر قەپەسلەر» پەيدا بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىنسانلىق ماھىيىتى بىلەن ياشىشى تەس.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ماكس ۋېبېر 1864 ـ يىلى گېرمانىيەدە باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش ۋاقتىدا ئاۋۋال خايدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، كېيىن بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. پەلسەپە، تارىخ، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردە كەڭرى ئىزدەنگەن. زاماندىشى گېئورگ زىممېل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۆز دەۋرىدىلا ئېتىراپ قىلىنغان ۋە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان، ياش ۋاقتىدىلا خايدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1897 ـ يىلى دادىسى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق تاكاللىشىشتىن كېيىن، پسىخىكىسىدا بىنورماللىق كۆرۈلۈپ روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان، 1903 ـ يىلى

سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن ۋە يېزىقچىلىقىنى داۋاملاشتۇرغان. ئىلمىي سورۇنلاردا نۇرغۇن لېكسىيەلەرنى سۆزلىگەن. 1920 ـ يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر گېرمانىيەدە زور شۆھرەت قازىنىپ، ئالدىنقى قاتلامدىكى مۇتەپەككۇرلار قاتارىدا ھۆرمەتلەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «پىروتېستانت ئەخلاقى ۋە كاپىتالىزم روھى» (1904 ـ يىلى)، «ئىجتىمائىي پەن مېتودولوگىيەلىرى» (1904 — 1917 ـ يىللار)، «جۇڭگونىڭ دىنى» (1915 ـ يىلى)، «دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى» (1922 ـ يىلى)، «ئومۇمىي ئىقتىساد تارىخى» (1923 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار. ئۇ ئەسەرلىرىدە كارل ماركس بىلەن فرېدېرىخ نىچشېنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان.

## جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودى

ماكس ۋېبېرنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىققا دائىر تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرىشتىكى مېتودى يېڭى كانتىزم دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى، ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودى ھەققىدىكى ئەسىرىدە كانتنىڭ پىكىر يولىنى ئىزچىللاشتۇرغان. ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنسان ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇنىۋېرسال قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى يەكۈنلەپ چىقالايدۇ، ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ كۈچىگە يۈقىرى باھا بېرىدۇ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ھەققىدە باھا چىقىرىدىغان پىرىنسىپلارنى تەمىن ئېتەلەيدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئىنسان ھەرىكىتىگە يۈكلەنگەن مەنىلەرنى يېشىپ بېرىش. مېتودولوگىيە نۇقتىسىدىن ماكس ۋېبېر ئاۋگۇست

كومت ۋە ئېمىل دۇركىم ۋەكىللىكىدىكى تەجرىبىچىلىك مېتودىنى رەت قىلىدۇ، ئەمما ئىستاتىستىكىلىق سان ـ سېپىرلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى رولىنى چەتكە قاقمايدۇ.

## ئەقلىيلىشىش ۋە ھەرىكەت

ماكس ۋېبېر ئۆز ئەسەرلىرىدە غەرب كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئەقلىيلىشىشنىڭ ئاساسلىق يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەقلىيلىشىش ــ ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەر بىر ساھەسىدە ئېنچىكە ھېسابىنى ۋە باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش جەريانىدۇر. ماكس ۋېبېر ئەقلىي قارار چىقىرىشنىڭ زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدا زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي، دىنىي، ئىقتىسادىي تەشكىلات، ئۇنىۋېرسىتېتلاردىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەقلىيلىشىش جەريانىنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى ئاخىر بىيۇروكراتلىقنىڭ «تۆمۈر قەپىسى»گە سولاپ قويىدىغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. ماكس ۋېبېر مۇنداق يازىدۇ: «كارخانىلارنىڭ تەشكىلات قۇرۇلمىسىدىكى تەرەققىيات ئەمەلىيەتتە بىيۇروكراتىك تۈسكە ئىگە باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىدۇر.»

غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئەقلىيلىشىشى پىروتېستانت ئەخلاقى روياپقا چىقارغان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. كاپىتالىزمنى پىروتېستانت دىنىنىڭ نەتىجىسى دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، پىروتېستانت دىنى كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئەقلىي ھەرىكەت، ئۆزگىچە تايىنىش، قاتتىق مېھنەت ۋە خاسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەدەنىيەت بىلەن تەمىن ئەتكەن.

ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي پەننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەرىكەتكە يۈكلەنگەن مەنىنى يېشىپ بېرىش. ئۇ ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنى تۆت تۈرگە بۆلىدۇ. بىرىنچىسى، ئەنئەنىۋى ھەرىكەت؛ ئىككىنچىسى، ھېسسىياتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغان ھېسسىي ھەرىكەت؛ ئۈچىنچىسى، ئاخىرقى نىشانىنى مەقسەت قىلغان مەقسەتلىك ھەرىكەت؛ تۆتىنچىسى، ئەقلىيلەشكەن ھەرىكەت. ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى ئىككى تىپىلا ئەقلىيلىشىشنىڭ شەرتلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ. ھازىرقى زامان غەرب جەمئىيىتى ئەنە شۇنداق ئەقلىيلەشكەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، ئەنئەنىۋى ھەرىكەت مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا ئورۇنلانغان ھەرىكەتتۇر. نىشانلىق ھەرىكەت ياكى مەقسەتلىك ھەرىكەت بولسا ئۈنۈمنى كۆزلەپ ئورۇنلانغان ھەرىكەتتۇر. بىر جەمئىيەت زامانىۋىلىققا قاراپ يۈرۈش قىلغانسېرى ئۇنىڭ ئەزالىرى نىشانلىق ھەرىكەتكە مايىل بولىدىغان بولىدۇ. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە يېزىلاردا ياشايدىغانلارغا قارىغاندا زامانىۋى جەمئىيەتلەردە شەھەرلەردە ياشايدىغانلارنىڭ ئىنچىكە ھېسابقا «ئۇستا» بولۇپ كېتىشى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن.

ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە زامانىۋىلىققا قاراپ يۈرۈش قىلغانسېرى ئۇ جەمئىيەتتە مەنە ئاز قالىدۇ. سەۋەبى، زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىش دېگەنلىك مەمۇرىيەتنى ۋە تورلاشقان بيۇروكراتىك تەشكىلاتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە تايىنىش دېگەنلىكتۇر. بيۇروكرات تەشكىلاتلاردا مەنىۋى سۈپەت ۋە ئالىيجانابلىق ئەمەس، ئۈنۈم ۋە ئەقلىيلىك تەكىتلەنگىنى ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاددىيلىكىنى، ئىنسانىي ھېسسىياتىنى قايرىپ قويۇشقا مەجبۇر

بولىدۇ. بىيۇروكراتلىق ۋە ئەقلىيلىشىش ئىنسانلارنى «تۆمۈر قەپەس» ئىچىگە بەند قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن هاياتتا مەنە ۋە تەم ئاز قالىدۇ.

## نوپۇز ۋە هوقۇق

ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، تۈزۈم بىر قاتار مەنە قۇرۇلمىلىرىنىڭ ياردىمىدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن نوپۇزنىڭ ئۈچ خىل شەكلىنى چۈشىنىش لازىم بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئەنئەنىۋى نوپۇز بولۇپ، بۇ خىل نوپۇزغا ئىتائەت قىلغۇچىلار ئىشلارنى ئەزەلدىن مۇشۇنداقتەك، تەبىئىيدەك هېس قىلىدۇ. ماكس ۋېبېر نوپۇزنىڭ بۇ خىل شەكلى هەققىدە ئاز توختىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ زامانىۋىلاشمىغان جەمئىيەتلەردە كۆرۈلىدىغان هادىسە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، چوقۇنما نوپۇز بولۇپ، بۇ خىل نوپۇزغا ئىتائەت قىلغۇچى كىشىلەر نوپۇز ئىگىسىدە غايىب بىر تالانت ياكى سېھرىي كۈچ بار دېگەن قاراشتا بولىدۇ، نوپۇز ئىگىسىنىڭ ئىلكىدە يوكسەك هوقۇق بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، قانۇنلۇق ۋە ئەقلىيلەشكەن نوپۇز بولۇپ، بۈگۈنكى زاماندىكى سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەردە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغىنى دەل مۇشۇ خىل نوپۇزدۇر. بۇ خىل نوپۇز قانۇننىڭ رولى، قانۇنىي تەرتىپ ۋە ئۇنۇمىنى تەكىتلەيدۇ. ئىنسانلار زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈرۈش قىلغانسېرى چوقۇنما نوپۇزنىڭ ئورنىنى ئەقلىيلەشكەن نوپۇز ئالىدۇ.

ماكس ۋېبېر ئىجتىمائىي پەن تارىخىدا هوقۇق هەققىدە ئەڭ نوپۇزلۇق تەبىر قالدۇرۇپ كەتكەن جەمئىيەتشۇناس. يەنى، ئۇنىڭ قارىشىچە، «هوقۇق قارشىلىققا، توسالغۇغا، بېسىمغا قارىماي باشقىلارنى، ئىشلارنى ۋە ئىمكانىيەتلەرنى كونترول

قىلىش قابىلىيىتىدۇر». ھۆكۈمرانلىق بولسا بۇيرۇقنىڭ بىر ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرى تەرىپىدىن ئىتائەت قىلىنىش مۇمكىنچىلىكىدۇر. ماكس ۋېبېرنىڭ ھوقۇق ھەققىدىكى بۇ تەبىرى كەم دېگەندە تۆت نۇقتىنى سەممىزگە سالىدۇ: بىرىنچى، ھوقۇق ئادەملەر تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاللاش، مەقسەت ۋە سۇبيېكتىپلىق ئارىلىشىپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچى، ھوقۇق باشقىلارنىڭ ئۈستىدە يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قارشىلىق ۋە زىددىيەتكە ئۇچراش مۇمكىنچىلىكى بار؛ ئۈچىنچى، ھوقۇقدارلار بىلەن ھوقۇقسىزلارنىڭ قىزىقىشلىرىدا زور پەرق بولىدۇ؛ تۆتىنچى، ھوقۇقتا ئۇنىڭغا بويسۇنۇۋاتقانلارنى مەجبۇرلاش خاھىشى بولىدۇ. ھوقۇق كىشىلەر تەرىپىدىن قانۇنلۇق دەپ قارالغاندا نوپۇزغا ئايلىنىدۇ.

## ماكس ۋېبېرنىڭ كارل ماركس بىلەن بولغان دىيالوگى

ماكس ۋېبېر كارل ماركسنىڭ نۇرغۇن ئىدىيەلىرىدىن ئىلھام ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ نەزەرىيەلىرىنى تەنقىد قىلىش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىققان. بىرىنچى، ئۇ كارل ماركسنىڭ ئەكسىچە، ئىنسان ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۈچنىڭ ئىقتىساد ئەمەس مەدەنىيەت، توغرىراقى دىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇ ئىجتىمائىي قاتلام نۇقتىسىدىن ئالغاندا، سىنىپنى ئەمەس، تەبىقىنى تەكىتلەيدۇ؛ ئۈچىنچى، كارل ماركسنىڭ كاپىتالىزمنىڭ ھامان گۇمران بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى رەت قىلىدۇ؛ تۆتىنچى، ئۇنىڭ پروتېستانت ئەخلاقى ۋە كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدىكى قاراشلىرى ئەمەلىيەتتە كارل ماركسنىڭ كاپىتالىزم ھەققىدىكى

قاراشلىرىغا قارشى يېزىلغان؛ بەشىنچى، ئۇنىڭ ئەقلىيلىشىش ۋە تۆمۈر قەپەس ھەققىدىكى قاراشلىرى كارل ماركسنىڭ ياتلىشىش ھەققىدىكى قاراشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

## دۆلەت ھەققىدە

ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، دۆلەت — مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنى مونوپول قىلىۋالغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمە بولۇپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە ھوقۇق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلەرگە ئوخشاشلا دۆلەت قانۇن، تەرتىپ، مۇقىملىقا تايىنىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. بۇنداق مونوپوللۇق دۆلەتنى باشقا تۈزۈلمە ياكى سۇبيېكت ئىگە بولالمايدىغان ھوقۇق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. دۆلەت دېمەك — بىر جەمئىيەتتە ئاداقىقى ۋە بىردىنبىر ھوقۇق دېمەكتۇر. دۆلەت دېمەك — يۈكسەك ئاپتونومىيە ۋە ھوقۇققا ئىگە ئىجتىمائىي سىنىپ دېمەكتۇر. دۆلەت كۆچەيگەنسېرى ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ. بىر دۆلەتنىڭ كەلگۈسىگە كېلىدىغان خەۋپ كاپىتالنىڭ مەركەزلىشىشىدە ئەمەس، ھوقۇقنىڭ مەركەزلىشىشىدە.

## ئىدىيە تىپى

ماكس ۋېبېر ئەسەرلىرىدە نەزەرىيەۋىلەشتۈرۈلگەن مۇھىم ئۇقۇملارنىڭ بىرى دەل ئىدىيە تىپى ئۇقۇمىدۇر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىدىيە تىپى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ھادىسىنى تەكشۈرۈش، شەرھلەش ۋە باشقا ھادىسىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن تەتقىقاتچى تەرىپىدىن تۈرغۈزۈلىدىغان ئابستراكت

www.uyghurkitap.com

پىكىر مودېلى بولۇپ، رېئال دۇنيانى تېخىمۇ ئېنىق، سىستېمىلىق يوسۇندا چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، كاپىتالىزم بىر ئىدىيە تىپى بولۇپ، كاللىمىزدا ئابستراكت چۈشەنچە شەكلىدە مەۋجۇت، ئەمما رېئاللىقتا مەۋجۇت ئەمەس. ئەركىن بازار ۋە كاپىتال جۇغلاش تىرىشچانلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەن بىر ھادىسىنى كاپىتالىزم ئۇقۇمى ناھايىتى ئېنىق، ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن. شەيئىلەرنى، ھادىسىلەرنى چۈشىنىش ۋە شەرھلەشتە شۇ ھادىسىنىڭ ئىدىيە تىپىنى تېپىپ چىقىش لازىم بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىدىيە تىپى ھەرگىزمۇ رېئال دۇنيادىكى ھادىسىنىڭ نوقۇل تەسۋىرى ياكى يۈزەكى تەبىرى بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

ماكس ۋېبېرنىڭ قارىشىچە، ئىدىيە تىپىنى تۈرغۈزۈش رېئال دۇنيانى چۈشىنىشتىكى بىر ئۇسۇل. ئەمما ئىدىيە تىپىنى تۈرغۈزۈش بىزنىڭ ئەقلىي بۈلۈشىمىزنى، ھېسسىياتقا تايىنىپ پىكىر قىلىشقا ئالدىرىماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز مەلۇم بىر ھادىسە ھەققىدە بىر ئىدىيە تىپىنى تۈرغۈزغاندىن كېيىن، ئۇنى رېئاللىقتىكى ئەينى ھادىسە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇرراق بولغان چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز. ھالبۇكى، شەيئىلەرنى چۈشىنىش ۋە شەرھلەشتە، ماكس ۋېبېر دەۋاتقان ئىدىيە تىپى ئۇقۇمىنى تەتبىقلاش ناھايىتى تەس. ئۇنىڭدا گېرمانىيە پەيلاسوپى ئىممانۇئىل كانتنىڭ پەلسەپىۋى مېتودلىرىنىڭ تەسىرى روشەن بايقىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ماكس ۋېبېرنىڭ ئىدىيە تىپى ئۇقۇمىنى چۈشىنىش ئۈز نۆۋىتىدە يەنە ئىممانۇئىل كانتنىڭ كەچۈرمىش ئارقىلىق ئېرىشكەن تونۇش بىلەن پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن تونۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى چۈشىنىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ھازىر جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئىدىيە

تىپى ئۇقۇمى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىشنى كۈتۈۋاتقان ئىلمىي پەرەز دەپ چۈشىنىلىپ تەتبىقلانماقتا.

نەقىل مەنبەلىرى:

1. ماكس ۋېبىر: «ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەشكىلات نەزەرىيەسى»، 1922 ـ يىلى نەشرى.
Max Weber. 1922. The Theory of Social and Economic Organization New York: Free Press.

2. ماكس ۋېبىر: «ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت»، 1968 ـ يىلى نەشرى.
Max Weber. 1968. Economy and Society. New York: Bedminste Press.

3. ماكس ۋېبىر: «پىروتېستانت ئەخلاقى ۋە كاپىتالىزم روھى»، 1958 ـ يىلى نەشرى.
Max Weber. 1958. The Protestant Ethic and the Spirit of Capitalism

4. ماكس ۋېبىر: «ماكس ۋېبىر ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار»، 1946 ـ يىلى نەشرى.
Max weber. 1946. From Max weber: Essay in Sociology London: Routledge

تېكست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Max Weber | (1920 — 1864) | ماكس ۋېبىر |
| George Simmel | (1918 — 1858) | گېئورگ زىممېل |
| Immanuel Kant | (1804 — 1724) | ئىممانوئىل كانت |

تېكست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Rationalization | 合乎理性 | ئەقلىيلىشىش |
| Neo - Kantianism | 新康德主义 | يېڭى كانتىزم |

| | | |
|---|---|---|
| Positivism | 实证主义 | تەجرىبىچىلىك |
| Iron - cage | 铁笼 | تۆمۈر قەپەس |
| Bureaucracy | 官僚主义 | بىيۇروكراتلىق |
| Ideal Type | 理念类型 | ئىدىيە تىپى |
| Charismatic Authority | 神授权威 | چوقۇنما نوپۇز |
| Tradiotional Anthority | 传统权威 | ئەنئەنىۋى نوپۇز |
| Interpretive Anthority | 解释性社会学 | شەرھىي جەمئىيەتشۇناسلىق |

## تۆتىنچى باب

# ئېمىل دۇركىم (1858 ـــ 1917) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى: ئىجتىمائىي بىلىم

### نېمە ئۈچۈن ئېمىل دۇركىم ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

فىرانسىيەلىك مۇتەپەككۇر ئېمىل دۇركىم كارل ماركس ۋە ماكس ۋېبىر بىلەن بىر قاتاردا جەمئىيەتشۇناسلىق پېنىنىڭ ئۇلىنى ياراتقان. ئېمىل دۇركىم ئۆز نۆۋىتىدە جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن فىرانسىيەلىك مۇتەپەككۇرلاردىن سېنىسىمون ۋە ئاۋگۇست كومىتلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئايرىم مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ۋە مۇھىم تېمىلار ھەققىدە، مەسىلەن، ئىجتىمائىي سىستېما (ئۇيۇشۇشچانلىق، ئىجتىمائىي تەرتىپ)نىڭ قانداق يۇرۇشىدىغانلىقى ۋە بۇ يۇرۇشۇش جەريانىنىڭ ئىجتىمائىي سىستېما ئۈچۈن قانداق ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدە ئىزدەنگەن ھەم قەلەم تەۋرەتكەن. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرى كېيىن ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناسلاردىن تالكوت پارسونىس ۋە روبېرت مېرتونغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، فۇنكسىيىزمدىن ئىبارەت ئايرىم بىر نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ

تۇرغۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولغان.

ئېمىل دۇركىم ئۆلۈۋېلىش ھەققىدىكى مەشھۇر تەتقىقاتىدا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلما بىلەن ئىنسانىنىڭ ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان پەرەزلىرىنى سىستېمىلىق تەھلىل ئارقىلىق تۇنجى بولۇپ يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىن ھەققىدە سىستېمىلىق، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىماننىڭ بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىقنى كۈچەيتىش، ئايرىم بىر قىممەت قاراش ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيەنى يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئېمىل دۇركىمنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تۈپكى ماھىيىتى ھەققىدىكى سىستېمىلىق قاراشلىرى ھېلىھەم جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. ئۇ ئامېرىكىدىكى بۈگۈنكى زامان مەشھۇر جەمئىيەتشۇناسلىرىدىن روبېرت بېللا، سەيمور لىپسېت، روبېرت پۇتنام، جامېس كولمان قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسەتكەن.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئېمىل دۇركىم 1858 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئالساس ـ لوررېن رايونىدا تۇغۇلغان. ھاياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پەلسەپە ئۆگەنگەن ۋە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1890 ـ يىللاردا «جەمئىيەتتە ئىش تەقسىماتى»، «ئۆلۈۋېلىش ھەققىدە»، «جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودولوگىيەسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان ۋە فىرانسىيەنىڭ ئىلمىي ساھەسىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ فىرانسىيەدە ئايرىم بىر پەن



www.uyghurkitap.com

بولۇپ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان. ئۇ 1917 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئېمىل دۇركىمنىڭ ئىدىيەلىرىدە ئۆزىدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ئاۋگۇست كومت، سېنسىمون قاتارلىق فىرانسىيە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر. ئۇ ئاۋگۇست كومتنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «بىيولوگىيەلىك، فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىپ قانۇنىيەتنى تېپىپ چىققىلى بولغاندەكلا، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىپ ماھىيەتنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ، بۇ پەن جەمئىيەتشۇناسلىق دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ جەمئىيەتشۇناسلىققا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «جەمئىيەتشۇناسلىق — ئىجتىمائىي پاكىتلار ھەققىدىكى، جۇملىدىن بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ئويىنىڭ، پىكىرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.» كارل ماركسنىڭ ئەكسىچە، ئېمىل دۇركىم بىر جەمئىيەتتىكى زىددىيەتنىڭ، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى كاپىتالىزم ياكى ئىقتىسادقا باغلاپ چۈشەنمەيدۇ، بەلكى بىر جەمئىيەتتىكى مەسىلىنىڭ، زىددىيەتنىڭ يىلتىزىنى شۇ جەمئىيەتتىكى ئەخلاقىي تەرتىپلەرنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ماكس ۋېبېرنىڭكىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ. ئېمىل دۇركىمنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە ئاساسلىق تۈزۈلمە شەكىللىرى ئورتاق بىر قىممەت قارىشىنى ۋە ئىجتىمائىي مېزاننى ئومۇملاشتۇرالمىغاندا زىددىيەت ۋە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلىدۇ. ئىجتىمائىي تۈزۈم تەرتىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئەخلاققا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك.

كارل ماركس نەزەرىيەلىرىدە ئاساسلىق تۇتقا قىلىنغان نۇقتا سىنىپىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائىي سىنىپ بولسا، ئېمىل دۇركىم نەزەرىيەلىرىدە جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي

www.uyghurkitap.com

ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى يېشىپ بېرىشتىكى رولىغا يۇقىرى باھا بېرىلگەن. ئېمىل دۇركىمنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتنى تىرەپ تۇرغان بىرنەچچە تۈۋرۈك بولىدۇ. ئۇلار قائىدە ـ يوسۇن ھەم ئىجتىمائىي مىزان، تۇزۇلمە، سىمۋول ۋە مۇراسىم، ئىش تەقسىماتىدىن ئىبارەت.

## جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى

**1. ئىجتىمائىي مىزان ۋە قائىدە ـ يوسۇن.** بىر جەمئىيەتتە ئورتاق ئىجتىمائىي مىزان ۋە قائىدە ـ يوسۇننىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوي ـ پىكرىگە ۋە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. دۇركىم ئىجتىمائىي مىزان بىلەن قائىدە ـ يوسۇننى ئىجتىمائىي پاكىت دەپ تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۇكسەك دىققەتتىنى بېرىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي مىزان ھەم قائىدە ـ يوسۇن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.

**2. تۇزۇلمە.** دۇركىمنىڭ نەزىرىدە، دىن، مائارىپ ۋە ئىقتىساد بىر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق تۇزۇلمىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. كارل ماركس ئىقتىسادنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق مۇھاكىمە نۇقتىسى قىلغان بولسا، ئېمىل دۇركىم دىن بىلەن مائارىپنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق مۇھاكىمە نۇقتىسى قىلغان. بىر جەمئىيەتنىڭ تۇزۇلمىلىرى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ يۈرۈشۈشىنى مىزان ۋە قائىدە ـ يوسۇن بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ئوخشىمىغان ئېھتىياجلار ئۈچۈن ئوخشىمىغان مىزانلارنى، قائىدىلەرنى رويابقا چىقىرىدۇ. بىر جەمئىيەتتە مائارىپنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، باللارنىڭ ئىجتىمائىي مىزان ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆگىنىشىگە سەھنە ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر جەمئىيەت زاۋاللىققا يۈز تۇتسا،

ئۇنىڭدا جىنايەت قاتارلىق ئىجتىمائىي بىنورماللىقلارنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى ئارتىپ كېتىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى مائارىپتا بولىدۇ. شۇڭا، بىر جەمئىيەتتە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش يۈكسەك مەسئۇلىيەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

دۇركىمنىڭ نەزىرىدە، دىن جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىدىغان، ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىجتىمائىي بىلىمدىن ئىبارەت. بىر جەمئىيەتنىڭ قىممەت قاراشلىرى، ئىجتىمائىي فورمىلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ يىلتىزى دىندا بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «دىنىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى» ناملىق ئەسىرىدە دىنىنىڭ جەمئىيەتنى تىرەپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم تىرەك، ئەڭ مۇھىم تۈزۈلمە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، دىن ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئورتاق قىممەت قارىشى تىكلەپ بېرىدۇ، ئۇيۇشۇشچانلىق بەرپا قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئېمىل دۇركىم گىگانت پەيلاسوپ ئىممانۇئىل كانت ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دىنىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدىكى قاراشلارغا جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يانداشقان. ئېمىل دۇركىمنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق دىندا مۇقەددەس دەپ قارالغان نەرسىلەر بىلەن چەكلەنگەن نەرسىلەر ئېنىق ئايرىلغان بولىدۇ. «بىر جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئەزالىرى ئەگىشىدىغان ئورتاق غايىلەرنى بەرپا قىلالماي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.»

**3. سىمۋول ۋە مۇراسىم.** بىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنى بىر يەرگە ئەكېلەلەيدىغان، ئۇيۇشتۇرالايدىغان سىمۋوللار بولىدۇ ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئۇزۇنغىچە ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بايراق، دۆلەت گىمنى، مىللىي قەھرىمانلار، سەنئەت مىراسلىرى، تارىخىي يادىكارلىقلار ۋە ئابىدىلەر مانا مۇشۇنداق مۇھىم سىمۋوللاردۇر. ئاشۇ سىمۋوللارنى كىشىلەرگە تونۇتىدىغان، بىلدۈرىدىغان سورۇن بولسا مۇراسىملاردۇر. دۇركىم مۇنداق يازىدۇ: «بىر جەمئىيەتتە مۇراسىم شۇنىڭ

ئۆچۈن مۇھىمكى، ئۇ بىر ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىغا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قەرەللىك يوسۇندا تونۇتۇپ تۇرىدۇ.» چۈنكى، كىشىلەر مۇراسىملاردا ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس سىمۋوللىرىنى قەرەللىك ئەسلەپ، ھېس قىلىپ تۇرىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ئۆزلىرىنى قايتا يارىتىدۇ. كىشىلەر مۇراسىملاردا ئۇپچە خۇشاللىققا ۋە ئورتاق ھاياجانغا ئېرىشىدۇ. دىنىي مۇراسىملاردا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق، مەرىكە سورۇنلىرىدا ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزگە ئورتاق بولغان ھېسسىياتلارنى تېپىۋالىدۇ. بۇ ھال كىشىلەر ئارىسىدا مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىق پەيدا قىلىدۇ. ئاشۇ جەريانلاردا ئىجتىمائىي رىشتىنىڭ قايتا ـ قايتا يارىتىلىشى دىن ۋە مۇراسىملارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئاساس بولىدۇ. دۇركىم مۇنداق يازىدۇ: «ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىدا ئورتاق ھېس ـ تۇيغۇ، ئورتاق ئىدىيە ئارقىلىق ئۇيۇشۇشچانلىق، ئىناقلىق ۋە خاسلىق پەيدا قىلالمىغان جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئورتاق ھېس ـ تۇيغۇ، ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئەسلىنىپ تۇرۇشى ئۇچۇن مۇراسىملار ۋە يىغىلىش سورۇنلىرىنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ھەم زۆرۈر ھەم بىر تەبىئىي ئەھۋالدۇر.»

**4. ئىش تەقسىماتى.** ئېمىل دۇركىمنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىكى ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىش تەقسىماتىدۇر. بىر ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشقا لازىم بولىدىغان ئىشلار تەقسىم قىلىنىشى كېرەك. ھەر بىر ئادەم ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ يۇرۇشۇشىدە ئۆزگە خاس رول ئالغان جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. سەۋەبى، بۇنداق جەمئىيەتتە ھەربىر ئادەم ئۆزگە خاس رولنى ئالىدۇ ۋە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ.

## كوللېكتىپ ۋىجدان

ئىمىل دۆركىمنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن باشقا پىرىنسىپلارغىمۇ ئەمەل قىلىپ ياشاشقا ئۈندەيدىغان ئەقىدە يىلتىز تارتقاندا، ئورتاق قىممەت قاراشلىرى ۋە ئەخلاقىي مىزانلار مەدەنىيەت شەكىللىرىدە كۆرۈلگەندە، ئۇنىڭ نەتىجىسى كوللېكتىپ ۋىجدان شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەم بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىز ئەتراپىمىزدىكى ئىجتىمائىي تەرتىپتىن ھېس قىلدۇرۇلۇۋاتقان چەكلىمىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايمىز ۋە باشقىلار بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئۆتكەندە، قارار چىقارغاندا ئۇلارنى نەزەرگە ئېلىشقا مەجبۇر بولىمىز. بىر ئەخلاقسىز قىلمىش سادىر بولغاندا، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال بىر ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىنىڭ كوللېكتىپ ۋىجدانىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ ۋە ئۇنى ھېس قىلغان ئادەمنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، كوللېكتىپ ۋىجدان ئومۇمىي ئەخلاقىي تەرتىپكە چېتىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شەخسنىڭ ۋىجدانىدىن پەرقلىنىدۇ.

## ئۆيۈشۈشچانلىق

ئۆيۈشۈشچانلىقنىڭ يىلتىزىنى چۈشىنىش — ئىمىل دۆركىم ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم بىر ئانالىز نۇقتىسى. ئىمىل دۆركىمنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتتىكى ئەزالارنىڭ ئۆيۈشۈش دەرىجىسى ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ قانداق يۇرۇشۇشىغا باغلىق. ئۇ ئۆيۈشۈشچانلىقنىڭ مەنبەسىنى مېخانىكىلىق ئۆيۈشۈشچانلىق ۋە ئورگانىك ئۆيۈشۈشچانلىقتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىدىن چۈشىنىدۇ. مېخانىكىلىق ئۆيۈشۈشچانلىق —

كىشىلەرنىڭ ئورتاق بىر قىممەت قارىشى، پاشاش شەكلى، ئىجتىمائىي مىزان ۋە ئەقىدە ئاساسىدا بىر يەرگە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مېخانىكىلىق ئۇيۇشۇشچانلىق ھەربىر ئىجتىمائىي سىستېمىدا بولىسىمۇ، كۆپ ھاللاردا قەبىلە جەمئىيەتلىرىگە خاس ھادىسىدۇر. چۈنكى، قەبىلە جەمئىيەتلىرىدە شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق خىرە بولىدۇ.

ئورگانىك ئۇيۇشۇشچانلىق بولسا كىشىلەرنىڭ ئېنىق ئىش تەقسىماتى پىرىنسىپى بويىچە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان ئاساستا بىر يەرگە كېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەردە كىشىلەر ئۆزى ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل ئىشلەيدۇ. لېكىن، ئۇلار زىرائەتنى قانداق تېرىش، ئۆينى قانداق سېلىش، كىيىمنى قانداق تىكىش قاتارلىق ئىشلارنى بىلمەيدۇ. بۇ ھال ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىدىغان كىشىلەر بىر - بىرىگە بېقىنىدىغان كەڭ ئىجتىمائىي تورنىڭ بولۇشىنى، ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ مەۋھۇم يوسۇندا زەنجىرسىمان مۇناسىۋەت پەيدا قىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئورگانىك ئۇيۇشۇشچانلىق بىردەكلىكنىڭ ئەمەس، پەرقنىڭ نەتىجىسى.

دۇركېمنىڭ ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى تالكوت پارسونىسقا تەسىر كۆرسەتكەن. تالكوت پارسونس دۇركېمنىڭ قاراشلىرىنى بېيىتىش ئاساسىدا «زامانىۋى، مۇرەككەپ جەمئىيەتلەر بىردەك قىممەت قارىشى ئاساسىدىكى ئورتاق تونۇش نەتىجىسىدە مەۋجۇت بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى بىردەك قاراش ئائىلە، مەكتەپ قاتارلىق ساھەلەردە ئىجتىمائىيلىشىش داۋامىدا يېتىلىدۇ؛ تالكوت پارسونىسنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى مانا مۇشۇ نۇقتىنى ئۆزىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغان. بىز ئۇنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن ئايرىم بابتا تونۇشىمىز.

## تاپتىن چىقىش

بۇ، ئېمىل دۇركىم تەرىپىدىن نەزەرىيەلەشتۈرۈلگەن يەنە بىر ئۇقۇم بولۇپ، بىر جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئالاقىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي مىزانلارنىڭ يوق بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇقۇم كارل ماركس تەرىپىدىن نەزەرىيەلەشتۈرۈلگەن ياتلىشىش ئۇقۇمىغا ئوخشاشلا جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە كەڭ كۆلەملىك مۇنازىرىگە ۋە ئىزدىنىشكە سەۋەب بولغان. بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە ئېمىل دۇركىمنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئۆلۈۋېلىش» (1897 ـ يىلى)تا بايقىلىدۇ. دۇركىمنىڭ بۇ ئەسىرىدە دېيىلىشىچە، ئادەملەر قىلىۋاتقان ئىشى ئۆز ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە تولۇق ماس كەلگەندىلا ئاندىن خۇشال بولالايدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىمكانىيەتلەر بولسا تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ. ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى قانمىغاندا ئادەم قاتتىق چۈشكۈنلىشىدۇ ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈۋېلىش يولىغىمۇ ماڭىدۇ. ئېمىل دۇركىم بۇ ئەسىرىدە 19 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىش ھەققىدىكى قاراشلىرى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ماس كېلەلىشى ناتايىن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تاپتىن چىقىش شۇنداق بىر ئىجتىمائىي ھادىسىكى، ئۇ جەمئىيەتتە ئۇيۇشۇشچانلىق، بىردەك قىممەت قارىشىنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبلىك ۋە مەلۇم بىر قىممەت قارىشىنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىغا مەجبۇرىي تېڭىلىشى تۈپەيلى پەيدا بولىدۇ.

## ئۆلۈۋېلىش

ئېمىل دۇركىم ئۆزى يازغان شۇ ناملىق ئەسىرىدە، بىر جەمئىيەتتە ئۆلۈۋېلىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى

www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىق دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى، يەنى بىر جەمئىيەتتە ئادەملەر ئارا ئىناقسىزلىق قانچە ئېغىر بولسا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلارنىڭ شۇنچە كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بىر جەمئىيەتتە ئۆلۈۋالىدىغانلارنىڭ نىسبىتى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىق دەرىجىسىگە ۋە ئۇلارنىڭ شۇ جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.» ئېمىل دۇركىمنىڭ قارىشىچە، ياشاش ئۇسۇلى ئاددىيراق بولغان يېزا ـ قىشلاقلاردا ئۆلۈۋېلىش نىسبىتى زامانىۋى شەھەرلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ. جامائەتچىلىك ئېڭى، ئىناقلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان جەمئىيەتلەردە ئۆلۈۋېلىش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولىدۇ. ئېمىل دۇركىم ئۆز ئەسىرىدە 19 ـ ئەسىر ياۋروپا جەمئىيىتىدىكى كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى بىلەن پىروتېستانت دىنى مۇرىتلىرىنى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىپ تاللىغان بولۇپ، پىروتېستانت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈۋالىدىغانلارنىڭ كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن كۆپرەك بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەب، پىروتېستانت دىنىدىكىلەردە مۇستەقىل ياشاش، شەخسىي خاسلىق تەكىتلىنىپ، جامائەتچىلىك ئېڭىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدۇر. بۇ، جامائەتچىلىك ئېڭى بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە دېگەنلىكتۇر.

**نەقىل مەنبەلىرى:**


1. ئېمىل دۇركىم: «جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودولوگىيەسى»، 1950 ـ يىلى نەشرى.

Emile Durkheim. 1950. The Rules of sociological Method. New York: Free Press.

2. ئېمىل دۇركىم: «دىنىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى»، 1961 ـ يىلى نەشرى.
Emile Durkheim. 1961. The Elementary Forms of the Religious Life. New York: Collier Books.

3. ئېمىل دۇركىم: «ئۆلۈۋېلىش: جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودى بويىچە تەھلىل»، 1951 ـ يىلى نەشرى.
Emile Durkheim. 1951. Suicide: A study in sociology. Free Press.

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Emile Durkheim | (1917 — 1858) | ئېمىل دۇركىم: |
| August Comte | (1857 — 1798) | ئاۋگۇست كومت |
| Saint - Simon | (1825 — 1760) | سېنسىمون |
| Talcott Parsons | (1979 — 1902) | تالكوت پارسونس |
| Robert Merton | (2003 — 1910) | روبېرت مېرتون |
| Robert Bellah | ( — 1927) | روبېرت بېللا |
| James Coleman | (1995 — 1926) | جامېس كولمان |
| Robert Putnam | ( — 1914) | روبېرت پۇتنام |

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Functionalism | 功能主义 | فۇنكسىيىزم |
| Social System | 社会系统 | ئىجتىمائىي سىستېما |
| Social Order | 社会秩序 | ئىجتىمائىي تەرتىپ |
| Hypothesis | 假说, 假设 | پەرەز، قىياس |
| Division of Labor | 分工 | ئىش تەقسىماتى |
| Suicide | 自杀 | ئۆلۈۋېلىش |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| Sociological Method | 社会学方法 | جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودى |
| Social Norm | 社会准则 | ئىجتىمائىي مىزان |
| Moral Order | 道德秩序 | ئەخلاقىي تەرتىپ |
| Symbol and Ritual | 象征与仪式 | سىمۋول ۋە مۇراسىم |
| A sense of Belonging | 归属感 | مەنسۇبىيەت تۇيغۇسى |
| Collective Effervescence | 欢聚 | ئوپچە خۇشاللىق |
| Collective Conscience | 集体良心 | كوللېكتىپ ۋىجدان |
| Cohesion | 疑聚力 | ئۇيۇشۇشچانلىق |
| Consensus | 合意, 同感 | ئورتاق تونۇش |
| Anomie | 失范 | تاپتىن چىقىش |

بەشىنچى باب

# گېئورگ زىممېل (1858 ــ 1918): شەھەر، پۇل، مودا

## نېمە ئۈچۈن گېئورگ زىممېل ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

گېئورگ زىممېل جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە كارل ماركس، ئېمىل دۇركىم ۋە ماكس ۋېبېردىن كېيىن تۇرىدىغان كىلاسسىك جەمئىيەتشۇناس. ئۇ شەھەر ھاياتىنىڭ ماھىيىتى، مودىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە پۇلنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ھەققىدىكى تەھلىللىرى بىلەن داڭلىق. زىممېلنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت ــ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىدىن پۈتكەن بىر ئىجتىمائىي سىستېما. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاشۇ ئالاقە جەمئىيەتتىكى زىددىيەتنىڭ مەنبەسى. بىر ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئۈچىنچى ئادەم ئارىلاشقاندا، ئالاقىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئالاقىگە دەسلەپ قاتناشقان ئىككى ئادەم ئارىدىكى كەيپىياتنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. زىممېل ئۆزىنىڭ كۆپىنچە تەھلىللىرىدە ئالاقىنىڭ رولىنى زىيادە تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇق ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە، ھوقۇقنىڭمۇ ئالاقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى، ھوقۇقدارنىڭ شۇ ھوقۇققا ئىتائەت قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئالاقە چەمبىرىگە كىرگەندىلا ئاندىن ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى

www.uyghurkitap.com

سۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئېستېتىكا، تارىخ پەلسەپىسى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرى بىلەنمۇ داڭلىق.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

گېئورگ زىممېل 1858 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ شەھەردە ئۆتكۈزگەن، جەمئىيەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئېستېتىكا، پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەردە 25 كە يېقىن كىتاب يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەمما، ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ جىقلىقىغا قارىماي، گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇتقۇچى بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. بۇنداق بولۇشىغا يەنە ئۇنىڭ سوتسىيال ئىنقىلابچىلارغا بولغان ھېسداشلىقى ۋە شۇ ۋاقىتتا گېرمانىيەدە ئەۋج ئالغان يەھۇدىيلارغا قارشى كەيپىيات (زىممېل يەھۇدىي ئىدى) سەۋەبچى بولغان. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا گېرمانىيەدە زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن ۋە ماركسىزمچى مۇتەپەككۇرلاردىن گېئورگ لۇكاس («فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمى» دېگەن بابقا قارالسۇن) قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. گېئورگ زىممېل 1918 ـ يىلى گېرمانىيەدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «پۇل پەلسەپىسى» (1978 ـ يىلى)، «شوپېنخائوئېر ۋە نىچشې» (1986 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

## پۇل، شەھەر ھاياتى، مودا

«پۇل پەلسەپىسى» ـــ گېئورگ زىممېلنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى. ئۇ بۇ ئەسىرىدە پۇلنىڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنى قانداق يۇرۇشتۇرىدىغانلىقى ۋە ئادەملەرنى ئىنسانلىق تەبىئىتىدىن قانداق ئايرىيدىغانلىقى

هەققىدە تەھلىل يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى كارل ماركسنىڭ كاپىتالنى ئەمگەك ۋە قىممەتكە باغلاپ چۈشەندۈرگەن قاراشلىرىغا جەڭ ئېلان قىلغان. گېئورگ زىممېلنىڭ قارىشىچە، ئىقتىساد — ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ مەھسۇلى، ھالبۇكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئالاقىدە ئاساس بولىدىغىنى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئەمەس، بەلكى تاۋار ئالماشتۇرۇش. گېئورگ زىممېل گەرچە كارل ماركسنىڭ ھەممىنى مەھسۇلات يارىتىشقا باغلاپ چۈشىنىشىگە قارشى تۇرسىمۇ، ئەمما ھازىرقى زامان ھاياتىنىڭ ياتلىشىش تەرىپىدە تۇرىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. گېئورگ زىممېلنىڭ قارىشىچە، ئادەملەر پۇلنىڭ سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي ئالاقىدە تېخىمۇ رەھىمسىز ۋە ھېسابچى بولۇپ كېتىدۇ، ئىجتىمائىي ئالاقىدە پۇل ھەر ۋاقىت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە ئىجتىمائىي ئالاقىدە خاسلىق ۋە مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى ئەمەلىيەتچانلىق، ماددىيلىق ۋە مېھىرسىزلىك ئىگىلەيدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ 1903 - يىلى يازغان «چوڭ شەھەرلەر ۋە مەنىۋى ھايات» ناملىق ئەسىرىدە يەنە شەھەر ھاياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. گېئورگ زىممېلنىڭ قارىشىچە، «چوڭ شەھەرلەردە بىز ھەممىشە دېگۈدەك ئۇچۇرلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىغا ئۇچرايمىز، نېرۋا - ئەسەبلىرىمىز ھەممىشە غىدىقلىنىش ھالىتىدە تۇرىدۇ.» ئادەملەر چوڭ شەھەرلەردە رىتىمى تېز ھاياتقا دۇچ كېلىدۇ، كوچىدا دېگۈدەك ناتونۇش ئادەملەر، ئېلان - تەشۋىقات، يېڭى ئۇچۇرلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. شەھەر ھاياتىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئادەملەرنىڭ ئۆزلۈك تۇيغۇسىغا، خاسلىقىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ، ئىنسان مەنىۋىيىتىگە ئارامچىلىق بەرمەيدۇ. گېئورگ زىممېل مۇنداق يازىدۇ: «زامانىۋى شەھەرلەردىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئادەملەرنىڭ خىرىسلىق ئىجتىمائىي ئېلېمېنتلارنىڭ قورشاۋىدا خاسلىقىنى قانداق ساقلاپ قېلىش

www.uyghurkitap.com

مەسىلىسىدۇر.»

گېئورگ زىممېلنىڭ قارىشىچە، شەھەر ھاياتىدا دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىز ھەممىلا نەرسىگە ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ساقلىنىپ، ۋاقىتنى ۋە زېھنىنى ئۇپراتماسلىقىمىز لازىم. ھالبۇكى، بۇنداق بولغاندا، بىز بۇ خىلدىكى مۇھىتتا ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى قانداق ئىپادە قىلىش بىلەن ئۆزىمىزگە تەۋە خاسلىقنى ساقلاش مەسىلىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتكە دۇچ كېلىمىز.

زىممېل ئۆزىنىڭ 1905 - يىلى يازغان «مودا پەلسەپىسى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتىكى تەھلىللىرىنى كىملىك بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۆرىدەپ داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، مودىنىڭ كودلىرى پۈتۈنلەي ئىختىيارىيلىق تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئادەملەرنىڭ مەدەنىيلىك ئېھتىياجلىرىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاستۇر. مودا ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزنىڭ خاسلىقىمىزنى ئىپادىلەش بىلەن چوڭراق بىر ئىجتىمائىي توپقا بولغان مەسئۇلىيىتىمىزنى ئىپادىلەش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇرەسسە قىلىش تىرىشچانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر. جايىغا چۈشكەن بىر مودا دەل بىزنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇرەسسە قىلىش قابىلىيىتىمىزنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ مەھسۇلى. بىر تەرەپتىن، ئادەملەر باشقىلارنى دوراپ ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپقا تەۋە بولۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مودا ئوبيېكتىغا ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

زىممېلنىڭ قارىشىچە، مودا بىر جەمئىيەتتىكى قاتلام ۋە تەبىقە سىستېمىسىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «مودا - ئىجتىمائىي تەبىقە ئايرىمىسىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە كۈچىنى كۆرسىتىدۇ ۋە مەلۇم ئادەملەرنى مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىش ۋە يەنە مەلۇم ئادەملەرنى مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي چەمبىرەكتىن چىقىرىش

يولى بىلەن ئىجتىمائىي تەبىقىنى داۋاملىق كۆچكە ئىگە قىلىدۇ.» يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر مودا ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بىلەن بولغان پەرقىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ ۋە يەنە تۆۋەن تەبىقىلىكلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىگە ئۆرلەش تىرىشچانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان مودا ئويۇنى داۋاملىشىۋېرىدۇ. مەلۇم بىر مودا تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقاندا، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ يەنە يېڭىچە مودىلارغا يۈرۈش قىلىدۇ.

گېئورگ زىممېل جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە مەدەنىيەت نەزەرىيەسىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ پۇل ھەققىدىكى تەھلىللىرى ماكس ۋېبېرنىڭ پىروتېستانت ئەخلاقى ھەققىدىكى ئويلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. مەشھۇر ماركسىزمچى مۇتەپەككۇر گېئورگ لۇكاس جورج زىممېلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، لېكسىيەلىرىنى ئاڭلىغان. گېئورگ زىممېلنىڭ شەھەر ھاياتى ھەققىدىكى تەھلىللىرى بىلەن گېئورگ لۇكاسنىڭ ماددىيلاشقان ھايات ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە باغلىنىشنىڭ بولۇشى ئاساسسىز ئەمەس. گېئورگ زىممېل سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىغا، ۋولتېر بېنجامىننىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ بۈگۈن جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئىستېمالچىلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر.

**نەقىل مەنبەلىرى:**

1. گېئورگ زىممېل: «پۇل پەلسەپىسى»، 1978 ـ يىلى نەشرى.

Georg Simmel . 1978 . The Philosophy of Money . London: Routledge .

2. گېئورگ زىممېل: «مەدەنىيەت ھەققىدە»، 1997 ـ يىلى نەشرى.

Georg Simmel . 1997 . Simmel on Culture . London: Sage .

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Georg Simmel | (1918 — 1858) | گېئورگ زىممېل |
| Georg Lucacs | (1971 — 1885) | گېئورگ لۇكاس |
| Walter Benjamin | (1940 — 1892) | ۋولتېر بېنجامىن |

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Aesthetics | 审美学 | ئېستېتىكا |
| Philosophy of Money | 货币哲学 | پۇل پەلسەپىسى |
| Mental Life | 精神生活 | مەنىۋى ھايات |
| Metro polis | 大城市 | چوڭ شەھەر |
| Social Stratification | 社会分层 | ئىجتىمائىي قاتلام |
| Reified Life | 物质化的生活 | ماددىيلاشقان ھايات |

ئالتىنچى باب

# جورج خېربېرت مىد (1863 ــ 1931): قەلب، ئۆزلۈك ۋە جەمئىيەت

## نېمە ئۈچۈن جورج خېربېرت مىدنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ۋە جەمئىيەت بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نېگىزىدىن چۈشىنىشى بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن، بۇ جەريان ئۇنداق ئاسان ئىشقا ئاشمايدۇ. بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىر ئۆمۈر بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ، باشقىلارنىڭ سايىسىگە ئايلىنىپ قېلىشنىڭ خەۋپىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇنى بىر پاجىئە دېيىش كېرەك. ئېيتىش كېرەككى، ئۆزىنى تونۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۆزلۈكنى ۋە جەمئىيەت بىلەن قەلب ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشتىن باشلىنىدۇ. جورج خېربېرت مىدنىڭ ئىدىيەلىرى ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزغا، ئۆزىمىز بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى نېگىزىدىن چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. جورج خېربېرت مىدنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا، خۇسۇسەن جەمئىيەتشۇناسلىقتا تۇتىدىغان ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى. ئامېرىكىلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر جون دېۋېي ئۇنىڭغا باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «مىد ــ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئامېرىكا پەلسەپىسىگە زور تۆھپە قوشقان ئەڭ تالانتلىق

مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى.» توقۇنۇش نەزەرىيەسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئامېرىكىلىق داڭلىق جەمئىيەتشۇناس لېۋىس كوزېر ئۇنىڭغا مۇنداق باھا بېرىدۇ: «مىدنى ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي پەنلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەسسە قوشقان بىرنەچچە ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇرنىڭ بىرى دەپ باھالىساق ئارتۇق كەتمەيدۇ.»

مىدنىڭ ئىدىيەلىرىنى چۈشىنىشتىن بۇرۇن ئۆزلۈك ئۇقۇمىنى چۈشىنىش زۆرۈر. ئۆزلۈك ئۇقۇمىغا مىدنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئۇنىڭ ئىدىيەلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنىڭ نامىنى بېكىتكەن ۋە بۇ نەزەرىيەنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس خېربېرت بلۇمېر ئۇستازىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئاساسىدا مۇنداق تەبىر بەرگەن: «مىدنىڭ نەزىرىدە، ئۆزلۈك ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئىنسان روھىيىتىگە سىڭگەن تەسىرىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى بىر خىل ئىجتىمائىي جەرياننى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، ئىنسان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ھادىسىلەرگە، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ئۆزىنىڭ شۇ ھادىسە، شۇ مۇھىت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ياردىمىدە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ دېگەنلىكتۇر. بۇ چاغدا ئادەم باشقىلارنىڭ رولىنى ئۆتەش، شۇ رولغا ئۆزىگە خاس ئېلېمېنتلارنى قېتىش ۋە ئاشۇ خىل مېتودلارغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقىگە قاتنىشىۋاتقان، روھىي دۇنياسىدا ئۆزى بىلەن پىچىرلىشىۋاتقان بولىدۇ. ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بۇ خىل ئۆزلۈك ئالاقىسى مىدنىڭ تەھلىللىرىدە يادرولۇق ئورۇن تۇتىدۇ.»

مىدنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتتىن ئايرىلغان ئۆزلۈك بولمايدۇ، ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئالاقىمۇ بولمايدۇ. جەمئىيەت — ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشى جەريانىدا ئالاقىگە قاتنىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كېلىشىشى ئارقىلىق پۈتىدىغان

ئىجتىمائىي قۇرۇلما. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بىر يەككە ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى ئۇنى قويىنىغا ئېلىپ تۇرغان بىر پۈتكۈل ئىجتىمائىي توپنىڭ ھەرىكىتى ئىچىدىلا چۈشەنگىلى بولىدۇ. سەۋەبى، بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى بىر جەمئىيەت قويىنىدا ئۆزىنىڭ ئىلكىدىن ھالقىپ كەتكەن ۋە باشقىلارغا چېتىلىدىغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.»

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

مىد 1863 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ماسساچۇسېتس ئىشتاتىدا تۇغۇلغان. 1883 ـ يىلى ئۇ بېرلىن ئىنستىتۇتىدا باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بىرقانچە يىل ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن بىر تۆمۈر يول شىركىتىگە ئورۇنلاشقان. 1888 ـ يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، يەنە بىر قېتىم باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئالغان. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ۋىلىيام جامېس ۋەكىللىكىدىكى ئەمەلىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. كېيىن گېرمانىيەگە بېرىپ پەلسەپە ئۆگەنگەن، ئەمما نېمە سەۋەبتىندۇر، دوكتورلۇقتا ئاخىرىغىچە ئوقۇمىغان. ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە جون دېۋېي ھەم شۇ چاغلاردىكى يەنە بىر كۆزگە كۆرۈنگەن جەمئىيەتشۇناس چارلېز خورتون كۇلى بىلەن تونۇشقان. بۇ جەرياندا جون دېۋېي ئۇنىڭ دىلكەش دوستىغا ئايلانغان. جون دېۋېي چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكەلگەندە، مىدنى بىللە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلغان. مىد چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىدا 1931 ـ يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىشلىگەن.

ئۇ ھاياتىدا سەككىز پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. ئەمما،

www.uyghurkitap.com

ئەڭ داڭلىق ئەسىرى «قەلب، ئۆزلۈك ۋە جەمئىيەت» ئۇ ۋاپات بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 1934 ـ يىلى ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان. مىدنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىنى مۇشۇ ئەسەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مىد ناھايىتى يېتىشكەن ناتىق بولۇپ، نۇرغۇن ئىدىيەلىرى دەرسخانىدا، لېكسىيە زاللىرىدا تارقالغان. ئەمما، يېزىقچىلىققا قىزىق بولغىنى ئۈچۈن كۆز قاراشلىرىنى سىستېمىلىق يېزىپ قالدۇرمىغان. ئىدىيەلىرىنى ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلىرى رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغان. ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن يەنە «ھەرىكەت پەلسەپىسى» (1938 ـ يىلى)، «بۈگۈنكى زامان پەلسەپىسى» (1959 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

## ئىلھام مەنبەسى: ۋىليام جامېس، جون دېۋېي، چارلىز كۇلى

مىدنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن رەسمىي تونۇشۇشتىن بۇرۇن ئۇ ياشىغان ئىلمىي مۇھىت ۋە ئۇنىڭ ئىلھام مەنبەلىرى ھەققىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئارتۇقچە ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەت بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىنىشىمىز لازىم: بىر ئادەم باشقىلارنىڭ تەسىرىنى قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟ جەمئىيەت شەخسنى قانداق يارىتىدۇ ۋە شەخس جەمئىيەتنى قانداق يارىتىدۇ، ئۆزگەرتىدۇ، ساقلاپ قالىدۇ؟ جەمئىيەت بىر كىشىنىڭ ئادىمىيلىكىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟

مىد ھاياتىدا ۋىليام جامېس، جون دېۋېي، چارلېز خورتون كۇلى قاتارلىقلار بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەشھۇر پەيلاسوپ ۋىليام جامېس ئۆزلۈك ئۇقۇمىغا نەزىرىنى

ئەڭ بالدۇر ئاغدۇرغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ۋىلىيام جامېس ئىنساندا ئۆزىنى ئوبيېكت دەپ تونۇش، ئۆزى ھەققىدە تونۇشقا ئىگە بولۇش ۋە باشقىلار ھەققىدە پوزىتسىيە بىلدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم باشقىلارنى ۋە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان دۇنيانى سىمۋوللارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىدۇ، ئوبيېكتلار ھەققىدە پوزىتسىيە، تونۇشقا ئىگە بولىدۇ، ئۇلارغا ئىنكاس قايتۇرىدۇ، شۇ ئاساستا ئۆزىنى ھېس قىلىدۇ. ۋىلىيام جامېس ئىنساندىكى ئاشۇ ئىقتىدارنى ئۆزلۈك دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ دۇنياغا ئىنكاس قايتۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ۋىلىيام جامېس ئۆزلۈكنى مۇنداق بىرقانچە تۈرگە بۆلگەن: بىرىنچىسى، «ماددىي ئۆزلۈك» بولۇپ، ئىنسان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلايدىغان ۋە ئىنساننىڭ كىملىكىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان فىزىكىلىق ئوبيېكتنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، «ئىجتىمائىي ئۆزلۈك» بولۇپ، كىشىلەر باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا ئىگە بولىدىغان ئۆزى ھەققىدىكى تونۇشنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، «مەنىۋى ئۆزلۈك» بولۇپ، ئۆزلۈكنىڭ ئىنساننىڭ ئومۇمىي تونۇش ئۇسۇلىنى يېتەكلەپ تۇرىدىغان، بىر ئادەمنى كاتېگورىيەلەشتۈرەلەيدىغان تەركىبىي قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ۋىلىيام جامېستىن كېيىن ئۆتكەن جەمئىيەتشۇناسلار ئۇنىڭ ھەممە چۈشەندۈرۈشلىرىدىن پايدىلىنىپ كەتمىگەن. ئەمما، ئۇنىڭ «ئىجتىمائىي ئۆزلۈك» ھەققىدىكى قارىشى بارلىق سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەچىلىرىنىڭ تەھلىللىرىدە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن.

ۋىلىيام جامېسنىڭ ئۆزلۈك ئۇقۇمى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ تونۇشىدىغان ئادىمى كۆپ بولغانسېرى ئىجتىمائىي

ئۆزلۈكى شۇنچە كۆپ بولىدۇ.» لېكىن، ۋىلىيام جامېس ئىنساننىڭ روھىي پائالىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىدىغان پسىخولوگ بولغىنى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ئۆزلۈك پەيدا بولىدىغان ئىجتىمائىي جەرياننى ۋە بۇ ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى دىققىتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرغان.

مىد ۋە ئۇنىڭ ئىدىيەلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس چارلېز خورتون كۇلىنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشۇش لازىم. سەۋەبى، چارلېز خورتون كۇلى ئۆزىنىڭ ئۆزلۈك ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىدا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بۆسۈشكە ئېرىشكەن: بىرىنچى، ئۇ ئۆزلۈك ئۇقۇمىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە «ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى باشقا ئوبيېكتلار بىلەن بىر قاتاردا ئۆزىنى ئايرىم ئوبيېكت دەپ تونۇش جەريانى ئۆزلۈك بولىدۇ» دەپ قارىغان. ئىككىنچى، كۇلى ئۆزلۈكنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش داۋامىدا يارىتىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋە مۇنداق بىر نۇقتىنى ئىلگىرى سۈرگەن: كىشىلەر باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش داۋامىدا باشقىلارنىڭ قىياپەتلىرىنى ئۆز كۆڭلىدە ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدىن كۆزىتىپمۇ باقىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ئاندىن شۇ ئاساستا ئۆزلۈك ئوبرازىغا ئېرىشىدۇ ياكى ئۆزىگە باھا بېرىدۇ. كۇلى مەنىۋىيەتتىكى بۇ جەرياننى «ئەينەكتىن ئەكسىنى كۆرىدىغان ئۆزلۈك» دەپ ئاتىغان ۋە ئادەمنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تونۇشىدا باشقىلارنىڭ باھاسى ۋە قىياپىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كۇلى ۋىلىيام جامېسنىڭ ئۆزلۈك ئۇقۇمىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن، ئۇقۇم دائىرىسىنى تارايتقان ۋە ئۆزلۈكنىڭ بىر ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە كىشىلەر باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا سىمۋوللۇق يوسۇندا پەيدا

بولىدىغانلىقىنى يېشىپ بەرگەن. بۇ تونۇش كېيىن سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئومۇملاشقان. ئۇنىڭ قاراشلىرى ئۆز ۋاقتىدە يەنە مىدقا تەسىر كۆرسەتكەن.

جون دېۋېي — مىدنىڭ يېقىن دوستى، كەسىپدىشى. بۇ ئىككەيلەن بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ۋاقىتتىن تەسىر كۆرسەتكەن. جون دېۋېينىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مىد مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ بارغان. بۇ ئىككى مۇتەپەككۇر ئۆمۈرلۈك دوستلاردىن بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغان جون دېۋېي ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىنساننىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتقا غوجا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ياشىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىنساننىڭ پەرقلىق خاراكتېرى هايات شارائىتلىرىغا ماسلىشىپ ياشاش ئىقتىدارىدا كۆرۈلىدۇ. ئىنساننىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىقتىدارى ئۇنىڭدا ئويلىنىش ئىقتىدارىنىڭ بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. قەلب تۇرغۇن قۇرۇلما ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى داۋامىدا بارلىققا كېلىدىغان بىر جەريان. شۇنىڭدەك، ئاشۇ قەلب بولغىنى ئۈچۈن، ئىنسان ئەتراپىدىكى مۇھىتقا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە... مانا بۇ ۋاقىتلار ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆزىتىش ۋاقتىسى بولغان.

جون دېۋېي ئىنسان ئېڭىنى چۈشىنىش ئۈچۈن جىق كۈچىگەن ۋە «قەلب قانداق يېتىلىدۇ؟ مۇھىتقا قانداق ماسلىشىدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش نېگىزلىك سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشقان. دېۋېينىڭ نەزىرىدە، قەلب — مۇھىتتىكى ئوبيېكتتىن غىدىقلىنىش ۋە شۇنىڭ تۇرتكىسىدە مۇۋاپىق ھەرىكەت ئەندىزىلىرىنى تېپىپ چىقىش جەريانى. بۇ جەرياندا قەلبتە مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان ھەرىكەتلەر تاللىۋېلىنىپ، ماسلىشالمايدىغان ھەرىكەتلەر شاللىۋېتىلىدۇ. قەلب —

ئويلىنىشىنىڭ، پىكىر قىلىشنىڭ مەھسۇلىدۇر.

«پىكىر قىلىش ــ ھەر خىل زىددىيەتلىك تالاش يوللىرىنى ئىچكى دۇنيايىمىزدا بىر ـ بىرلەپ رېپېتىتسىيەدىن ئۆتكۈزۈش جەريانى... پىكىر قىلىش يەنە ئۆز نۆۋىتىدە قانداق مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى تېپىش ئۈچۈن قىلىنغان مەنىۋى تەجرىبە. ئۇ شۇنداق بىر تەجرىبىكى، ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك تاللاش ئىمكانىيەتلىرى سىناقتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، تاللاش ئىچىدىكى قايسى خىل ھەرىكەتنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ھېس قىلىنىدۇ.»

جون دېۋېينىڭ قەلبىنى تۇرغۇن گەۋدە سۈپىتىدە ئەمەس، مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانى سۈپىتىدە تونۇش ھەققىدىكى قاراشلىرى مىدىنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق بولۇشىغا جون دېۋېينىڭ ئىجتىمائىي دۇنيادىكى ئالاقە ئارقىلىق قەلبنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى ۋە يېتىلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشى سەۋەب بولغان. مىد ــ كۇلى ۋە جون دېۋېيدىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن.

## ئۆزلۈك ۋە ئۆزلۈكنىڭ مەنبەسى

مىدنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئاڭ ۋە ئۆزلۈكنىڭ مەنبەلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يېشىپ بەرگەنلىكىدە. ئادەم بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ باشقىلارنىڭ رولىنى ئۆتەش، ئۆزىنىڭ قانچىلىكلىكىنى باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدىن تۇرۇپ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆگىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئۆزلۈكى تەبئىي يېتىلىۋاتقان بولىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى باشقىلارنىڭ ئۆزلۈكىگە تەسىر كۆرسەتكەن سىمۋوللارنىڭ بىر يەككە شەخسنىڭ روھىيىتىگە سىڭىپ كىرىشى. ئۆسمۈرلۈك ياكى بالىلىق دەۋرىنى باش-

تىن كەچۈرۈۋاتقان باللار مەنىلىك سىمۋوللارنى ئىشلىتىش قابىلىيىتىنى تېخى يېتىلدۈرمىگەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئويند-غان چاغدىكى ھەرىكەتلىرىدە ئىستىخىيەلىك ئېلېمېنتلار ئارد-لىشىپ كەتكەن بولىدۇ. «باللار چوڭ بولغانسېرى ئويۇن جەريا-نىدا باشقىلارنىڭ رولىنى ئۆتەشنى ئۆگىنىدۇ. باللارنىڭ ئو-يۇنلىرىدا بىر ئانىنىڭ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ياكى بىر ساقچى-نىڭ ھەرىكەتلىرىنى دورىشى ئەمەلىيەتتە خىلمۇ خىل روللارنى ئېلىشنى ئۆگىنىۋاتقىنىدۇر.» ئەقلى يېتىلىۋاتقان بالا ئويۇن جەريانىدا ھەر خىل روللارنى ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنى خىيالىدا قالتىس بىلگەن ئادەملەرنىڭ ئورنىدا قويۇپ ھېس قىلىش قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈۋاتقان بولىدۇ. يېشىنىڭ چوڭىي-يىشىغا ئەگىشىپ باللار ھەرىكەتلىرىدە ھەر خىل روللارنى ئېلىشنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ خىل روللارنىڭ قانۇ-نىيىتىنى تەسەۋۋۇرىدا پىشۇرىدۇ.

لېكىن، باللار يۇقىرىقىدەك ئويۇن باسقۇچىدا باشقا ئاداشلىرى ئورۇنلاۋاتقان رولنى سىرتتىكىلەرنىڭكى بىلەن چېتىشتۇرۇپ ھېس قىلىشنى بىلمەيدۇ. باللارنىڭ ئۆزلۈك تەرەققىياتىدىكى يېڭى بۆسۈش ئۇ مۇرەككەپ ئويۇنلارنى ئوينىيالايدىغان بولغاندا روياپقا چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلار باشقىلار ئوينىغان رولنى ئۆزىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرالايدۇ. بۇ باسقۇچ ئويۇن باسقۇچى دېيىلىدۇ. باللار بۇ چاغدا ئوينىيالايدىغان بىرقەدەر مۇرەككەپ ئويۇنلار مۆكۈ - مۆكۈلەڭ قاتارلىق ئاددىي ئويۇنلاردىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ۋاسكېتبول، پۇتبول مۇسابىقىسى قاتارلىق بىرقەدەر مۇرەككەپ ئويۇنلاردا بىر بالا باشقا ھەممەيلەن ئۆتەشكە تېگىشلىك رولنى ئۆتەۋاتقان بولىدۇ. ئويناش باسقۇچىدىكى ئويۇنلار بىلەن ئويۇن باسقۇچىدىكى رەسمىي ئويۇنلار پەرقلىنىدۇ. ئۆزى يالغۇز ئويناۋاتقان بىر بالا ھېچقانداق قائىدىگە بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ. مۇرەككەپ ئويۇنلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدە - قانۇنىيەتلىرى

بولىدۇ. كۆپ بالا بىلەن ئوينايدىغان ئويۇن ھېس قىلىنغان باشقا بىراۋنىڭ رولىنى ئۆتەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا، ھەر بىر بالا باشقىلارنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلارغا قارىتىلغان ھەرىكىتى ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ. مۇسابىقىنى تۈتۈپ تۇرغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنىڭ ياردىمىدە بالا باشقا ئەزالارغا ئوخشاش بولۇشنى ئۆگىنىدۇ. بالىلارنىڭ يېتىلىشىدىكى ئاخىرقى باسقۇچ پىشش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچ يەككە شەخس «ھېس قىلىنغان باشقا بىراۋ»نىڭ رولىنى ئالغاندا، جۇملىدىن ئومۇمىي كوللېكتىپنىڭ پوزىتسىيەسىگە دۇچ كەلگەندە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

مىدنىڭ قارىشىچە، تولۇق يېتىلگەن ئادەم باشقىلارنىڭ ــ «ئۆزىگە مۇھىم بىلىنگەن باشقا كىشىلەر»نىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا تۇتقان پوزىتسىيەلىرىنى نەزەرگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئورتاق ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ھەر خىل ھالقىلىرىغا نىسبەتەن پوزىتسىيە يېتىلدۇرىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئۇ بىر جەمئىيەتنىڭ، ئىجتىمائىي توپنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە رول ئېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئېيتىش كېرەككى، «تەخمىنەن ھېس قىلىنغان بىراۋ»نىڭ تەسىرى بىر ئادەم قەلبىدە يىلتىز تارتقاندا ۋە بۇ ئارقىلىق ئومۇم جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىرىنى كۆرسىتەلىگەندە پىشقان ئۆزلۈك ۋۇجۇدقا چىقىشقا باشلايدۇ.

مىدنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ رول ئۆتەش ئىقتىدارىنى ئۆگىنىشىنى تۇرغۇن بىر گەۋدە دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇ بىر جەريان، «ئاڭلىق ئۆزلۈك» يېتىلدۈرۈش جەريانى. جون دېۋىي مىدنىڭ «ئاڭلىق ئۆزلۈك» ئۇقۇمىغا باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «مىدقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ‹ئاڭلىق ئۆزلۈك› ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئاندىن ئۆزلۈك شەكلىدە ئىپادىلىنىپ ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا،

ئىجتىمائىي تۈزۈلمىگە ماسلىشىشىغا ياردەم بېرىدىغان تەركىبتۇر.»

مىدىنىڭ نەزىرىدە ، قايتىدىن ئويلىنىش ئىقتىدارى ئادەم ئۆزلۈكىنىڭ ماھىيىتىدۇر، بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ پوزىتسىيەسىنى كۆڭلىدە پىكىر ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈشنى ئۆگىنىشى داۋامىدا ئۇنىڭ ئۆزلۈكى قايتىدىن ئويلىنىش جەريانىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. ھەم سۇبيېكتىپلىققا، ھەم ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولغان بۇ ئۆزلۈك — ئىجتىمائىيلىقنىڭ يادروسىدۇر. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزلۈكىدىكى خاسلىق — بىر خىل يۇغۇرۇلما بولۇپ، شۇ ئادەمگە مۇھىم بىلىنگەن باشقا بىراۋلارنىڭ پوزىتسىيەسىدىن ھەر خىل ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ئەمما، ئىككى ئادەمنىڭ ئۆزلۈكىدىكى خاسلىق ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ تۈپەيلى، خاسلىقنىڭ يىلتىزى ئىجتىمائىيلىقتا بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شۇ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىغا ھەربىر ئادەم ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇۋاتقان بولىدۇ.

## «ئۆز مەن» ۋە «ئىجتىمائىي مەن»

مىد ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى تەھلىللىرىگە يانداشقان ھالدا «ئۆزلۈك نوقۇل ھالدا ئىجتىمائىي پوزىتسىيەلەرنىڭ مۇنداقلا تەشكىللىنىشى بىلەن روياپقا چىقمايدۇ» دەپ قارىغان ۋە «ئۆزمەن» بىلەن «ئىجتىمائىي مەن» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئىزاھلاش ئارقىلىق بۇ قارىشىنى ۋە ئۆزلۈكنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسلىرىنى شەرھلەشكە تىرىشقان. «ئۆزمەن»مۇ، «ئىجتىمائىي مەن»مۇ تەبىئىي ھالدا ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي كەچۈرمىشلىرىگە باغلانغان بولىدۇ. بىراق، «‹ئۆزمەن› — ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ باشقىلارنىڭ پوزىتسىيەسىگە قايتۇرغان ئىنكاسىدۇر. ‹ئىجتىمائىي مەن› بولسا باشقىلارنىڭ بىر ئادەم كۆڭلىدە ھېس قىلىنغان بىر قاتار پوزىتسىيەلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يۇغۇرۇلمىسدۇر. باشقىلارنىڭ پوزىتسىيەلىرى ‹ئىجتىمائىي مەن›نى پەيدا قىلسا، بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قايتۇرغان ئىنكاسلىرى ‹ئۆزمەن› شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.» «بىر ئادەم ‹ئىجتىمائىي مەن› سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئوبيېكت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيەلىرى ئاساسىدا ئۆزىگە باھا بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان باھاسى ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىدە باشقىلارنىڭ باھالىرىنى دەڭسەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ‹ئىجتىمائىي مەن› ئۆزلۈكنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، چوڭراق ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ ۋە ئۆزىگە مۇھىم بىلىنگەن باشقىلارنىڭ مەۋقەسى نۇقتىسىدىن ھېس قىلىنىدۇ ۋە ئادەمدە ئۆزىگە بولغان تونۇشنى پەيدا قىلىدۇ.» «ئۆزمەن» بولسا «ئىجتىمائىي مەن»گە نىسبەتەن ئېيتىلغان، ئۇ «بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تۇتقان پوزىتسىيەلىرىگە تۇتقان ئىنكاسى بولۇپ، باشقىلارغا ئۆزىمۇ پوزىتسىيە بىلدۇرگەندە ئىپادىلىنىدۇ، ئادەمگە ھۆرلۈك تۇيغۇسى ۋە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى ئاتا قىلىدۇ.» «بىر ئادەمنىڭ ئېڭىدا مەۋجۇت بولىدىغىنى ‹ئىجتىمائىي مەن›دۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوبيېكت سۈپىتىدىكى ئۆزلۈكتۇر. لېكىن ‹ئۆز مەن› بولمىسا ‹ئىجتىمائىي مەن›نى ھېس قىلماق تەس. ئەمما، ‹ئىجتىمائىي مەن› بىلەن ‹ئۆز مەن› ئوخشاش نەرسە ئەمەس. ئادەمدىكى ‹ئۆز مەن› باشقىلار مەڭگۈ يۈزدە يۈز چۈشىنىپ بولالمايدىغان، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەلىپى بىلەن ھەممىشە سىغىشالمايدىغان تەرەپتۇر.»

مىد يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق يازىدۇ: «ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك ماكانغا تەۋە بولۇپ، مۇئەييەن بىر ئائىلىگە ياكى سىياسىي تۈزۈلمىگە، بىرەر مىللەتكە يېڭى ئەزا سۈپىتىدە قېتىلىپ دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. ئاشۇ نۇقتىلارنىڭ ھەممىسى ‹ئىجتىمائىي مەن›نى تەشكىل

قىلىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئىجتىمائىي پەنىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر قاتار ھەرىكەتلەر بولىدۇ.» ئادەملەر تۇغۇلغاندا ئۆزلىرى تەۋە بولىدىغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ئۆز خاھىشى بويىچە تاللىيالمايدۇ ۋە ئۆزى قۇرمىغان ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە تۈزۈلمە ئىچىدە ياشايدۇ؛ تىل، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت، قانۇن ـ پەرمان قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ نۇقتىلار ‹ئىجتىمائىي مەن›نىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە قېتىلىدۇ. ھالبۇكى، ‹ئۆزمەن› بولسا ‹ئىجتىمائىي مەن›دىن پەرقلىق ھالدا ئاشۇ تەركىبىي ئېلېمېنتلارغا، ئىجتىمائىي تۈپنىڭ باھاسىغا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. مىدنىڭ نەزىرىدە، قەلب «شەخسنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ئىچكى دۇنياسىدا يۇغۇرۇۋېتىشىنىڭ ھاسىلاتىدۇر.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئادەم ئۇزۇكسىز يوسۇندا جەمئىيەتكە قارشى ھالەتتە ھەرىكەتكىمۇ ئۆتىدۇ.» ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزلۈك ئىجتىمائىي كەچۈرمىشلەر داۋامىدا پەيدا بولىدۇ، بىر ئادەمگە مۇھىم بىلىنگەن باشقا بىراۋلارنىڭ ‹ئىجتىمائىي مەن›گە تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ۋە ئۇنىڭغا ‹ئۆز مەن›دىكى سانسىز خاس ئېلېمېنتلارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى بىلەن پۈتىدۇ. «ئەگەر ئۆزلۈكنىڭ ئاشۇ ئىككى تەركىبىي قىسمى روياپقا چىقمىسا، ئادەملەردە ئاڭلىق مەسئۇلىيەتچانلىق بولمايدۇ، ئىنسانىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە يېڭىلىقمۇ بولمايدۇ.» مىد ئىنسان ئەركىنلىكىنى تەكىتلەيدۇ ھەم بۇ خىل ئەركىنلىكنىڭ باشقىلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدىن كېلىۋاتقان ئىنكاسلار ئاساسىدا ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئادەملەر ھامان بىر ئىجتىمائىي دۇنياغا سىڭىشىپ ياشايدۇ. لېكىن، پىشقان ئۆزلۈك ئاشۇ ئىجتىمائىي دۇنياغا ئىنكاس

www.uyghurkitap.com

قايتۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ھەسسە قوشۇۋاتقان بولىدۇ. مىدقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي دۇنيادا زىددىيەت ھەم ھەمكارلىق بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ھەم شۇ تەقەززالىقتىن مۇستەسنا ھالدا جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مىد مۇنداق يازىدۇ: «يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋە ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر جەمئىيەتتە ئادەملەر ھەر خىل چېگىچ، ئىرماش - چىرماش مۇناسىۋەت چەمبىرىكىدە ياشايدۇ ۋە باشقا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قىزىقىشىغا ئازدۇر - كۆپتۇر قارشىلىشىدۇ. پەقەتلا چەكلىك بىر توپ ئىچىدە كىشىلەر ئورتاقلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولىدۇ.»

## قەلب، ئۆزلۈك ۋە جەمئىيەت

مىدقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئادەملەرنىڭ سىمۋوللۇق ئالاقە جەريانىدا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىدىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدۇر. بۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ ساقلىنىشىدا، ئۆزگەرتىلىشىدە سىمۋوللۇق ئالاقە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنىڭ ساقلىنىشى ياكى ئۆزگەرتىلىشىگە قەلب ۋە ئۆزلۈكنىڭ يېتىلىش جەريانى تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن يا ھەمكارلىشىپ، يا زىددىيەتلىشىپ ياشايدۇ. بۇ جەريانغا تۇرتكە بولۇۋاتقىنى قەلب ۋە ئۆزلۈكنىڭ كۈچىدۇر. بىر ئادەمنىڭ قەلبى ۋە ئۆزلۈكىدىكى يېتىلىش جەريانى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەتنى ئادەملەرنىڭ رول ئۆتۈشى، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى باھالىشى جەريانىدىن پەيدا بولغان قۇرۇلما دەپ تونۇش ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت بىلەن شەخس

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش جەريانىدۇر. قىسقىسى، جەمئىيەت ئىنساننىڭ قەلبى ۋە ئۆزلۈكىنى يارىتىدۇ، ئاندىن قەلب ۋە ئۆزلۈك جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت بولمىسا ئۆزلۈك ۋە قەلب بولمايدۇ، ئۆزلۈك ۋە قەلب بولمىسا جەمئىيەت بولمايدۇ.

جەمئىيەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزلۈكنىڭ ئىقتىدارىنى، جۈملىدىن بىر ئادەمنىڭ تەخمىن ھېس قىلىنغان باشقا بىراۋلارنىڭ نۇقتىسىدىن چىقىپ ئۆزىگە باھا بېرىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئادەم سىمۋوللاردىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئوبيېكتلارنى تونۇيدۇ ۋە ئاشۇ ئوبيېكتلارغا نىسبەتەن تۈرلۈك ھەرىكەتلىرىنى تاللاش ئىمكانىيەتلىرى ئىچىدە سىناپ كۆرىدۇ، سىناقتىن ئۆتمىگەن ھەرىكەت مودېللىرىنى شاللايدۇ. بۇ جەرياندا قەلب بىر قۇرۇلما سۈپىتىدە ئەمەس، جەريان سۈپىتىدە يېتىلىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئادەملەرنىڭ سىمۋوللۇق يوسۇندا قىلغان ھەرىكەتلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلەلىشىگە، ئۇيۇشتۇرالىشىغا باغلىق. بولمىسا بۇنداق جەمئىيەتتە كىرىزىس ھامان مەۋجۇت بولىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئورتاق سىمۋوللارنى، مەنىلەرنى، قىياپەتلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئۆزلۈكى ۋە قەلبىنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئاشۇ چۈشىنىشنىڭ نەتىجىسىدە ئادەم باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا ماس كېلىدىغان ھەرىكەت مودېللىرىنى تاللىۋالىدۇ. ئومۇمەن، بىر توپقا ئورتاق بولغان مەنە، قىياپەتلەرنى چۈشىنىش، باشقىلارنىڭ رولىنى ئۆتەش داۋامىدا ئاشۇ قىياپەتلەردىن پايدىلىنىش ۋە بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى رېپېتىتسىيە قىلىش نەتىجىسىدە ئادەمنىڭ قەلبى يېتىلىدۇ.

# سىمۋول، رېئاللىق ۋە تارىخ

تارىخ ئاللىبۇرۇن ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ھازىرقى رېئاللىقتا مەۋجۇتلۇقتىن قالغان كارتىنىلارنى ئالدىمىزدا زاھىر قىلىدۇ. سىمۋوللار بولسا تارىخ پەيدا قىلىش ۋە ئۇنى ساقلاش ئارقىلىق ئۆتمۈشنى روشەنلەشتۈرىدۇ. مىد سىمۋوللاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى بىر جامائەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىخ — بىر ئىجتىمائىي توپقا ئۆز كوللېكتىپىنىڭ ئومۇمىي ئۆزلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك. ئۆزلۈك ئىنسان ئۈچۈن ئۇنى ئۆز جامائەتچىلىكى ئارىسىغا قېتىلغاندا لازىم بولىدىغان ئاساس بىلەن تەمىنلىسە، تارىخ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي توپنى كوللېكتىپ كىملىك تۇيغۇسىغا ۋە ئومۇمىي ئۆزلۈك ئېڭىغا ئىگە قىلىدۇ.

مىدنىڭ قارىشىچە، ۋاقىت ۋە سىمۋول بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. سىمۋوللارنىڭ ياردىمى بولمىسا، كىشىلەردە ۋاقىت ئېڭى بولمايدۇ. سىمۋوللار بىزنى كەلگۈسى ۋە ئۆتمۈش ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشقا چاقىرىدۇ. ھايۋانلار بىر خىل تەبىئىي غىدىقلىنىشنىڭ تەسىرىدە ئۆزى ياشاۋاتقان ۋاقىت چەمبىرىكىگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە تونۇش بولمايدۇ. ئىنسانلار بولسا تىلنىڭ ياردىمىدە ئۆز تارىخىنى بىلەلەيدۇ ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنالايدۇ. يەنە شۇ تىلنىڭ ياردىمىدە بىز ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي تارىخىمىزغا، خاراكتېرىمىزگە ئىگە بولىمىز.

سىمۋوللار بىزگە ئۆزىمىزنى تونۇش پۇرسىتى ئاتا قىلىدۇ. ئۆزىمىزنى تونۇشىمىز بىلەن تەڭ ئۆزىمىزنىڭ قىممىتى ھەققىدە مەلۇم يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز. ئىنساندىكى ئۆزىنى

تونۇش ئېڭى ۋە ئىقتىدارى ئۇنى باشقىلار بىلەن ئۆزىنى باغلاپ تەھلىل قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. سىمۋوللار بىزگە تارىخ تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ. سىمۋوللارنىڭ ياردىمىدە ئۆزىمىزنىڭ تارىخىنى ۋە باشقىلار بىلەن ئورتاقلىقى بولغان تارىخنى تونۇيمىز. سىمۋوللارنىڭ ياردىمىدە تەسەۋۋۇرىمىزدا خىيالەن كەلگۈسىنى تۇرغۇزۇپ چىقىمىز.

مىدىنىڭ ئەسەرلىرىدە سىمۋول رېئاللىقنىڭ بىر شەكلى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان. مىدىنىڭ نەزىرىدە رېئاللىقتىن دېرەك بېرىدىغان سىمۋوللار ئىنسانىنىڭ بىر تارىخىي جەريانىدىكى ھەرىكىتىگە ئەينەك ۋە ئۆرنەك بولىدۇ. مەسىلەن، بىر خىل سىمۋول بولغان تىل مەدەنىيەت تارقىتىپلا قالماستىن، بەلكى شەخسنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىدا ۋاستە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىلنىڭ ياردىمىدە ئادەملەر ئۆزىنى تونۇيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ماددىي مۇھىتىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزگىچە ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسى يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

## بەلگە ۋە سىمۋول

كىشىلەر سىمۋوللارنىڭ ياردىمىدە ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، ئەمەلىيەتتە بىر پائالىيەتكە قاتنىشىۋاتقان بولىدۇ. ئادەملەر سىمۋوللارنىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ، سىمۋوللارنى تونۇيدۇ ۋە قانداق ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. ھايۋانلار بولسا سىمۋوللارنى ئەمەس، بەلگىنى تونۇپ ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئادەملەر ھەم سىمۋول، ھەم بەلگە نۇقتىسىدىن ھەرىكەتكە ئۆتەلەيدۇ. بەلگىلەر بىر خىل ئىنكاس، جاۋابنى تەقەززا قىلىدۇ. سىمۋوللار بولسا ئالاھىدە بىر خىل ئىنكاس پەيدا قىلىشنىڭ ئورنىغا سىمۋوللۇق ئالاقىگە قاتناشقانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا

www.uyghurkitap.com

چۈشىنىلىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن مىف سىمۋوللار بىلەن بەلگىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرگەن.

مىف ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تالىشىۋاتقان ئىككى ئىت ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى مىسالغا ئالغان. ئىتلار تالىشىۋاتقاندا بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ يېقىنلىشىدۇ ۋە ھەر خىل قىياپەتلەرنى چىقىرىدۇ. بىر ئىت يەنە بىر ئىتتىن كېلىۋاتقان تەھدىتكە قاراپ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئەمەلىيەتتە ئىتلارنىڭ ئىچكى ئورگانىزملىرى بەلگە شەكلىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ھەيۋىلەرگە جاۋاب بېرىۋاتقان بولىدۇ.

بەلگىلەرگە قايتۇرۇلغان ئىنكاس مۇتلەق بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيقۇسىغا قېنىپ ئويغانغان بىر يىلپىز كۆزىنى ئېچىپ ھۆركىرىسە، باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭ ھۆركىرىشىنى تەھدىتنىڭ بەلگىسى دەپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا ھۆركىرەش بىر خىل بەلگە سۈپىتىدە ئىنكاس پەيدا قىلغان بولىدۇ. سىمۋوللار بولسا ئورتاق ھېس قىلىنغان بەلگىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. سىمۋوللۇق ھەرىكەت بولمىسا، ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى مەنىلەرنى چۈشەنمەك تەس ھەم ئالاقىنىڭ ئۆزىمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئانا تىلى ئۆزىمىزنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكىنىمىزدە، ئارىدىكى ئالاقە توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. سىمۋوللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە مەۋجۇتلۇقى بىر ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ـــ ئورتاق ھېس قىلىنىدىغان قىممەت قارىشى، مەنە، قىزىقىش، ئەقىدە ۋە تۇتېملارنىڭ بارلىقىدىن ۋە بۇلارنىڭ تىلنى ۋاستە قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بەلگىدىن پايدىلىنىش بولسا ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلمايدۇ.

## قىياپەت

ھەرىكەت بىرلا ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتكۈزسە، ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مىدىنىڭ قارىشىچە، قىياپەت ئاشۇ ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە يۈرۈشىدىغان ئىجتىمائىي جەرياننى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچتۇر. «قىياپەت ئىجتىمائىي ئورگانىزملىرىمىزنىڭ غىدىقلىنىشىغا مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇشتىن پۈتكەن بەدەن ھالىتىدۇر.» ئادەملەرمۇ، ھايۋانلارمۇ قىياپەت ھەققىدە شۇنداق بىر تونۇشقا ئىگىكى، بىر تەرەپنىڭ ئىستىخىيەلىك ياكى ئىختىيارىي يوسۇندا قىلغان ھەرىكىتى يەنە بىر تەرەپتە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. مىد ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى جەرياننى «قىياپەتلەرنىڭ سۆزلىشىشى» دەپ ئاتىغان.

ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئۆتكەن چاغدا، ئۇلارنىڭ قىياپەتلىرى ئۇنىسىز ھالدا قارشى تەرەپنى ھېس قىلىنۋاتقان ياكى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقان بولىدۇ. بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مىد بوكس، مۇسابىقىسىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى مىسالغا ئالىدۇ. بۇنداق مۇسابىقىدىكى ئېلىشىشلاردا بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ھەر بىر قىياپىتىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشكە ئىنكاس قايتۇرىدۇ، ياكى ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ياكى تەبىئىي يوسۇندا ئۆزىنى قوغداپ مۇداپىئەگە ئۆتىدۇ. ئىنساننى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان يەنە بىر نۇقتا ئۇنىڭدا مەنىلىك قىياپەتلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ بولغانلىقىدا ۋە ئۇنىڭغا لايىقىدا ئىنكاس قايتۇرالىغانلىقىدا.

# روھىي تەرتىپ

مىد روھىي تەرتىپ ھەقىقىدە توختالغىنىدا، زېھىن ھەققىدە چىق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ ۋە ئۇنى ناھايىتى كەڭ بىر مەنىدىن چۈشىنىپ، ئىنسان ئورگانىزملىرىنىڭ ماسلىشىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئىقتىدارى دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ خىل تەبىر بويىچە قارىغاندا، ھايۋانلاردىمۇ زېھىن بولغان بولىدۇ. سەۋەبى، ھايۋانلارمۇ بىر - بىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. لېكىن، ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەقلىنى، مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، مەنىلىك سىمۋوللاردىن پايدىلىنىشنى بىلىش قاتارلىق تەرەپلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. دەرھەقىقەت، ئاپشاركىدىمۇ زېھىن بولىدۇ. ئەمما، بىر رازۋېدكىچىنىڭ ئاپشاركىدىن پەرقلىنىدىغان تەرىپى ئۇنىڭ مەنىلىك سىمۋوللاردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

مىد: ھايۋانلاردا «ئىدراكسىز زېھىن» بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھايۋانلارغا قارىغاندا ئادەملەردە ئىدراك ۋە پىكىر قىلىش قابىلىيىتى بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەملەر ھايۋانلاردىن پەرقلىق ھالدا ئىچكى دۇنياسىدا ئۆز - ئۆزى بىلەن دىيالوگ قىلالايدۇ. ھەرىكىتىنى كونترول قىلالىشى ۋە غىدىقلىنىشقا قايتۇرىدىغان ئىنكاسىنى كېچىكتۈرەلىشى ئادەملەرنىڭ پىكرىي زېھنىدىكى ئىنتايىن مۇھىم تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. ھايۋانلار بولسا شەپكە، غىدىقلىنىشقا دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدۇ ھەم ئىنكاسىنى كونترول قىلالمايدۇ. ئىنسان بولسا ئىنكاسىنى كېچىكتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، مېڭىسىدە ھەر خىل ئەھۋالغا نىسبەتەن ھەر خىل ئۇچۇرنى قايتۇرالايدۇ؛ ھەر خىل تاللاش ئىمكانىيەتلىرى

ئىچىدىن مۇۋاپىقىنى تاللىيالايدۇ. ئادەملەر ئاشۇ تاللاش ئىمكانىيەتلىرى توغرۇلۇق ئويلانغىنىدا ئۇلارنى ئۆز كۆڭلىدە دەڭسىيەلەيدۇ ۋە ئۆزلىرى بىلەن ئۇنىسىز پىچىرلىشالايدۇ. هايۋان بولسا بۇنداق ئىقتىداردىن مۇستەسنا هالدا، هەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشماستىنلا تاشقى دۇنياغا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئادەملەر بولسا بىر قاتار غىدىقلىغۇچى ئېلېمېنتلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغىنىنى تاللىيالايدۇ. دەل مۇشۇ ئىقتىدارغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن ئادەملەر هايۋانلارغا قارىغاندا مۇھىتقا ياخشىراق ماسلىشالايدۇ. مىد قىسقا قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «زېهىن بولۇش دېگىنىمىز تاللاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇش دېگەنلىكتۇر.»

روهىي تەرتىپ ۋە قەلب هەققىدە مۇلاهىزە يۈرگۈزگەندە، مىد يەنە ئاڭ هەققىدىمۇ توختالغان ۋە ئۇنى مۇنداق ئىككى خىل ئالاهىدىلىك بىلەن خاراكتېرلەندۈرگەن: بىرىنچى، ئاڭ هەر بىر ئادەمدە ئايرىم بولىدۇ هەم پۈتۈنلەي سۇبيېكتىپلىققا ئىگە بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ئاڭدا پىكىر قىلىش، دەڭسەش جەريانى ئىشقا ئاشىدۇ. مىد ئاڭنىڭ ئىككىنچى ئالاهىدىلىكىگە بىرىنچى ئالاهىدىلىكىگە قارىغاندا بەكرەك دىققىتىنى بەرگەن. مۇلاهىزىلىرىدە ئادەمنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىقنى هېس قىلىش جەريانىنى ئەمەس، ئىجتىمائىي دۇنيا توغرىسىدا ئويلىنىش ئالاهىدىلىكلىرىنى تۇتقا قىلغان.

مىدنىڭ قارىشىچە، ئاڭنى مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي جەريان ئىچىگە قويۇپ هېس قىلغىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلاردىن، پسىخولوگلاردىن پەرقلىق هالدا ئۇ ئاڭنىڭ مېڭىدە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ: «ئاڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدا تېگىشلىك رول ئوينايدۇ، ئەمما مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ؛ ئۇ مېڭىنى ئەمەس، ئىجتىمائىي دۇنيانى مەنبە قىلىدۇ. ئاڭ مۇھىتنىڭ

www.uyghurkitap.com

قەلبىمىزدە، روھىيىتىمىزدە يىلتىز تارتقان ئېلېمېنتلىرىدۇر. مېڭىدە يۈز بېرىدىغىنى ۋە ئورۇن ئالىدىغىنى بىز ئاشۇ ئاڭغا ئېرىشىش ياكى ئۇنى يوشۇرۇش داۋامىدا يۈز بېرىدىغان پسىخولوگىيەلىك جەرياندۇر.»

مەنە — مىدىنىڭ تەھلىللىرىدىكى يەنە بىر نۇقتا بولۇپ، مىد ئۇنىمۇ ئىنسان ھەرىكىتى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان ۋە «مەنە ئاڭدا بولىدۇ» دېگەن قاراشنى رەت قىلغان: «ئىجتىمائىي كەچۈرمىشلەر داۋامىدا ھېس قىلىنىدىغان مەنە ئاڭنى تەقەززا قىلمايدۇ.» مىد يەنە مەنىنى ئىدىيە ياكى فىزىكىلىق ھادىسە دەپ چۈشىنىدىغان قاراشقىمۇ قوشۇلمايدۇ: «ئىنسان ئورگانىزملىرىدىكى قىياپەتلەر ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىۋاتقان قىياپەتلەردە ۋە ئۇنىڭغا جاۋابەن قىلىنغان ھەرىكەتلەردە مەنە بولىدۇ. مەنە مۇشۇنداق بىر ئىجتىمائىي جەريان ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.» ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىدىكى مەنە سىمۋوللارنىڭ ياردىمىدە ئۇقۇلىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئورنى ئاڭنى ۋە تونۇشنى بېقىندۇرىدىغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتتە بولىدۇ. شۇڭا، ئادەملەرمۇ، ھايۋانلارمۇ مەنىدىن خەۋەرسىز تۇرۇپمۇ مەنىلىك ھەرىكەتكە ئۆتەلەيدۇ.

## تەرەققىيات

جورج خېربېرت مىد تەرەققىياتنى ئەمەلىيەتچانلىق نۇقتىسىدىن چۈشىنىدۇ: «تەرەققىيات ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدۇر.» ھالبۇكى، مىد تەرەققىياتنى تۈپتۈز جەريان دەپ قارىماستىن، بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈرلۈك يوللىرىدۇر، دەپ چۈشىنىدۇ. يەرلىك شارائىتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تەرەققىياتمۇ ئوخشىمايدۇ، تەرەققىيات شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئەمما، ھەر قانداق تەرەققىيات

شەكلى مۇھىتقا ماسلىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ھايۋانلاردىن پەرقلىق ھالدا ئادەملەردە ئۆزلىرىنىڭ مۇھىتىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاچقۇچلۇق رول ئويناۋاتقان تەرەپ ئادەمدىكى ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدارىدۇر. ئۆزىنى تونۇش كىشىلەرنى ھەرىكەتكە ئۈندەيدۇ؛ ئىجتىمائىي دۇنيادا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش، مۇھىتنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ ئىجتىمائىي شارائىتتا كۆرۈلۈۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن خاراكتېرىنى تاكامۇللاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. «شەخس ۋە بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزلۈكنىڭ يۈكسىلىشى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.» مىد مۇنداق يازىدۇ: «تولۇق تەرەققىيات جەريانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن يوللارنى بېسىشقا توغرا كېلىدۇ.»

مىد پەننىڭ، ئىلمىيلىكنىڭ تەرەققىياتتا تۇتىدىغان ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. «بۈگۈنكى دۇنيادا بىز ئۆزىمىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئىلمىي مېتودتا ھەل قىلىشىمىز لازىم.» مىد بىر ئىشنى ھەل قىلىشتىكى ئىلمىي مېتودنى بۆلۈش جەريانىنى مۇنداق بىرقانچە باسقۇچقا بۆلىدۇ: بىرىنچى، مەسىلىگە دۇچ كېلىش باسقۇچى؛ ئىككىنچى، مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش باسقۇچى؛ ئۈچىنچى، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا لازىم بولىدىغان يېتەكچى شەرتنى بايقاش باسقۇچى؛ تۆتىنچى، يېتەكچى شەرتنى قەلبتە دەڭسەش باسقۇچى؛ بەشىنچى، يېتەكچى شەرتنى ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش باسقۇچى. مىد ئاخىرىدا مۇنداق يازىدۇ: «ئىلمىي مېتودقا ئىگە بولۇش دېگەنلىك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندىلا ئىشلىتىدىغان قىياس قابىلىيىتىمىزنى كۈندىلىك ئادەتكە ئايلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر.» ئىلمىي مېتودنىڭ

تەرەققىياتى ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تەقەززا قىلىدۇ.

## دىيالېكتىكىلىق پىكىر ۋە مىدىنىڭ ئانالىزى

مىدىنىڭ تەھلىللىرىدە دىيالېكتىكىلىق پىكىرىنىڭ ئالامەتلىرى روشەن تېپىلىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى بىز تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرەلەيمىز:

بىرىنچى، دىيالېكتىكىلىق نۇقتىدىن پىكىر قىلغۇچىلار دۇنيانى بىرلا نۇقتىدىن، بىرلا ئەندىزە بويىچە كۆزىتىشكە قارشى تۇرىدۇ. مىد ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىكى بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ئېلېمېنتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەڭ دىققەت قىلىدۇ. مەسىلەن، مىدىنىڭ تەھلىلى بويىچە قارىغاندا، «ئۆزلۈك ـــ جەمئىيەتتە پەيدا بولىدۇ، ئاندىن مۇئەييەن سىستېما ئىچىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتتىكى كونسېرى روشەنلىشىۋاتقان پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەرگە، تەرەققىياتقا يېڭى كۈچ سۈپىتىدە قېتىلىدۇ.»

ئىككىنچى، دىيالېكتىكىلىق نۇقتىدىن پىكىر قىلغۇچىلار ئۆزى تەھلىل قىلىۋاتقان پاكىتقا قىممەت قارىشىنى، ھېسسىياتىنى ئارىلاشتۇرۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. گەرچە مىدىنىڭ نەزەرىيەلىرىدە ماركسنىڭ نەزەرىيەلىرىدەك ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى سىڭدۈرگەن جايلار كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما مىد دىنىي ئىنسانىيەت سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدىغان كۈچ دەپ قارىغان.

ئۈچىنچى، دىيالېكتىكىلىق نۇقتىدىن پىكىر قىلغۇچىلار ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئارىسىدا ئېنىق بېكىتىۋېتىلگەن پاسىللارنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيدۇ. مىدىنىڭ ئۆزلۈك، قەلب ۋە

جەمئىيەتنى بىرلىكتە تەھلىل قىلىشىمىز مۇشۇ سەۋەبتىن.

تۆتىنچى، دىيالېكتىكىلىق نۇقتىدىن پىكىر قىلغۇچىلار دۇنياغا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى «ئىجتىمائىي مەن» ۋە «ئۆز مەن» ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە كۆزگە چېلىقىدۇ: «‹ئىجتىمائىي مەن› بولمىسا ‹ئۆز مەن›مۇ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ‹ئۆزمەن› شەكلىدە ئىپادىلەنگەن ئىنكاس بولمىسا، ‹ئىجتىمائىي مەن›مۇ بولمايدۇ.» پېتىر بېرگېر بىلەن توماس لۇكمان مىدنىڭ نەزەرىيەسىگە «جەمئىيەت بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدىكى دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت ھەققىدىكى نەزەرىيە» دەپ باھا بەرگەن.

**نەقىل مەنبەلىرى:**


1. جورج خېربېرت مىد: «قەلب، ئۆزلۈك ۋە جەمئىيەت»، 1934 ـ يىلى نەشرى.

Mead George Herbert. 1934. Mind, Self and Society. Chicago: Uriversity of Chicago press

2. ۋىلىيام جامېس: «پسىخولوگىيەنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرى»، 1980 ـ يىلى نەشرى.

William James. 1980. The prinsiples of psychology, New York: Henry Holt.

3. جورج خېربېرت مىد: «19 ـ ئەسىردىكى ئىدىيە ئېقىملىرى»، 1936 ـ يىلى نەشرى.

Mead George Herbert. 1938. Movements of Thought in the Nineteenth Century. Chicago: Universicy of Chicago Press.

4. جورج خېربېرت مىد: «ھەرىكەت پەلسەپىسى»، 1938 ـ يىلى نەشرى.

Mead George Herbert. 1938. The Philosophy of the Act. Chicago: University of Chicago Press.

5. جون دېۋېي: «ئىنساننىڭ تەبىئىتى ۋە ھەرىكىتى». 1922 ـ يىلى نەشرى.

Dewey John. 1922. Human Nature and Human Conduct, New York: Henry Holt.

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| William James | (1910 — 1842) | ۋىليام جامېس |
| William James | (1952 — 1859) | جون دېۋېي |
| George Mead | (1936 — 1863) | جورج خېربېرت مىد |
| Charles Cooley | (1929 — 1864) | چارلېز خورتون كۇلى |
| Herbert Blumen | (1987 — 1900) | خېربېرت بلۇمېر |
| Lewis Coser | (2000 — 1913) | لېۋىس كوزېر |

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

ChicagoSchool 芝加哥学派 چىكاگو پىكىر ئېقىمى

تەخمىن ھېس قىلىنغان بىراۋ

Generalized Other 规纳化的他人

ئالاقە چەمبىرىكىدىكى بىراۋ

Significant Other 社交中的他人

سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيىسى

Symbolic Interactionism 互动论

Social Act 社会行动 ئىجتىمائىي ھەرىكەت

Significant Symbol 有意义的象征 مەنىلىك سىمۋول

قەلب، ئۆزلۈك ۋە جەمئىيەت

Mind, Self and Society 心智,自我,社会

The I 主我 ئۆزمەن

The Me 宾我 ئىجتىمائىي مەن

قىياپەتلەرنىڭ سۆزلىشىشى

Conversation of Gestures 资势对话

Pragmatism 实用主义 ئەمەلىيەتچىلىك پەلسەپىسى

ئەينەكتىن ئەكسىنى كۆرىدىغان ئۆزلۈك

Looking Glass Self 镜中自我

Conventional Gestures 常规姿态 ئادەتلەنگەن قىياپەت

Role Taking 角色领会 رول ئۆتەش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى باب

# كارل مەنخېيم (1893 ــ 1947): بىلىم ۋە جەمئىيەت

## نېمە ئۈچۈن كارل مەنخېيم ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز ؟

كارل مەنخېيم ــ بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيەلىرى بۇ تارماق ساھەنىڭ شەكىللىنىشىدە، تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. بىلىم ھەققىدە ئىزدەنمەكچى بولغان ھەرقانداق بىر ئەستايىدىل تەتقىقاتچى، ئۆگەنگۈچى كارل مەنخېيمنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئامېرىكىلىق مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس روبېرت مېرتون كارل مەنخېيم ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كارل مەنخېيم ئاجايىپ كۆزىتىش كۈچى ۋە كۈچلۈك تەھلىل ماھارىتى بىلەن بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئومۇمىي ئىسكىلىتىنى ماھىرلىق بىلەن سىزىپ بەردى. مەنخېيمنىڭ ئىلمىي بايقاشلىرى ۋە تەتقىقاتلىرى ئىجتىمائىي قۇرۇلما بىلەن بىلىم ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش ئاسانغا توختىمايدىغان باغلىنىشلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.»

بىلىم ــ بىز توغرا ۋە ھەقىقىي دەپ قارىۋالىدىغان

تونۇشتۇر. بىلىمنى چۈشىنىش جەمئىيەتشۇناسلىقتا شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمكى، بىلىم ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە يارىتىلىدۇ ۋە بىزنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى تونۇشىمىزغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي ھايات رېئاللىق ھەققىدىكى ئورتاق تونۇشلار نەتىجىسىدە، توغرىراقى مەلۇم بىر مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئىچىدە شەكىللەنگەن بىلىم ئاساسىدا روياپقا چىقىدۇ. رېئاللىق ھەققىدە تونۇشقا، بىلىشكە ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتنى تەشكىل قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئەھۋاللارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قانداق ئىشتىراك قىلىشنى بىلمەيمىز. مەسىلەن، بىز رېستورانغا بارغاندا، تېلېفون ئالغاندا قانداق كىيىنىش، نېمە دېيىش ھەققىدە ئورتاق تونۇشقا ئىگە. بۇ بىلىملەرنى بىز ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا جەمئىيەتتىن ئۆگەنگەن. نېمىلەرنى بىلىدىغانلىقىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىمىز بەلگىلىگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، جىمىكى بىلىم ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئامېرىكا جەمئىيىتىدە جۇڭگودىكىگە قارىغاندا ئىلمىي ئەمگەككە قويۇلىدىغان تەلەپ بەكلا يۇقىرى ھەم بىر ئادەم نەچچە كىتاب چىقىرىۋېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ يازغانلىرىدا ئىلمىيلىك، ئەستايىدىللىق بولمىسا ئۇ ھېچنېمە ئەمەس. بىزنىڭ تونۇشىمىزنى، رېئاللىق ھەققىدىكى ئويلىرىمىزنى ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت بەلگىلەيدۇ. بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى دەل ئۇي بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەنە شۇ مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە بىلىمنىڭ ئىجتىمائىي، مەۋجۇتلۇق شارائىتلىرىنى شەرھلەشكە تىرىشىدۇ.

گەرچە كارل مەنخېيىم ئۆزىنىڭ تىنىم تاپماس روھى بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە تەڭ ئىزدەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى ساھەسىدە قولغا

كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئەڭ گەۋدىلىك ھەم قىممەتلىكتۇر. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا، پۈتكۈل ئەسەرلىرىدە دېگۈدەك ئىدىيە بىلەن شۇ ئىدىيە بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشنى توختاتمىغان. كارل مەنخېيمنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىگە «تەپەككۇر مەلۇم بىر ئىجتىمائىي سىستېما ئىچىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن قاراش سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، «بىلىم ھەققىدىكى جەمئىيەتشۇناسلارچە تەھلىل ئالدى بىلەن بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە مەنبە بولىدىغان جىمى ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى شەخس ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.» تەپەككۇر بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ھاياتىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ھايات ئىچىگە قويۇپ چۈشىنىلىشى ۋە تەھلىل قىلىنىشى كېرەك. «ھېچقانداق بىر ئادەم ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا رېئال دۇنيانىڭ تېپىشماقلىرىغا يۈزلىنەلمەيدۇ، ھەقىقەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىدە غەلىبە قىلالمايدۇ، ئۆزىگە خاس بىر دۇنيا يارىتالمايدۇ... بىلىم بىر ئىجتىمائىي توپ ھاياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، بىر خىل جەريان. بۇ جەرياندا شۇ ئىجتىمائىي توپقا مەنسۇپ ھەر بىر ئادەم ئورتاق بىر تەقدىر رامكىسى ئىچىدە ئۆز تونۇشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدۇ ۋە شۇ ئاساستا ئورتاق قىيىنچىلىقلاردىن غالىب كېلىشكە تىرىشىدۇ.»

ۋاھالەنكى، كارل مەنخېيمنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىلىم بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە سىستېمىلىق چۈشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولغان ئادەم تەبىئىي ھالدا مەيۈسلىنىدۇ. سەۋەبى، مەنخېيم پۈتكۈل ئىجادىيىتى جەريانىدا ھەر خىل ئانالىز مودېللىرىغا، پىكىر ئېقىملىرىغا، نۇرغۇن نۇقتىئىنەزەرلەرگە نەزىرىنى تەڭ ئاغدۇرغان. بۇ ھال

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بەزى بىردەكسىزلىكلەرنىڭ بولۇشىغا يول ئاچقان. بۇ نۇقتىنى ئۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلغان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان بىر ئەنجۇمەننىڭ ئىشتىراكچىلىرىغا مۇنداق خەت يازغان:

«ئەگەر مېنىڭ ئەسەرلىرىمدە بەزى زىددىيەتلىك نۇقتىلار، بىردەكسىز پىكىرلەر بولغان بولسا، مېنىڭچە بۇ مېنىڭ ئۇلارغا سەل قارىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى بەزى زىددىيەتلەرگە ئامالسىز يول قويۇپ، باشتىن ـ ئاخىرغىچە بىر تېمىنى يورۇتۇشقا تىرىشقانلىقىمدىن. بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئىنساننىڭ بىلىمىنى تۇتقا قىلغان بۇ خىلۋەت ساھەدە پۈتۈنلەي بىردەكلىككە، ئىزچىللىققا ئىگە پىكىرلەرنى روياپقا چىقىرالمايمىز. بىردەكسىز نۇقتىلار ھامان تېپىلىپ تۇرىدۇ. بىز جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ۋەزىپىسى مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ تەپەككۇرىدا ئاشكارىلانغان پىكرىي جاراھەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش. ئاشۇ بىردەكسىزلىكلەر بولسا بىز ئىزدىنىش داۋامىدا مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان تىكەنلەردۇر.»

كارل مەنخېيم ماركسنىڭ «پەلسەپىنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشىش زۆرۈر» دېگەن قارىشىنىڭ ۋە «ئىدىيەنى ئىجتىمائىي مەۋقە، توغرىراقى سىنىپىي مەۋقە بەلگىلەيدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. كارل مەنخېيم ماركسنىڭ بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا ھۇجۇم قىلغان، جىق تالاش ـ تارتىشلارغا سەۋەب بولغان نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قايتىدىن ئانالىز قىلىپ، ماركسىزم تەتقىقاتىغا ۋە باشقا پىكىر ئېقىملىرىغا تېگىشلىك ھەسسىنى قوشقان. ماركسنىڭ تەھلىل رامكىسىدا ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئىدىيەلەرنى روياپقا چىقىرىپ، ئاجىز تەبىقىنىڭ رېئاللىقنى توغرا چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، توغرىراقى رېئاللىقنى

بۇرمىلاپ كۆرسىتىدۇ؛ ماشىنىلاشقان ئاڭ پەيدا قىلىدۇ. كارل مەنخېيىم بولسا ھەر خىل ئىدىيە سىستېمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېنىق ئايرىشقا كۆچىمەيدۇ ۋە ئازراق ئېھتىماللىق قالدۇرۇپ، «بارلىق ئىدىيەلەر، ھەتتا «ھەقىقەتلەر ئۆزى بارلىققا كەلگەن تارىخىي، ئىجتىمائىي شارائىتقا باغلانغان بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ تەسىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر مۇتەپەككۇرنىڭ جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر توپقا تەۋە بولۇشى، مۇئەييەن ئىجتىمائىي روللارنى ئېلىشى، مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ يۆنىلىشى ۋە مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ. «ئادەملەر ھەم پىكىرنىڭ مەسئۇلى بولغان ئابستراكت نۇقتىئىنەزەرنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ماددىي دۇنياغا يۈزلەنمەيدۇ، ھەم پۈتۈنلەي يالغۇزمۇ ھەرىكەتكە ئۆتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئادەملەر ھەر خىل توپ، تەشكىللەر ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ياكى زىددىيەتلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ ھەم بۇ چاغدا ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قاراشلىرىنى يا قوللاۋاتقان، يا چەتكە قېقىۋاتقان بولىدۇ.»

كارل مەنخېيىم بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنى ئۆينىڭ ئىجتىمائىي، مەۋجۇتلۇق شارائىتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان نەزەرىيە سىستېمىسى دەپ تەبىرلەيدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، بارلىق بىلىملەر، بارلىق ئىدىيەلەر مۇئەييەن ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە تارىخىي جەريان ئىچىدە مۇئەييەن ماكان ۋە ئورۇنغا ھەر خىل نۇقتىدىن باغلانغان بولىدۇ. مەلۇم بىر مۇتەپەككۇرنىڭ ئىدىيەسى مۇئەييەن تارىخىي شارائىت، ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ قاراشلىرى ھامان مەلۇم بىر نۇقتىدا پىكىر ئاغمىچىلىقىدىن خالاس بولالمايدۇ ۋە بىر خىل كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئۆزىگە پىشاڭ قىلىدۇ. كارل مەنخېيىم كۆزىتىش نۇقتىسى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

«كۆزىتىش نۇقتىسى ئۆينىڭ مۇتلەقلەشتۇرۇلۇشىگە يول

ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر ئادەمنىڭ مەلۇم ئوبيېكتقا بولغان قارىشىغا ۋە ئۇ قارىشىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىگە ئاساس بولىدۇ. شۇنىڭدەك، كۆزىتىش نۇقتىسى ئوي قۇرۇلمىسىدىكى خاراكتېر ئېلېمېنتلىرىنى، مۇئەييەن بىر فورمال مەنتىقىنىڭ تەسىرىدە نەزەردىن ساقىت بولىدىغان نۇقتىلارنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ. دەل ئاشۇ ئېلېمېنتلار سەۋەبىدىن ئىككى ئادەم بىر ئوبيېكت ھەققىدە ئوخشاش بىر خىل مەنتىقە بويىچە پىكىر يۈرگۈزگەن تەقدىردىمۇ ئاخىرىدا يەنىلا پەرقلىق خۇلاسىگە ئېرىشىدۇ.»

ئوخشاش بىر ئوبيېكتنى پەرقلىق ئىجتىمائىي مۇھىتنى مەنبە قىلغان پەرقلىق نۇقتىدىن كۆزەتكەن ئادەملەر پەرقلىق خۇلاسىگە ئېرىشىدۇ ۋە مەلۇم بىر خىل قىممەت قارىشىنى ياقلىغان بولىدۇ. ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي ئورنى بىر ئادەمنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنىڭ نىسپىيلىكىنى بەلگىلەيدۇ. بىلىمنىڭ مەۋجۇتلۇق ئامىلى كارل مەنخېيمنىڭ بارلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ يېتەكچى ئامىل ھەققىدە ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بىلىش جەريانى تارىخىي جەريانلاردا ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ روھىيىتىدىكى ئىچكى ئامىللارغا ماس ھالدا ۋۇجۇدقا چىقمىغان، ئەكسىچە مەۋجۇدىيەتتىكى تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئاشۇ تاشقى ئامىللار ئىدىيەنىڭ مەنبەسىنى تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى كەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ، ئانالىزلىرىمىزنىڭ، توغرىراقى كۆزەتمەكچى بولغان نۇقتىمىز ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەپ قويغان.»

كارل مەنخېيمنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى شۇكى، ئىدىيەلەرنىڭ نېگىزلىك ئۇلى، چۈشىنىلىش دەرىجىسى، مەزمۇنى ئوخشىمايلا قالماستىن، بىر خىل مەسىلىنى قويۇش ئۇسۇلى ۋە ھەل قىلىش لايىھەسىدىن تارتىپ ئىنسان سەرگۈزەشتىسىنىڭ ھېس قىلىنىشىغا، جۇغلىنىشىغا،

www.uyghurkitap.com

تەرتىپلىنىشىگە ئاساس بولىدىغان كاتېگورىيەلەرمۇ كۆزەتكۈچىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ پەرقلىق بولۇشى تۈپەيلى ئوخشىمايدۇ. كارل مەنخېيىم بۇ نۇقتىئىنەزەرنى تۆۋەندىكى مىسال بىلەن ئىزاھلاشقا تىرىشىدۇ.

«19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كونا ئۇسلۇبتا پىكىر قىلىدىغان گېرمان كونسېرۋاتىپلىرى ئەركىنلىك ئۇقۇمىنى ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھوقۇقى دەپ چۈشىنەتتى. ئەگەر پىكىر ئىگىسى رومانتىك كونسېرۋاتىپ ياكى پىروتېستانت ھەرىكىتىنى قوللىغۇچى بولسا، بۇ ئۇقۇمنى ‹ئىچكى ھۆرلۈك تۈيغۇسى›، يەنى ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ خاسلىقى بويىچە ياشاش ھوقۇقى دەپ چۈشىنەتتى. ئوخشاش بىر دەۋردە ياشىغان بىر لىبىرال ئادەم بولسا ئەركىنلىك ئۇقۇمىنى كونسېرۋاتىپلارغا قارشى مەيداندا چۈشىنەتتى... قىسقىسى، بىر مەسىلىگە قايسى نۇقتىدىن چىقىپ نەزەر تاشلاش كۆزەتكۈچىنىڭ قىزىقىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە پىكىر ئىگىسى مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي توپنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.»

يۇقىرىقى تەھلىللىرىگە ياندىشىپ كارل مەنخېيىم يەنە بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا «ھەرقانداق پىكىر ئۆزىگە بىر خىل ئىدېئولوگىيەلىك مەنىنى يۈكلىگەن بولىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئىلگىرى سۈردى.

كارل مەنخېيىم بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىدىن ئىبارەت يېڭى بىر ساھەگە يول ئېچىپ، پىكىر ئىگىلىرىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي كونتېكىستلارنىڭ تەسىرىگە قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېنىق يورۇتۇپ بەردى، بىزگە بىلىم ئىگىسىنىڭ ئۆزى ۋە زاماناشلىرى ياشاۋاتقان دەۋر، ماكانغا باغلىنىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئۇزىنىڭ تونۇشى ۋە بىلىملىرىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي كونتېكىستلارنىڭ

تەسىرىگە قانداق ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان ئىزدەنگۈچىلەر كارل مەنخېيىم ئىدىيەلىرىدىن مەنپەئەتدار بولىدۇ.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

كارل مەنخېيىم 1893 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋېنگىرىيەنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا دۇنياغا كەلگەن. تۇغما يۈرەك كېسىلى ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ئەگەشكەن. 1947 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. گەرچە ئۇنىڭ كۆپىنچە ئەسەرلىرى ھايات ۋاقتىدا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆز تىككەن نۇقتىسىنىڭ كەڭلىكىگە، يازغان نەرسىلىرىنىڭ چىقىلىقىغا قاراپ كىشى «بىمەھەل قازا قىلمىغان، ئۇزۇنراق ياشىغان بولسا يەنە نېمىلەرنى يازار بولغىيدى» دېگەن ئويغا كېلىپ قالىدۇ.

ئوتتۇرا تەبىقىدىكى يەھۇدىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان كارل مەنخېيىم بۇداپېشت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، كېيىن گېرمانىيەدىكى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا گىئورگ زىممېلنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلىغان. 1918 ـ يىلى بۇداپېشت ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەلسەپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ چاغلاردا ۋېنگىرىيەلىك ئالىم گېئورگ لۇكاسنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، كارل مەنخېيىم ئەتراپىدىكى ھەۋەسكارلار بىلەن بىللە ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان. ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان. گېئورگ لۇكاس ئۇنىڭ دەسلەپكى يىللاردىكى ئۇستازى بولغان. كارل مەنخېيىم گېئورگ لۇكاسنى «مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم» دەپ ئاتىغان.

1918 ـ يىلى ۋېنگىرىيەدە ئىنقىلاب بولۇپ، مىخائىل كارولى يېتەكچىلىكىدىكى بۇرژۇئا ھاكىمىيىتى تەختكە چىقتى، بىراق، بۇ ھاكىمىيەت ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماي، 1919 ـ يىللارنىڭ بېشىدا كۈن بېلانىڭ

كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە ھوقۇقنى تارتقۇزۇپ قويدى. 1918 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەزا بولغان گېئورگ لۇكاس يېڭى ھاكىمىيەتتە ئەمەلدار بولىدى. كارل مەنخېيىم سىياسىيغا قىزىقمىغانلىقتىن، گېئورگ لۇكاس ئۇنى بۇداپېشت ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پەلسەپە ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. 1919 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھاكىمىيەت يەنە ئالماشتى، بۇ قېتىم ئادمىرال مىكلوس خورسى باشچىلىقىدىكى يەھۇدىيلارغا قارشى فاشىست ھۆكۈمەت ھوقۇق تۇتتى. گېئورگ لۇكاس بىلەن مۇناسىۋىتى بولغانلىقى، يەنە كېلىپ يەھۇدىي بولغانلىقى سەۋەبلىك، كارل مەنخېيىم 1919 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋېنگىرىيەدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، تۇنجى قېتىملىق مۇساپىرچىلىق ھاياتىنى باشلىدى. 1921 ـ يىلى مارت ئايلىرىدا گېرمانىيەنىڭ خايدېلبېرگ شەھىرىگە كەلدى ۋە بۇداپېشتتىكى ناھايىتى دۆلەتمەن بىر ئائىلىنىڭ قىزى بولغان يۇلىسكا لاڭ بىلەن توي قىلدى. بۇ توي قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىز بولدى. يۇلىسكا لاڭ پىسخولوگىيەدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بولۇپ، كېيىن ئامستېردام ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسور بولدى. ئۇلار بىر ئۆمۈر باللىق بولمىدى. كارل مەنخېيىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئايالى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

خايدېلبېرگ شەھىرىدە كارل مەنخېيىم ماكس ۋېبېرنىڭ ئەتراپىدا ئۇيۇشقان ئەنجۇمەننىڭ دائىملىق ئىشتىراكچىسىغا ئايلاندى. ماكس ۋېبېر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئەنجۇمەنگە ئۇنىڭ ئايالى مارىئاننا ۋېبېر ۋە ئىنىسى ئالفرېد ۋېبېر يېتەكچىلىك قىلدى. كېيىنكى يىللاردا كارل مەنخېيىم خايدېلبېرگ شەھىرىدە مۇستەقىل تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى ۋە 1926 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خايدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياردەمچى لېكتورلۇق ئورنىغا ئېرىشتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي گېرمانىيە پۇقرالىقىغا ئۆتتى. 1930 ـ يىلى فرانكفورتتىكى گېئوتى نامىدا ئاتالغان بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا مۇدىر ھەم پىروفېسسور بولدى.

بۇ چاغدا كارل مەنخېيىم ئۆزى قەتئىي ھىمايە قىلمايدىغان ئىككى خىل ئىدېئولوگىيەنىڭ — كوممۇنىزم بىلەن فاشىزمنىڭ ئارىسىدا قالغانىدى. كوممۇنىزمغا قىزىقماسلىقى سەۋەبلىك ئۇ فرانكفورتتىكى داڭلىق ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتى (فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىدىكىلەر يىغىلغان ئىلىم يۇرتى)غا كىرەلمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنستىتۇت بىلەن كارل مەنخېيىم مۇدىر بولغان جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى بىر بىنادا ئىدى. ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتىغا جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن «تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى»نىڭ ئاساسچىلىرىدىن ماكس خوكخېيمېر، تېئودور ئاردورنو قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار يىغىلغانىدى. كارل مەنخېيىم فاشىزمغا قارشى تۇرۇش نۇقتىسىدا بۇ مۇتەپەككۇرلار بىلەن ئورتاق بىر مەۋقەدە ئىدى. ئەمما، كارل مەنخېيىمنىڭ سىياسىي، ئەمەلىي ئىشلارغا قىزىقماسلىقى فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايتتى.

1933 ـ يىلى ئادولف ھىتلېر ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. كارل مەنخېيىم يەھۇدىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئايرىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدە گېرمانىيەدىن ئايرىلىپ، 1933 ـ يىلى مايدا لوندونغا كەلدى ۋە لوندون ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق مۇساپىرچىلىق ھاياتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. 1940 ـ يىلى كارل مەنخېيىم ئەنگلىيە پۇقرالىقىغا ئۆتتى. 1945 ـ يىلى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ رەسمىي پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئۇرۇشتىن كېيىن بۇداپېشت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا پروفېسسور بولۇش ھەققىدىكى تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالدى. لېكىن، ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

كارل مەنخېيمنىڭ ئىجادىيىتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماس ھالدا بىرنەچچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 1918 ـ يىلىدىن 1924 ـ يىلىغىچە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى تۈسى قويۇق بولدى. گېرمانىيەدە 1925 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قىلغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە جەمئىيەتشۇناسلىق ئانالىزى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى. مەشھۇر ئەسىرى «ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇتوپىيە» مۇشۇ يىللاردا روياپقا چىقتى. 1933 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇ جەمئىيەت قۇرۇش قاتارلىق ئەمەلىي ئىشلارغا بەكرەك قىزىقتى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرىنى چېتىشتۇرۇپ كۆرۈشكە تىرىشتى. ئۇنىڭ بۇ يىللاردا يازغان ئەڭ مۇھىم ئەسىرى «قايتا قۇرۇش دەۋرىدە ئادەم ۋە جەمئىيەت» (1940 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) بولدى.

كارل مەنخېيم ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇساپىرچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى، ئەمما ھاياتىدا بىرەر سىياسىي ئىدېئولوگىيەگە باغلىنىپ قالمىدى. دەل مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ھەر خىل ئىدىيەلەرنى سىڭدۈرۈپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكۈزۈشكە سەۋەب بولدى.

## ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇتوپىيە

كارل مەنخېيمنىڭ ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇتوپىيە ھەققىدىكى سىستېمىلىق ئىدىيەلىرى ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى بولغان «ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇتوپىيە» (1929 ـ يىلى ۋە 1936 ـ يىلى ئىككى قېتىم نەشر قىلىنغان) ناملىق كىتابىدا

تونۇشتۇرۇلغان. كارل مەنخېيمنىڭ قارىشىچە، ئىدېئولوگىيە «بۈگۈنكى رېئاللىقنى ئۆتمۈش نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق يوشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان ئىدىيە سىستېمىسى»دىن ئىبارەت؛ ئۇتوپىيە بولسا «بۈگۈندىن ھالقىغان ھەم كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن ئىدىيە سىستېمىسى»دىن ئىبارەت. ئىدېئولوگىيەنى كوزىر قىلغۇچىلار بەزى ئىشلارنى يوشۇرۇش، كىشىلەرنىڭ دىققىتىدىن چەتتە قالدۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ شۇ ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇتوپىيەنى ياقلايدىغانلار بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان جەمئىيەت فورمىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەكىتلەش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە خاتىمە بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ ۋە مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي تەرتىپتە ئىشقا ئېشىشى تەس بولغان غايە ۋە نىشانلىرىنىڭ ئوتىدا كۆيىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئىدېئولوگىيەنى دەستەك قىلغۇچىلار بىلەن ئۇتوپىيەنى قوغلاشقۇچىلار ئارىسىدا ھامان مەنپەئەت توقۇنۇشى ئۈزۈلمەيدۇ.

ئادەتتە مۇئەييەن بىر يۈرۈش ئىدىيە سىستېمىسىغا ئىدېئولوگىيە ياكى ئۇتوپىيە دەپ بەلگە چاپلايدىغانلار بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى گۇرۇھلار بولىدۇ. كارل مەنخېيم بۇنى تېخىمۇ كونكرېت ئىزاھلاپ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇتوپىيە دەپ قارالغان ئىدىيەلەرگە كۆپىنچە مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپكە تولۇق ماسلاشقان ھۆكۈمران گۇرۇھ بەلگە چاپلايدۇ. شۇنىڭدەك، مەۋجۇت رېئاللىق بىلەن كېلىشەلمەيدىغان غايىپەرەس گۇرۇھ نېمىنىڭ ئىدېئولوگىيە ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.» بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىدېئولوگىيە بىلەن ئۇتوپىيە ــ زىددىيەتلىك گۇرۇھلار قارىمۇقارشى ئىدىيەلەرگە چاپلايدىغان سۇبيېكتىپ بەلگىلەردىن ئىبارەت. لېكىن، قانداق ئىدىيەلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ياكى ئۇتوپىيە كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس. بۇنى كارل مەنخېيم ئۆزىنىڭ شۇ ناملىق كىتابىدا ئېنىق يازىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى پەرقنى ئېنىق ئاجرىتىشنىڭ تەس بولۇشىدىكى بىر سەۋەب شۇكى، تارىخىي رېئاللىقتا بۇ ئىككى خىل ئىدىيە سىستېمىسى بىر – بىرىدىن ئېنىق ئايرىلىپ چىقمىغان. مەسىلەن، «غايىپەرەس گۇرۇھنىڭ ئوتوپىيە سىستېمىسىغا ئىدېئولوگىيەلىك تەركىبلەر يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ.» يەنە كېلىپ، مەلۇم ئىدىيە سىستېمىسىنى ھىمايە قىلغۇچىلار بىلەن چەتكە قاققۇچىلارنىڭ چۇقان – سۈرەنلىرىمۇ نېمىنىڭ ئىدېئولوگىيە، نېمىنىڭ ئوتوپىيە ئىكەنلىكىنى ئايرىشقا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن، كارل مەنخېيىم «نېمىنىڭ ئىدېئولوگىيە، نېمىنىڭ ئوتوپىيە ئىكەنلىكىنى ئايرىشتا تارىختىن جاۋاب ئىزدەش ئارقىلىقلا ھۆكۈم چىقىرىش مۇمكىن» دەپ خۇلاسىلەيدۇ ۋە مۇنداق يازىدۇ: «كېيىنچە ئۆتمۈشنى بۇرمىلاپ كۆرسەتكەنلىكى ۋە يوشۇرۇن ئىجتىمائىي كېسەللەرنى كۆرمەسكە سالغانلىقى ئاشكارىلانغان ئىدىيەلەر ئىدېئولوگىيە، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپنى يىلتىزىدىن تونۇپ يەتكەنلىكى ئىسپاتلانغان ئىدىيەلەر ئوتوپىيە بولىدۇ.»

ئىدېئولوگىيەمۇ، ئوتوپىيەمۇ مەلۇم بىر نۇقتىدا قارشى قۇتۇپقا چىقىپ كەتكەن روھىي تەرتىپتۇر. بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ بىر بۇرچى دەل بۇ ئىككى خىل ئىدىيە سىستېمىسىدىكى بۇرمىلانغان تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىشتۇر؛ تېخىمۇ توغرىراقى، ئاشۇ ئىدىيەلەرگە سەۋەبچى بولغان ئىجتىمائىي يىلتىزنىڭ نېمىلىكىنى ئاشكارىلاشتۇر. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىرى «رېئاللىقنى بۇرمىلاپ كۆرسەتكەن ئىدېئولوگىيەلىك ياكى ئوتوپىيەچە ئىدىيەلەردىن نېرى تۇرۇپ، رېئاللىققا سوئال قويۇشى كېرەك.» پەقەت بىتەرەپ كۆزەتكۈچىلەر، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي تەرتىپكە باغلانمىغان ئىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىلىم جەمئىيەتشۇناسلىرىلا بۇرمىلانغان رېئاللىقنى بايقىيالايدۇ.

كارل مەنخېيىم كۆللى ئىدېئولوگىيە بىلەن ئالاھىدە ئىدېئولوگىيەنى ئېنىق ئايرىغان. ئالاھىدە ئىدېئولوگىيە بىز تەلتۆكۈس جەڭ ئېلان قىلىشىمىز زۆرۈر بولغان، رېئاللىقنى ئاڭلىق بۇرمىلايدىغان ئىدىيەلەردۇر. كۆللى ئىدېئولوگىيە پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋردە مەلۇم بىر ئىجتىمائىي، تارىخىي توپنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئورنىغان، ئەمما رېئاللىقنى ئاڭسىز بۇرمىلاپ كۆرسەتكەن ئىدىيەلەردۇر، كارل مەنخېيىم كۆللى ئىدېئولوگىيە بىلەن ئالاھىدە ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان: بىرىنچى، ئالاھىدە ئىدېئولوگىيەلىك شارائىتتا، مەلۇم بىر بۇرمىلانغان ئىدىيەنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ھېس قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، ئالاھىدە ئىدېئولوگىيەلىك شارائىتتا، قارىمۇ قارشى گۇرۇھلار داۋاملىق تۈردە بەزى ئىدىيەلەرنى ئورتاق ھىمايە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا، «قارىمۇ قارشى گۇرۇھلارنىڭ كۆللى ئىدېئولوگىيەسى ھەممىلا ئىشتا پەرقلىنىدۇ. ئۇلار تۈپ نېگىزىدىن سىغىشالمايدىغان ئوي سىستېمىلىرىدۇر.» ئۈچىنچى، ئالاھىدە ئىدېئولوگىيە ھەققىدىكى ئىزدىنىش شۇ ئىدىيەنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ قىزىقىشى، مەنپەئەتى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆللى ئىدېئولوگىيە ھەققىدىكى ئىزدىنىش بولسا «مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن مەلۇم بىر خىل كۆزىتىش نۇقتىسى ياكى كۆز قاراش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت»نى جەمئىيەتشۇناسلارچە مېتود بىلەن تەھلىل قىلىشنى كۆتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئالاھىدە ئىدېئولوگىيە كارل ماركسنىڭ ئىدېئولوگىيە ئۇقۇمى بىلەن بىر ئۇقۇم. كۆللى ئىدېئولوگىيە بولسا بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات نىشانى ۋە جەڭ ئېلان قىلىشقا تېگىشلىك ئىستىھكامىدىن ئىبارەت.

كارل مەنخېيىم ئىدېئولوگىيە ھەققىدىكى قاراشلىرىدا ماركسنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بولسا، ئوتۇپىيە ھەم

ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىدە ئىجادىي يول تاپقان. كارل مەنخېيمنىڭ قارىشىچە، ئۇتوپىيە ئىدېئولوگىيەگە ئوخشاش چىن رېئاللىق بىلەن سىغىشالمايدۇ. ھالبۇكى، «رېئاللىقتىن ھالقىش ۋە مەۋجۇت رېئاللىقنىڭ كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش»تەك ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. گەرچە ئۇتوپىيە كىشىلەرنى ئىنقىلابقا، ئىسلاھاتقا ئۈندەيدىغان ئىدىيەلەر بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇ دەۋردە ئومۇملاشقان ئىش ياكى تەرتىپلەرنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوق قىلىشنى ئىستىگۈچىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. سەۋەبى، دىيالېكتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي تەرتىپتە ئۆز - ئۆزىنى گۇمران قىلىش خاھىشى يىلتىز تارتقان بولىدۇ. كارل مەنخېيمنىڭ نەزىرىدە، ئۇتوپىيەچە ئىدىيەلەر مەۋجۇت تەرتىپنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ كاتالىزاتورىدۇر. ئۇتوپىيەچە خاراكتېرلەنگەن ئىنقىلابىي ئىدىيەلەر ھەرىكەتكە ئايلانغاندا، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئاسارەتلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىيالايدۇ، يېڭىچە تەرتىپنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭىچە بىر ئىدىيە سىستېمىسى بارلىققا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز تەسىرىنى يوقاتمايدۇ.

بەرھەقكى، بارلىق ئۇتوپىيەچە ئىدىيەلەر قارشىلىشىۋاتقان ئىدېئولوگىيەنىڭ توسالغۇلىرىدىن غالىب كېلىشى كېرەك. ئۇتوپىيەنى ياقلاۋاتقان بىر ئىجتىمائىي توپ ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتتە ھۆكۈمران كۈچكە ئايلىنالايدۇ. بۇ چاغدا ئۇتوپىيەچە روھىي ھالەت چېكىگە يەتكەن ۋە «شۇ دەۋردىكى مودا، ھۆكۈمران ئىدىيەلەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تولۇق سىڭىپ كىرگەن بولىدۇ.» ۋاھالەنكى، ئەينى چاغدىكى ئۇتوپىيەچە ئىدىيەلەرنى ياقلىغان ئىجتىمائىي توپ ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن، كونا ئۇتوپىيە بارا - بارا بىر ياكى تېخىمۇ

كۆپ يېڭى ئوتۇپىيەلەر جەڭ ئېلان قىلىدىغان ئىدېئولوگىيەگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئوتۇپىيە نەدىن كېلىدۇ؟ كارل مەنخېيىم ئوتۇپىيەنىڭ يالغۇز زىيالىيلاردىن كېلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى قەيت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «تولا ھاللاردا يېتەكچى ئورۇندىكى ئوتۇپىيە مەلۇم بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ قوۋناق ئارزۇلىرى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىدۇ ۋە بىر مەزگىلدىن كېيىنلا تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائىي توپنىڭ سىياسىي نىشانىغا ئايلىنىدۇ.» بۇ خىلدىكى ئىلىم ئىگىسىنى كارل مەنخېيىم ماكس ۋېبېرنىڭ پىكرى ئەندىزىسىگە يانداشقان ھالدا «سېھرىي كۈچكە ئىگە رەھبەر» (charismatic) دەپ ئاتايدۇ. ھالبۇكى، بۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە رەھبەرنىڭ ئوتۇپىيەچە قاراشلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى كوللېكتىپ مەسىلىلەرگە ياندىشىپ، ھەر خىل يوسۇندا مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپقا چېتىلغان بولۇشى كېرەك. بىر تەرەپتىن، شۇ كىشىنىڭ ئىدىيەسى چوڭ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئورتاق ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتكۈزگەن، شۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى يېشىپ بەرگەن بولۇشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ خىل ئىدىيەلەر مەۋجۇت تەرتىپكە بەرھەم بېرىش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئادەملەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلىنىشى كېرەك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق مەلۇم بىر شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، بەلكى بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا تايىنىدۇ. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ئەزاسى بىر خىل ئوتۇپىيەنى ھىمايە قىلىشى ۋە ئۇيۇشۇپ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك. كارل مەنخېيىم مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «مەلۇم بىر ئوتۇپىيەنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆڭاي ھەزىم قىلىنىشى، چۈشىنىلىشىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل —

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان بىر ئىجتىمائىي قاتلام كىشىلىرى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدۇر.»

كارل مەنخېيىم ئۇتوپىيەنىڭ ھازىرقى زامان رېئاللىقىدا بارغانچە ئاز قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆكۈنىدۇ. ئۇنداقتا ئۇتوپىيە نېمىشقا بارغانچە ئاز قالىدۇ؟ بىرىنچى، بىر خىل ئۇتوپىيەنى ياقلاۋاتقان بىر ئىجتىمائىي توپ كۆزلىگەن مەقسىتى ئۇچۇن ھەرىكەتلەنگەن چېغىدا، بۇ خىل ئىدىيەنى مەۋجۇت رېئاللىققا ماسلاشتۇرۇش ئۇچۇن تىرىشىۋاتقان بولىدۇ؛ ئىككىنچى، ھەر خىل ئۇتوپىيەلەر ۋە «كەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پەرقلىق ئۇتوپىيەچە روھلارنىڭ زىددىيىتى ئىچكى توقۇنۇشلار ئىچىدە بىر - بىرىنى يەپ تۈگىتىۋاتقان بولىدۇ.» ئەڭ ئاخىرىدا پەرقلىق ئۇتوپىيەلەرنىڭ زىددىيىتى ۋە ھەر خىل ئىدىيەلەرنى ياقلىغۇچىلارنىڭ بىر - بىرىنىڭكىنى تەنقىدىي كۆز بىلەن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈشى بارلىق ئىدىيەلەرنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي يىلتىزىنى تەھلىل قىلىشتىكى ئومۇمىي خاھىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە دەسلەپكى ئۇتوپىيەلەر بىرمۇنچە پەرقلىق ئىدىيەلەرنىڭ كۈرىشى جەريانىدا تۇنجۇقىدۇ. بىزگە قالىدىغىنى پارچە - پارچە نۇقتىئىنەزەرلەردۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇتوپىيەلەر يوقالسا، بارلىق كۆز قاراشلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

## شېرىن چۈشتىن ئويغىنىش

كارل مەنخېيىم ماكس ۋېبېرنىڭ نەزەرىيەسىدىن ئەنداز ئالغان يەنە بىر نۇقتىئىنەزىرىدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىجتىمائىي دۇنيادىكى شېرىن چۈشتىن ئويغىنىشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرىنى يېشىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. شېرىن چۈشتىن ئويغىنىش شۇنداق بىر مۇساپىكى، بىز بۇ جەريانىدا

ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇتوپىيەنىڭ ئوخشاشلا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقىنىنى كۆرىمىز، «ھەممە ئىدىيەلەردىن گۇمانلىنىشقا پېتىنىدىغان، بارلىق ئۇتوپىيەلەر مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بىر دۇنياغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان بولىمىز.» شېرىن چۈشتىن ئويغىنىش ھەققىدىكى ئۆزگىچە تەھلىللىرىدە كارل مەنخېيىم بۇ جەرياننى «ئۇتوپىيە ۋە ئىدېئولوگىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق روھىي تەركىبلەرنىڭ يوقىلىش، ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىش خاھىشىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىدۇر» دەپ سۈپەتلەيدۇ.

كارل مەنخېيىم يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شۇنداق مۇلاھىزە قىلىدۇكى، شېرىن چۈشتىن ئويغىنىش ئىزچىللىق تەلەپ قىلىدىغان بىر جەريان، ئەمما كىشىلەر ئۇتوپىيەگە ياكى ئىدېئولوگىيەگە موھتاج بولغىنى ئۈچۈن بۇ جەريان تولىمۇ ئازابلىق. «شۇ ۋەجىدىن، كەلگۈسىدە ھېچقانداق يېڭىلىق بولمىغان، ھەممىدە ئۆتمۈشنى تەكرارلايدىغان بىر دۇنيانىڭ بارلىققا كېلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار؛ يەنە شۇنىڭدەك ئوي سىستېمىسىدا ئىدېئولوگىيەلىك، ئۇتوپىيەچە ئېلېمېنتلارنىڭ تەسىرىدىن مۇتلەق مۇستەسنا بولغان بىر شارائىت بارلىققا كېلىشىمۇ مۇمكىن. ھالبۇكى، بىز ياشاۋاتقان دۇنيادىن رېئاللىقتىن ھالقىغان غايىۋى ئېلېمېنتلار پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىلسا، ئەمەلىيەتكىلا يۈزلىنىپ ئىنسان ئارزۇسىنى تەرك ئېتىش خاھىشى بازار تاپىدۇ.»

كارل مەنخېيىم بىر جەمئىيەتتە ئۇتوپىيەنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشىدىن ۋايىم يەيدۇ. سەۋەبى، ئۇتوپىيەنىڭ بەربات بولۇشى ئىنسان تەبىئىتىگە، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا پۈتۈنلەي سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«ئۇتوپىيەلەر يوقالسا، ئادەم نەق جىسمىغىلا ئوخشاپ قالىدىغان تۇرغۇن بىر ھالەت پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە زىددىيەتلىك تېپىشماقلارغا يۈزلىنىمىز. يەنى، ھېچقانداق غايىۋى ئارزۇلىرى بولمىسا،

يۈكسەك دەرىجىدە ئەقلىيلەشكەن ئادەم ئۆتكۈنچى ھەۋەس ئۈچۈنلا ياشايدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەھرىمانلارچە ئىلگىرىلەشتىن كېيىن ۋە شۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ كىشىلىرى تارىخنىڭ سوۋغىلىرىنى قارىسىغا قوبۇل قىلمايدىغان، ئۆزلىرىگە خاس دۇنيانى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان بولغاندا، ئادەم تونۇشىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقىپ، يەنە بىر قېتىم تارىخ يارىتىش ئىرادىسىدىن ۋە تارىخنى چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ.»

## كەلگۈسىدىن ئۈمىد

كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇكى، دۇنيانى كۈرەش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدىغان مۇنداق ئىككى تۈركۈم كۈچ بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى قانمىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەمىشە يېڭىچە بىر تەرتىپ ئورنىتىش ئىستىكىدە يانىدۇ. كارل مەنخېيم بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى ئاجىزلار سىنىپى، ئېزىلگۈچىلەر دەپ ئاتايدۇ. مەلۇم مەنىدىن مۇشۇ توپنىڭ تىرىشچانلىقى، كۈرىشى بىلەن كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن. ئىككىنچىسى، ئىلىم سەرخىللىرىدۇر. ئىلىم سەرخىللىرى ئاخىرى جەمئىيەتنىڭ باشقا قاتلىمىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىلكىدە بار ئىمكانىيەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇنداق ئىلىم سەرخىللىرىنىڭ ئالدىدا تۆت خىل يول بار: بىرىنچى، رادىكال ئىسلاھاتچىلار بىلەن ئالاقە باغلاش؛ ئىككىنچى، مەۋجۇت ئىدېئولوگىيەنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە شۇبھىنى ئۆزگە ھەمراھ قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئۆتمۈشنىڭ شېرىن، جىلۋىگەر ئېلېمېنتلىرىنى قەدىرلەپ، غايىۋى تەركىبلەرنى، ساماۋى چۈشلەرنى، سىمۋوللارنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، ئۆزى خىزمەت قىلماقچى بولغان توپنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش؛

تۆتنچى، رادىكال سىياسىي مايىللىقتىن ۋاز كېچىپ تەركىدۇنىيا بولۇۋېلىش. ۋاھالەنكى، ئىلىم سەر خىللىرى تۆتنچى يولنى تاللىسا، «ئۇ ھالدا ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي توپنى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا مەسىلىنىڭ، كىرىزىسىنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىدۇ.» پۇتۇن ئىدىيە سىستېمىسىدىن قارىغاندا، كارل مەنخېيىم ئىلىم ئىگىلىرى ئۇچۇن ئىككىنچى خىل تاللاشنى راۋا كۆرگەندەك قىلىدۇ.

## بىلىم ۋە دەۋر

باشقا بىر دەۋردە ياشىغان كىشىگە قارىغاندا، شۇ دەۋردە ياشاۋاتقان ئادەمنىڭ ئويىغا، ئىدىيەسىگە شۇ زاماننىڭ تامغىسى بەكرەك بېسىلغان بولىدۇ. بىر دەۋرگە مەنسۇپ كىشىلەر يەنە بىر دەۋرگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن رېئاللىققا مۇئامىلە قىلمايدۇ. يېڭى دەۋر كىشىلىرى ھامان بىر ئىجتىمائىي تەبىقىگە مەنسۇپ بولغاچقا، شۇ تەبىقىگە خاس ھالدا ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭكىگە ياكى ئالدىنقى دەۋردىكىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئورتاق سەرگۈزەشتىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ھەر بىر دەۋر كىشىلىرى كوللېكتىپقا ئورتاق بولغان بىر تارىخىي جەرياننىڭ پەرقلىق باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. دەۋر پەرقىنى چۈشىنىش، ئوخشىمىغان دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇسىدىكى پەرقنى چۈشىنىش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزنى ئوي ۋە ھەرىكەتنە ئىپادىلەنگەن زامان ئېڭىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك — مەلۇم بىر دەۋر يەنە بىر دەۋرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ياكى زىددىيەتلىك يول تۇتىدىغان كىشىلەردىن تەركىبلەنگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەنلىكتۇر. شۇ ۋەجىدىن، پەرقلىق دەۋر كىشىلىرىنىڭ زىددىيەتلىك پىكىرلەرگە ئىگە بولۇشى تەبىئىي بىر ئەھۋال.

www.uyghurkitap.com

## سىياسىي ۋە بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى

ماركسنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كارل مەنخېيىم ئۇلىنى قۇرۇپ بەرگەن بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق نىشانى — بۇرمىلانغان رېئاللىقنى ئېچىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى بۇرمىلانغان، زەھەرلەنگەن ئوي سىستېمىسىنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزى ئۈستىدە ئىزدىنىش. شۇ تۈپەيلى، ماركسنىڭ ئىدېئولوگىيە نەزەرىيەسىدە سىياسىي تۈس قويۇق بولسا، كارل مەنخېيىمنىڭ بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ مېتودى تېخىمۇ ئىلمىي ۋە قايىل قىلارلىق. جەمئىيەتشۇناس سىموندس بۇ ھەقتە باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ. «كارل مەنخېيىم پۈتكۈل ئەسەرلىرىدە بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى مېتودىدىن بىلىمنى چۈشىنىشنىڭ قورالى سۈپىتىدە پايدىلانغان.»

ئەمما، كارل مەنخېيىمنىڭ ئىدىيەلىرىنى سىياسىي تۈستىن مۇستەسنا دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي جاراھەتلەرنىڭ، جۈملىدىن فاشىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىكى سەۋەبنى ئۇنىڭ كونترول دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە باغلاپ چۈشىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ كۆرەش نىشانى — بىلىمنىڭ ئاڭسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى، يىلتىزىنى ۋە ئۇلىنى ھازىرلىغان قىياس، پەرەزلەرنى ئېچىپ تاشلاش ئارقىلىق بىلىمنى ئىنساننىڭ كونتروللۇقىغا قايتۇرۇپ كېلىش، ئەگەر بۇ نۇقتا چۈشىنىلمىسە، بىلىمنى كونترول قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، كارل مەنخېيىمنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى كىشىلەرنىڭ «سىياسىي ھاياتىغا ئىلمىي يوسۇندا يېتەكچىلىك قىلالايدۇ.»

## ئىلىم ئىگىلىرى

جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە بىر جەمئىيەتتىكى ئىلىم ئىگىلىرىدىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ. كارل مەنخېيمىنىڭ نەزىرىدە، ئىلىم ئىگىلىرى «بىر جەمئىيەتنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغان ماددىي دۇنيانى شەرھلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئىجتىمائىي توپتۇر.» ئىلىم ئىگىلىرى ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىغا قويۇلغان توساقلاردىن شۇغۇللىنىپ ئۆتۈش قۇدرىتىگە ئىگە ئادەملەر بولۇشى كېرەك. دەل مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇلار شۇ جەمئىيەتتىكى ئىلىم، ئەقىل كىرىزىسلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپالايدۇ. جەمئىيەتشۇناس سىموندىس كارل مەنخېيمنىڭ زىيالىيلار، ئىلىم ئىگىلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

«ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئىلىم ئىگىسى شەخسىي كەچۈرمىشلىرىدىكى رىيازەتلەردىن غالىب كېلىپ، باشقىلارغا ئىدىيەسىنى ئەڭ ئەينەن، توغرا دەرىجىدە يەتكۈزەلەيدىغان، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇي قۇرۇلمىسىغا مەنبە بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇت شارائىتىغا توغرا دىياگنوز قويالايدىغان ئادەمدۇر.»

بۈگۈنكى دۇنيا خىلمۇ خىل ئىدىيە ــ نۇقتىئىنەزەرلەرگە كەڭ قۇچاق ئېچىش بىلەن بىرگە ماركسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ھەققىدىكى نەزەرىيەسىنى چۈشىنىش ۋە تەتبىقلاش ئېھتىياجىنى، توغرىراقى بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىغا كاشىلا تۇغدۇرۇۋاتقان ئاڭسىز مۇتىنفلارنى، مەنىۋى كېسەللەرنى ئاشكارىلاش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرۇۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ خىل زۆرۈرىيەت ئىلىم ئىگىلىرى، زىيالىيلاردىن بىر جەمئىيەتنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىدىكى ئەقىلسىزلىك ئېلېمېنتلىرىغا خۇرۇچ بولۇۋاتقان «كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق»نى چۈشىنىشنى، ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. زىيالىيلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكى يالغۇز بۇلا ئەمەس، يەنە زىددىيەتلىشىۋاتقان يەنە بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىدىيە مەنبەسىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئىستىراتېگىيە بەلگىلەش. يامان يېرى، مۇشۇنداق ئىزدىنىشلەر، سوئال قويۇشلار داۋامىدا زىيالىيلار «ئويۇننىڭ، پىكىرنىڭ قۇدرىتىگە بۇرۇنقىدەك ئىشىنەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.» بۇنداق ئىشەنچسىزلىك داۋاملىشىۋەرسە، «زىيالىيلارنى ئاخىر ئەقىلسىزلىككە باشلايدۇ.» دىيالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا، ئىدىيە سىستېمىسىدىكى مەنىۋى كېسەللىكلەرنى ئېچىپ تاشلاش ھەققىدىكى ئىزدىنىش جەريانى كىرىزىس پەيدا قىلىش بىلەن بىللە يەنە شۇ كىرىزىسلاردىن قانداق غالىب كېلىشنىڭ چارە ـ ئامالىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كارل مەنخېيم مۇنداق يازىدۇ: «بىر زىيالىي ئۈچۈن ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش — بىر ئۆمۈر ياشاپ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىدىكى كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقنى بايقىيالماي ئۆتۈپ كېتىشتۇر. دەل ئاشۇ كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق — بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئۆزىنى تونۇشى زۆرۈر بولىدىغان ئىلمىي تەنقىدنىڭ ھۇجۇم نىشانى. دەل ئاشۇ كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق تارىخ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن جاراھەتتۇر.»

## جەمئىيەتنى قايتىدىن قۇرۇش

كارل مەنخېيم ناتسىستلار گېرمانىيەدە ھوقۇق تۇتقاندىن كېيىن ئەنگلىيەگە كۆچمەن بولۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ يۆنىلىشىدە، تەتقىقات پىلانىدا زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. ئۇ ئەنگلىيەگە كەلگەندىن كېيىن بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى توختىتىپ، جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش ۋە جەمئىيەت ئىنژېنېرلىقى تېمىسىدا چوڭقۇر ئىزدەندى. ئۇ نىشانلىق، پىلانلىق قۇرۇلىدىغان، ئىجتىمائىي كونترول تەدبىرلىرىنى كونترول دائىرىسىگە كىرگۈزەلەيدىغان بىر جەمئىيەتنىڭ ئىسخېمىسىنى سىزىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. كارل مەنخېيىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش پىلانى ئاۋۋال بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مېخانىزمىنى ئىگىلىگەن ئاساستا ئىجتىمائىي كېسەللىكلەرنىڭ يىلتىزىغا ئاڭلىق يوسۇندا ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن دېرەك بېرەتتى. شۇ جەمئىيەت ھەققىدە مۇپەسسەل يوسۇندا جەمئىيەتشۇناسلارچە تەھلىل يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلاتتى. كارل مەنخېيىم مۇنداق يازىدۇ: «جەمئىيەتنى قايتىدىن قۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىش ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى بىر - بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئېلېمېنتلارنى تونۇپ يېتىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.»

مەۋجۇت كىرىزىسلار بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا دىياگنوز قويالايدىغان يېڭىچە پىكىر يولى بولۇشنى شەرت قىلىدۇ. پەقەتلا پىلانلىق ئويلىنىش، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ئىجتىمائىي دۇنيادا ئۆزگىرىش ياسىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كونا ئوي سىستېمىسىغا بەرھەم بېرىلىشى، ئىنسان ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىدا بۇرۇلۇش بولۇشى كېرەك. بۇ ھال تەبىئىي رەۋىشتە كىشىلەردىن مەنە پەيدا قىلىدىغان تۈرلۈك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئۇيۇشۇشنى كۈتىدۇ. «جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش داۋامىدا بىز يولۇقىدىغان ئەڭ چوڭ مەسىلە — ئاڭقاۋ ئاممىنى قانداق قىلىپ ئاڭلىق بىر تونۇش

ئىچىدە ئۇيۇشتۇرۇپ مەنىلىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش.» ئىجتىمائىي پىلان داۋامىدا بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ماددىي شارائىتىلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىمۇ نەزەرگە ئېلىنىشى لازىم. كارل مەنخېيىم بۇ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقى ئۈچۈن دىنىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ: جەمئىيەتشۇناسلار شۇنى ئېنىق تونۇشى كېرەككى، «بىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنى بىر يەرگە ئەكېلەلەيدىغان مەنىۋى كۈچ بولۇشى كېرەك. ئۆتمۈشتە دىن كىشىلەرگە مەنىۋى جەھەتتىن يۆلەك بولاتتى. ئەمدى بىز بۈگۈن بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتى ئۈچۈن يەنە دىنغا مۇراجىئەت قىلىمىز.» كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرالايدىغان، بىر يەرگە ئەكېلەلەيدىغان كۈچلەر بەربات بولۇشقا يۈزلەندى. ئامال قىلىپ ئاشۇ كۈچلەرنى تىرىلدۈرۈشىمىز كېرەك. «بۇنىڭ ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغان بالىلارنى تەربىيەلەش، يېتەكلەش دېگەندەك ئىشلارنى ياخشى قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.»

كارل مەنخېيىمنىڭ قارىشىچە، كەلگۈسىنى قۇرۇش پىلانىنى ئوڭۇشلۇق ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن رەھبەرلەرنى ياخشى تاللاش كېرەك. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈنكى چۇۋالچاق جەمئىيىتىمىزدە بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر رەھبەر تاللاشتا بارغانچە سىستېمىلىق ئىش كۆرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەركىن رىقابەت بىلەن لايىق ئادەمنى داھىيلىق ئورنىغا چىقىرىشتا تۆھپىسى ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ ئىنچىكە تاللاش كېرەك. بۇ جەرياندا داھىي تاللاشقا دائىر ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن رېتسېپلار ۋە مېتودلارغا موھتاج بولىمىز.» كارل مەنخېيىم يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرىنى تاللاش ئۈستىدە ناھايىتى تەپسىلىي توختىلىدۇ ۋە يېڭى

جەمئىيەت قۇرۇشقا قاتناشقان مەنىۋى رەھبەرلەرنىڭ، جەمئىيەت ئەنئىرلىرنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى كوللېكتىپقا تېڭىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكىنى، جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرى ئالدىدا مەسئۇل بولۇشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيدۇ.

كارل مەنخېيىم ئۆز دەۋرىدىكى كىرىزىسلارنى زامانىۋى دۇنيادىكى ھەر خىل قىممەت قاراشلىرىنىڭ توقۇنۇشىدىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەت كىرىزىسى دەپ ئاتايدۇ. بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزگە خاس، ئورتاق قىممەت قارىشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندا مەنىۋىيەت كىرىزىسى كۆرۈلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بىز پىلانىمىزنى ئۇگۇشلۇق ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن قىممەت قاراشلىرىنى باھالاش، پىسخولوگىيەلىك دىياگنوز قويۇش، چارە ـ ئاماللارنى تېپىپ چىقىش قاتارلىق نۇقتىلاردا تەڭ تىرىشىشىمىز كېرەك.» كارل مەنخېيىم ئۆزىنىڭ بىر جەمئىيەتنى قايتىدىن قۇرۇش پىلانىنى مۇنداق تۈرلەرگە بۆلىدۇ:

1. كىشىلەرنى مەنىۋى چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانى؛

2. ئىلكىمىزدە بار ئىمكانىيەت ۋە مۇمكىنچىلىكنى بايقاش، قېزىش، جارى قىلدۇرۇش پىلانى؛

3. ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەرگە جەڭ ئېلان قىلىش پىلانى؛

4. نامراتلىقنى يوقىتىش پىلانى؛

5. مەدەنىيەت، قىممەت قارىشى ئۆلچەملىرىنى يېڭىدىن بېكىتىش پىلانى؛

6. ئاۋامنى يېتەكلەش پىلانى؛

7. رەھبەرنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە تەقسىملەش پىلانى؛

www.uyghurkitap.com

8. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ خاراكتېرىنى، ئادىمىيلىكىنى تاۋلاش پىلانى.

كارل مەنخېيىم بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت كىرىزىسلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىشتا مائارىپ، تەلىم ـ تەربىيەنىڭ رولىغا بەك يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ھاياتنىڭ باشقا تەركىبلىرى بىلەن مائارىپنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، تەلىم ـ تەربىيە بالىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئۆمۈر بويى ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ جەمئىيەتشۇناسلىقتىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. سەۋەبى، پىكىر قىلىشتا بىر قۇتۇپقا چىقىپ كېتىش، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتەلمەسلىك خاھىشىدىن قۇتۇلۇشتا جەمئىيەتشۇناسلىق كۆپ ياردەم بېرەلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي دۇنيانى ماھىيەتتىن چۈشىنەلىشى، ئاندىن شۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش پىلانى تۈزۈشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتلار، مەكتەپلەر «جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئاساسىي دەرسلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشى لازىم.» «ئوقۇتقۇچىلاردىمۇ، ئوقۇغۇچىلاردىمۇ كەم بولۇۋاتقىنى جەمئىيەت ھەققىدىكى توغرا تونۇش. بۇ تونۇشنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدىكى سەۋەب — جەمئىيەتشۇناسلارچە تەھلىل قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئومۇملاشمىغانلىقىدا.»

ئومۇمەن، كارل مەنخېيىم جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى يېتۈك تالانت ئىگىلىرىنىڭ بىرى. پەزىلەتلىك، ئىنسان ئازابلىرىغا يۈزلەنگەن ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىدىغان بايانلىرىدا، ئانالىتىك تەھلىللىرىدە ئادەمنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۇنيانى چۈشىنىشى ۋە جەمئىيەت قۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشى زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىدىن «ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇتوپىيە» (1936 ـ يىلى)، «قايتا قۇرۇش داۋامىدا جەمئىيەت ۋە ئادەم» (1940 ـ يىلى)، «دەۋرىمىزگە دىياگنوز» (1943 ـ يىلى «ئەركىنلىك، ھوقۇق ۋە دېموكراتىك جەمئىيەتنى پىلانلاش» (1951 ـ يىلى)، «بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدىكى ماقالىلەر» (1952 ـ يىلى)، «جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەت پىسخولوگىيەسى ھەققىدىكى ماقالىلەر» (1953 ـ يىلى)، «مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدىكى ماقالىلەر» (1956 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

كارل مەنخېيمنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى، بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش. بۇ ئىزدىنىشلىرىنىڭ يادرولۇق خۇلاسىسى شۇكى، بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى تارماق ساھە سۈپىتىدە راۋاجلىنىشى لازىم. بىلىمنىڭ شەكىللىرى، ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە سىستېمىلىرى ئارىسىدا باغلىنىش بار. ھەرقانداق بىلىش ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولغانىكەن، نېمىنىڭ ھەقىقىي بىلىم ياكى ئەمەسلىكىنى ئاجرىتىش تەس. بۇ ھالدا ھەقىقەتنىڭ مۇستەقىل ئىجتىمائىي ئۆلچىمىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. كارل ماركسنىڭ ھەممە بىلىمنى، ھەممە ئىدىيەنى، جۈملىدىن ئىدېئولوگىيەنى سىنىپ نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىشى توغرا ئەمەس. ئىككىنچى، جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش ھەققىدە ئىزدىنىش. بۇ ئىزدىنىشلىرىنىڭ يادرولۇق خۇلاسىسى شۇكى، جەمئىيەتنى قايتىدىن قۇرۇش زۆرۈرىيىتى بار. بۈگۈنكى دۇنيا ئەقلىيلىكنى تەرك ئەتكەن ئاۋام جەمئىيىتىنى، چۇۋالچاق ئىجتىمائىي توپنى، ئىجتىمائىي رىشتىسى ئۈزۈلگەن، قۇمدەك چېچىلغان كىشىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

بۇنداق جەمئىيەتكە كېسەل جەمئىيەت سۈپىتىدە دىياگنوز قويۇش ۋە ئۇنى قايتىدىن قۇرۇش پىلانىنى تۈزۈش كېرەك.

**نەقىل مەنبەلىرى:**


1. روبېرت مېرتون: «كارل مەنخېيىم ۋە بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى»، 1957 ـ يىلى نەشرى.

R. Merton. 1957. Karl Manheim and the sociology of Knowledge.

2. كارل مەنخېيىم: «ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇتوپىيە»، 1936 ـ يىلى نەشرى.

Karl Manheim. 1936. Ideology andUtopia. New York: Harcourt Brace Jovanovich.

3. كۇرت ۋولف: «بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى»، 1959 ـ يىلى نەشرى.

Kurt H. Wolf. 1959. The sociology of knowledge so－ciological Theory, New York: peterson.

4. ئا. پ. سىموندس: «كارل مەنخېيىمنىڭ بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى»، 1978 ـ يىلى نەشرى.

Simonds A. P. 1978. Karl Manheims sociology of knowledge. Oxford: Clarendon Press.

5. كارل مەنخېيىم: «دەۋرىمىزگە دىياگنوز»، 1943 ـ يىلى نەشرى.

Karl Manheim. 1943. Diagnosis of Our Time: Wartime Essays of sociologist. London: Routledge and Kegan Paul.

6. كارل مەنخېيىم: «ئەركىنلىك، هوقۇق ۋە دېموكراتىيە پىلانى»، 1950 ـ يىلى نەشرى.

Karl Manheim . 1950 . Freedom, Power and Democratic planning . London: Routledge and Kegan Paul .

7. كارل مەنخېيىم: «مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدىكى ماقالىلەر»، 1953 ـ يىلى نەشرى.
Karl Manheim . 1953 . Essays in the Sociology of Culture . London: Routledge and kegan Paul .

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Karl Manheim | (1947 — 1893) | كارل مەنخېيىم |
| Robert Merton | (2003 — 1910) | روبېرت مېرتون |
| Georg Lukacs | (1971 — 1885) | گېئورگ لۇكاس |
| Geong Simmel | (1918 — 1858) | گېئورگ زىممېل |
| Karl Marx | (1883 — 1818) | كارل ماركس |
| Max Weber | (1920 — 1864) | ماكس ۋېبېر |
| Theodor Adorno | (1969 — 1903) | تېئودو ئاردورنو |
| Max Horkheimer | (1973 — 1895) | ماكس خوركخېمېر |

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى
Siociology of knowledge 知识社会学

ئىدېئولوگىيە نەزەرىيەسى
Thory of Idelogy 意识形态理论

Utopia 乌托邦 ئۇتوپىيە

جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش
Reconstruction of Society 社会重建

Intelligensia 知识界 ئىلىم ئەھلىلىرى

| | | |
|---|---|---|
| Prespective | 视角 | كۆزىتىش نۇقتىسى |
| Francfurt School | 法兰克福学派 | فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمى |
| Disenchartment | 不抱幼想 | شېرىن چۈشتىن ئويغىنىش |
| Rationaliy | 合乎理性 | ئەقىلىيلىك |
| Irrationaliy | 无理性 | ئەقىلسىزلىك |
| Mental Process | 心理程序 | روھىي تەرتىپ |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى تارقىتىسى

سەككىزىنچى باب

# ئالفرېد شۇتس (1899 — 1959): رېئال هايات ۋە هادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقى

## نېمە ئۈچۈن ئالفرېد شۇتسنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

كىشىلەر ئىجتىمائىي ئالاقىدە سىمۋوللارنىڭ ياردىمىدە بىر - بىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ ۋە هېس - تۇيغۇلىرىنى، كەچۈرمىشلىرىگە مەنە يۈكلەيدۇ. هادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقى دەل ئەنە شۇنداق ئالاقە جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىجتىمائىي رېئاللىقنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئىنسان ئېڭى بىلەن ئىجتىمائىي هايات ئوتتۇرىسىدىكى، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى هەققىدە قانداق هېسلاردا بولىدىغانلىقى، نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى بىلەن كۈندىلىك رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى شەرھلەشكە تىرىشىدۇ. هادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقىنى ياراتقان كىشى دەل ئاۋسترىيە جەمئىيەتشۇناسى ئالفرېد شۇتس. شۇتسنىڭ هادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى — ئۆزى «هايات دۇنياسى» دەپ ئاتىغان، كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكە، ئورتاق تونۇشقا ئايلانغان كۈندىلىك ئىش - پائالىيەت، ئالاقىلەردۇر. دەل مۇشۇ ئالاقە، ئىش - پائالىيەتلەر شەخسنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە خېمىرتۇرۇچ بولىدۇ ۋە ئىجتىمائىي توپ،

جەمئىيەتنىڭ ھاياتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئالفرېد شۇتىسنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىقتا قوشقان تۆھپىسى خۇسسېرلىنىڭ رادىكال ھادىسىشۇناسلىق پەلسەپىسى بىلەن ماكس ۋېبېرنىڭ ھەرىكەت نەزەرىيەسىنى ۋە ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنى يۇغۇرۇپ يېڭى نەزەرىيە سىستېمىسى تۇرغۇزغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇتىسنىڭ ئوخشىمىغان ئىدىيەلەرنى ماھىرلىق بىلەن يۇغۇرۇشى ھادىسىشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، خارولد گارفىنكىلنىڭ ئېتنومېتودولوگىيەسىنىڭ ئۇلىنى ھازىرلاپ بەردى، شۇنداقلا باشقا بىر قىسىم نەزەرىيەلەرنىڭ يۈكسىلىشىگە سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ماكس ۋېبېرنىڭ ھەرىكەت نەزەرىيەسى، خۇسسېرلىنىڭ ھادىسىشۇناسلىق پەلسەپىسى ۋە سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسى ئۈستىدە سىنتېزلاپ ئانالىز يۈرگۈزۈشى بىر مۇنچىلىغان يېڭى سوئاللارنى بارلىققا كەلتۈردى: ھەرىكەت ئىجراچىلىرى بىر - بىرىنىڭ ئورتاق چۈشەنچىسىگە ئايلانغان سۇبيېكتىپ دۇنيانى قانداق يارىتىدۇ؟ ئاشۇ سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ساقلىنىشىغا نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئالفرېد شۇتىسنىڭ قارىشىچە، ھەممىلا ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ئۇنى ئىجتىمائىي دۇنيادا ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان تەرتىپ ئېڭى، ئىجتىمائىي رېتسېپ، مۇۋاپىق ھەرىكەت چۈشەنچىسى ۋە ئۇچۇر بولىدۇ. دەل ئاشۇ تەرتىپ ئېڭى، ئىجتىمائىي رېتسېپ، ھەرىكەت چۈشەنچىسى ۋە ئۇچۇر قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ زاپاس تونۇش مەنبەلىرىدۇر. ئاشۇ زاپاس تونۇشلار ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان كىشىلەرگە دۇنيادا ھەرىكەت قىلىش داۋامىدا ئۆزى يولۇققان ئىشلارنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى ۋە يېتەكچى پرىنسىپ ئاتا قىلىدۇ. ئالفرېد شۇتىس كىشىلەرنىڭ ئالاقىسىدە كەم

بولمايدىغان بۇ زاپاس تونۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن شەرھلەيدۇ:

بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ رېئاللىقى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ زاپاس تونۇشلىرىنىڭ ھاسىلاتىدۇر. بىر جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زاپاس تونۇش ئورتاق رېئاللىقنى — جىمىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى پېتەكلەيدىغان، بارلىققا كەلتۈرىدىغان ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىنى پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەر ئىجتىمائىي مۇھىتتا باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا ئاشۇ زاپاس تونۇشلىرىنىڭ، رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاشۇ زاپاس تونۇشلار كۆندىلىك رېئاللىقتا داۋلىيلىق يوسۇندا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋەرگەنلىكتىن، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق تونۇشقا ئايلىنىدۇ. كىشىلەر ئالاقە داۋامىدا زاپاس تونۇشلار توغرۇلۇق ئويلىنىپ يۈرمەيدۇ ۋە ئۇلاردىن ھەممە ئادەم بىلىدىغان ھەقىقەت سۈپىتىدە جىمجىت پايدىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، زاپاس تونۇش ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئۆگىنىلىدۇ، ئورتاق ئىجتىمائىي، مەدەنىي تۇرمۇش داۋامىدا ئىجتىمائىيلىشىش نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىدۇ ۋە ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ رېئاللىقىغا ئايلىنىدۇ.

تۆتىنچى، كىشىلەر بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان چۈشەنچە ئېڭىغا سەۋەب بولىدىغان بىر مۇنچە قىياس، پەرەزلەر ياردىمىدە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك — مۇئەييەن بىر ھەرىكەت ئىجراچىسى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدىكى زاپاس تونۇشلار ھەققىدە ئورتاقلىققا ئىگە دېگەنلىكتۇر. بەلكىم باشقىلار ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈش تۈپەيلى زاپاس تونۇشلىرىغا ئۆزگىچە ئېلېمېنتلارنى قېتىۋالغان بولۇشى

مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئالاقىگە قاتناشقان يەككە ھەرىكەت ئىجراچىسى ئۇ ئۆزگىچە ئېلېمېنتلاردىن خەۋەرسىز قالغان بولۇشى چوقۇم.

بەشىنچى، زاپاس تونۇشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئىجتىمائىيلىششى جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىشى ۋە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان چۈشەنچىلەرنى يارىتىشى ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ھەرىكەت ئىجراچىسىغا مۇنداق بىر قىياسنى ۋە ئۇچۇرنى يەتكۈزىدۇ: ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەمگە نىسبەتەن ياشاۋاتقان دۇنيا ئورتاقلىقىغا ئىگە. جەمئىيەتنى تونۇپ تونۇپ تۇرىدىغىنى، تەشكىل قىلىدىغىنى دەل ئەنە شۇ ئورتاقلىق ھەققىدىكى تونۇشتۇر.

ئالتىنچى، ئورتاق دۇنيا ھەققىدىكى قىياس نەتىجىسىدە ھەرىكەت ئىجراچىسى سىمۋوللۇق ئىپادىلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ. كىشىلەر زاپاس تونۇشلىرىنىڭ ياردىمىدە بىر - بىرىنى مەلۇم كاتېگورىيەلەرگە كىرگۈزىدۇ، سىمۋوللارغا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. دەل مۇشۇ جەرياندىكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەشلەر ئارقىلىق ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئىجتىمائىي دۇنيادىكى ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر سىمۋوللار ۋە تىپىك ئوبيېكتلار ئارقىلىق نېمىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىدۇ.

ئالفرېد شۇتىس يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرلىرىدە ياۋروپا ھادىسىشۇناسلىقى بىلەن ئامېرىكىنىڭ سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىنى يۇغۇرۇۋەتكەن. ئۇ زاپاس تونۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىدا خۇسسېرلنىڭ ئىدىيەلىرىدىن ئىلھام ئالغان ھەم ئۇنىڭغا جورج خېربېرت مىدنىڭ «يۇغۇرۇلغان ئۆزلۈك» (Generalized other) ئۇقۇمىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن. شۇتىسنىڭ زاپاس تونۇش ياردىمىدە يارالغان، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق بولۇپ كەتكەن رېئاللىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمۇ ھەم خۇسسېرلنىڭ تەسىرى، شۇنىڭدەك دەسلەپكى مەزگىللەردىكى

سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئادەت ھەم ئادەت كۆچىگە ئايلانغان ھەرىكەت ھەققىدىكى تونۇشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭ زاپاس تونۇشىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا قانداق سىڭدۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى نەزەرىيەسى سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسى ئاساسچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئالفرېد شۇتس 1899 ـ يىلى ئاۋستىرىيە پايتەختى ۋېنادا تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، كېيىن بانكا سىستېمىسىدا خىزمەت قىلغان. ئەمما بانكىدىكى خىزمىتى بارغانچە ئۇنىڭغا مەنىسىز بىلىنگەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاياتنىڭ مەنىسىنى ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدىن تاپقان. بۇ جەرياندا ماكس ۋېبېرنىڭ ھەرىكەت نەزەرىيەسىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەمما، تەسىرگە ئۇچراش باسقۇچىدا توختاپ قالماستىن، ماكس ۋېبېر نەزەرىيەسىدىكى بوشلۇقلارنى ئېدمۇند خۇسسېرل ۋە ھېنرى بېرگسونلارنىڭ ئىدىيەلىرىنى يۇغۇرۇش ئارقىلىق تولدۇرغان، ئاۋستىرىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا ئىلمىي بولغان ھەرىكەت نەزەرىيەسى تۇرغۇزۇپ بېرىش يولىدا تىرىشقان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان گىرەلەشمە تەسىرلەرنىڭ نەتىجىسىدە 1932 ـ يىلى جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغان «ئىجتىمائىي دۇنيا ھادىسىشۇناسلىقى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان. بۇ ئەسەر 1967 ـ يىلى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىش ھارپىسىدا، ئالفرېد شۇتس ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ۋە نۇرغۇن باد-

www.uyghurkitap.com

كىلارغا مەسلىھەتچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. 1943 ـ يىلى نيۇيوركتىكى يېڭىچە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان، 1956 ـ يىلى غىچە بانكىدىكى خىزمىتىدىنمۇ ۋاز كەچمىگەن. گەرچە بۇ ئىنستىتۇتتا تەسىرى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلىرىدىن پېتىر بېرگېر، توماس لۇكمان، خارولد گارفىنكىل قاتارلىقلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقىنى داۋاملاشتۇرۇشى، راۋاجلاندۇرۇشى نەتىجىسىدە جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە شۆھرىتى ئاشقان. كېيىن يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئۈچ كىشى جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە غوللۇق پېشۋالارغا ئايلانغان. ئالفرېد شۇتىس 1959 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئىجتىمائىي دۇنيا ھادىسىشۇناسلىقى» (1932 ـ يىلى)، «ھايات دۇنياسىنىڭ قۇرۇلمىسى» (1975 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

## شۇتىسنىڭ ئىلھام مەنبەسى: ئېدمۇند خۇسسرېلنىڭ ئىدىيەسى

شۇتىس ئاساسلىق ئىلھام مەنبەسىنى خۇسسرېلدىن ئالغان. خۇسسرېلنىڭ قارىشىچە، ھەرىكەت ئىجراچىلىرى ھەمىشە ئىجتىمائىي دۇنيانى تەرتىپلەشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ بىر جەريانغا ئىشتىراك قىلىدۇ. لېكىن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي دۇنياسىنىڭ ھەر خىل ئەندىزىلىرىنى يارىتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇمايدۇ، شۇڭا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا سوئال قويۇپمۇ يۈرمەيدۇ. ھەرىكەت ئىجراچىلىرى ئىجتىمائىي دۇنيانى تەبىئىي مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ چۈشىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى قۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنى

ھېس قىلمايدۇ. كۈندىلىك ھاياتتىكى ئالدىراش كىشىلەردىن پەرقلىق ھالدا ھادىسىشۇناسلار ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ ھەر خىل ئەندىزىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرىدۇ؛ شۇنىڭدەك، ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي دۇنيانى تەرتىپلەش جەريانىنى ھادىسىشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرىدۇ.

خۇسسېرلنىڭ ئىلمىي ھادىسەشۇناسلىقى ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ ھەرىكەت ئىجراچىلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ھەر خىل قاتلاملىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق يۈكسەك ئۆزلۈكنىڭ ۋە ئاڭنىڭ قۇرۇلمىسىنى شەرھلەشكە تىرىشىدۇ. شۇتىس يۈكسەك ئۆزلۈككە تەبىر بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «يۈكسەك ئۆزلۈك بىزنىڭ ئاڭ پائالىيىتىمىزنىڭ يادروسىدۇر؛ ساغلام بولغان ئوي ئېقىمىدۇر؛ ئۇ ھەمىشە پىكىر، ئويلىنىش ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ؛ كەچۈرمىشلىرىمىزگە ئاساس بولىدۇ.»

يۈكسەك ئۆزلۈك ئىدىيەسى ئېدمۇند خۇسسېرلنىڭ ئىنسان ئېڭىنىڭ مۇقىم، نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىدىن ئەنداز ئالغان. ئالفرېد شۇتىس مۇنداق دەيدۇ: «خۇسسېرلنىڭ نەزىرىدىكى ھادىسىشۇناسلىق رېئاللىققا يېقىنلاشقان ئايرىم پەن بولۇشنى ئىستەيدۇ؛ مەۋجۇدىيەتكە ئەمەس، ماھىيەتكە، توغرىراقى ئاڭنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى بولغان يۈكسەك ئۆزلۈككە كۆڭۈل بۆلىدۇ.» خۇسسېرلنىڭ نەزىرىدە، ئاڭ — بىر جەريان؛ بۇ جەريان ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ مېڭىسىدە ئەمەس، ھەرىكەت ئىجراچىسى بىلەن دۇنيادىكى ئوبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ؛ ھەمىشە مەلۇم نەرسە ۋە مەلۇم ئوبيېكت ھەققىدىكى ئاڭ ھالىتىدە ئىپادىلىنىدۇ؛ ئاڭ ھەرىكەت ئىگىسىگە بېقىنمايدۇ.

خۇسسېرلنىڭ ئەسەرلىرىدىكى دىققەتنى تارتىدىغان يەنە بىر نۇقتا ئۇنىڭ ئاڭنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى

www.uyghurkitap.com

تەھلىللىرىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. خۇسسېرىل پەلسەپىنى ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، ئەستايىدىل پەن قىلىپ راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەمما تەجرىبىچىلىك ۋە ئىستاتىستىكىلىق ئانالىزنى ئاساس قىلغان مېتودلارنى قوللىمايدۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇنداق مېتود ئاڭنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. خۇسسېرىل شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ھادىسىشۇناسلار ئاخىرى ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ جانلىق كەچۈرمىشلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تولۇق، توغرا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيەسى ئالفرېد شۇتىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھادىسىشۇناسلارغا مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن تەسىر كۆرسەتكەن: بىرىنچى، ھادىسىشۇناسلار ئىزچىل تۈردە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا مودا بولۇۋاتقان تەتقىقات مېتودلىرىنى قوللىنىشتىن باش تارتىدۇ؛ ئىستاتىستىكىلىق مېتودلارغا قىزىقمايدۇ؛ ئەكسىچە ئىنساننىڭ كەچۈرمىشلىرىگە مەنبە بولىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي ھادىسلەرنى — ئىجتىمائىي مۇھىت، ۋەقە، پائالىيەت، ئالاقە، ئىجتىمائىي ئوبيېكت قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى نىشان قىلىدۇ. ئىككىنچى، ھادىسىشۇناسلار ئىنساننىڭ بىۋاستە سېزىمىنى گۇڭگا ئۇسۇلدا ئىپادىلەيدىغان مېتودلارغا قارشى تۇرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار كىشىلەر باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىجتىمائىي ھادىسلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى بايقاشقا، شەرھلەشكە تىرىشمايدىغان سۇبيېكتىپ ئۇزىملىق مېتودلارنى چەتكە قاقىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاڭنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىش — سىستېمىلىق ۋە ئەستايىدىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇشكۈل ئەمگەك. ھادىسىشۇناسلار خۇسسېرىلدىن ئۆرنەك ئېلىپ مۇنداق بىر نۇقتىنى ئۆزىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپى قىلغان: ھادىسىشۇناسلىق ئىجتىمائىي ھاياتنى شەرھلەپ بېرەلەيدىغان پەن بولۇشى كېرەك. ئالفرېد

شۇتىس پۇتكۇل ئەسەرلىرىگە بۇ نۇقتىنى سىڭدۈرۈۋەتكەن ۋە ھادىسىشۇناسلىقتا جەمئىيەتشۇناسلىق ئېلېمېنتلىرى قېتىلغان ئانالىزلىرىدا گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار، ئىجتىمائىي دۇنيا، رېئال ھايات قاتارلىق تېمىلارنى چۇشەندۇرۇپ بېرىشكە تىرىشقان.

## ئىجتىمائىي پەن ۋە ئىجتىمائىي ھايات

ئالفرېد شۇتىسنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي پەن، خۇسۇسەن جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي ھاياتنى تەسۋىرلەش باسقۇچىدىلا توختاپ قالماي، دۇنيانىڭ ئۇقۇملاشقان، نەزەرىيەۋى مودېللىرىنى سىستېمىلىق يوسۇندا تۇرغۇزۇشى كېرەك. ئۇ يەنە ئىجتىمائىي پەن بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئىجتىمائىي ھاياتتا كۆپ خىل دۇنيا بولىدۇ. مەسىلەن، سەنئەت دۇنياسى، ساراڭلىق دۇنياسى، خام خىيال دۇنياسى دېگەندەك. بىر پۈتۈن رېئاللىق كارتىنىسى بولسا كۈندىلىك ھايات ھەققىدىكى گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلاردىن پۈتكەن دۇنيادۇر. چۈنكى، «ئۇ رېئاللىقتا دۇچ كېلىدىغان سەرگۈزەشتىلىرىمىزنىڭ ئەسلىي گېنىدۇر. باشقا مەنە قاتلاملىرى بولسا ئاشۇ بىر پۈتۈن رېئاللىق كارتىنىسىنىڭ رەڭ ــ بوياقلىرىدۇر.» كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، شۇتىس رېئال ھاياتنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، پەن رېئاللىقى بىلەن كۈندىلىك رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شەرھلەشكە تىرىشىدۇ.

پەن دۇنياسى بىلەن ھايات دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە تېگىزلىك پەرق بولىدۇ. بىرىنچى، رېئاللىق ھەققىدە-تونۇشى قېلىپلاشقان ھەرىكەت ئىجراچىسى كۈندىلىك ھاياتتىكى

دائىملىق مەسىلىلەرگە ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن يۈزلىنىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى بولسا ئۇلارنى يىراقتىن كۆزىتىپ ھەم ئارىلىق ساقلاپ، ھايات تەشۋىشلىرىدە تىپىرلاپ يۈرگەن ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ ھاياتىدىن مەنە ئىزدەشكە تىرىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىنى كۈندىلىك ھاياتنىڭ ئۇششاق غەم-غۇسسىلىرىگە يەم قىلىپ بەرمەيدۇ؛ ئىككىنچى، رېئاللىق ھەققىدە تونۇشى قېلىپلىشىپ بولغان ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ زاپاس تونۇشلىرى كۈندىلىك ھاياتتىن كەلگەن بولسا، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى پەن ساھەسىگە مەنسۇپ بولغان زاپاس تونۇشلارنىڭ ياردىمىدە ئىجتىمائىي دۇنيانى توختىماي كۆزىتىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى باشقا كەسىپداشلىرى تەرىپىدىن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەل قىلىش لايىھەلىرى مۇھاكىمىگە سۇنۇلغان، تېگىشلىك مېتودلار قوللىنىلغان ۋە نەتىجىلەر كۆرۈلگەن بىر دۇنيادا ياشايدۇ؛ ئۈچىنچى، تەتقىقات ئوبيېكتىنى نەزەرىيەۋىلەشتۈرۈش باسقۇچىغا ئۆتكەندە، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ھاياتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىققا تىرىشىشى ۋە پەن ساھەسىگە مەنسۇپ بولغان مەنە دۇنياسىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك. ئەكسىچە، رېئاللىق ھەققىدە تونۇشى قېلىپلاشقان ھەرىكەت ئىجراچىلىرى شەخسىي كەچۈرمىشلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ئىجتىمائىي دۇنيادا ياشايدۇ. ئاشۇ ئۈچ خىل پەرق بىزگە پەن دۇنياسىنىڭ تەبىرىنى، چېگراسىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە پەن دۇنياسىدا ياشايدىغان ئادەمنىڭ ئۆزى تەتقىق قىلماقچى بولغان رېئاللىققا نىسبەتەن ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئىلمىي پوزىتسىيەگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان رېئال دۇنيادىن ئارىلىق ساقلىشى، پەن دۇنياسى ئىچىدە ياشىشى، رېئاللىقتىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى پەن

دۇنياسىغا سۆرەپ كىرمەسلىكى لازىم.

كۆندىلىك ھايات ھېسسىي ياكى ئەقلىي رەۋىشتە ھەرىكەت قىلىدىغان كىشىلەر تۈپىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ئەقلىي رەۋىشتە ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇنياسىنى نەزەرىيەۋىلەشتۈرۈپ، ئوقۇملاشقان مودېلىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك، رېئال ھاياتتا يەنە ھېسسىي رەۋىشتە ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئىجتىمائىي دۇنيادىكى كىشىلەر تىپىك بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي يوسۇندا تېپىپ چىققان قائىدە ـ يوسۇنلاردىن، مىزانلاردىن چەتنىمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى، ئادەتلەنگەن قېلىپلاردا ھەرىكەتكە ئۆتۈۋېتىپ يەنە تاسادىپىي ھالدا ئەقلىي يوسۇندا ئىش كۆرىدىغان، «ئاقىلانە» قارار چىقىرىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ياراتقان نەزەرىيەۋى مودېللارغا يانداشقاندىلا ھەرىكەت ئىجراچىلىرى ھەقىقىي يوسۇندا ئەقلىي رەۋىشتە ھەرىكەتكە ئۆتەلەيدۇ. سەۋەبى، «ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ياراتقان نەزەرىيەۋى مودېللار مەلۇم بىر ھەرىكەتنىڭ نەگە ئاپىرىدىغانلىقى، نېمە نەتىجە بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق، پەرقلىق قاراشلار ئاساسىغا قۇرۇلغان.» شۇتىس يەنە ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەقلىيلىك ئۇقۇمىنى نەزەرىيەلەشتۈرۈشكە تىرىشقان. «ھەقىقىي مەنىدىكى ئەقلىيلىك كۆندىلىك ھايات ھەققىدە تونۇشلىرى قېلىپلاشقان ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەقلىيلىك ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى مۇئەييەن بىر مېتودنى قوللىنىپ ئۇقۇملاشتۇرۇپ چىققان، پىشقان ھەرىكەت ئەندىزىسىدۇر.» كۆندىلىك ھاياتتىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ئەقلىي تۈس ئالغان بولىدۇ. ھېسسىي ياكى ئەقلىي يوسۇندا ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان ئادەملەر ھەمىشە يۈزدە ـ يۈز ئەقلىي بولالمايدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى غايەت كەڭ

www.uyghurkitap.com

سەھنە بولغان، ئەمما تولۇق ئەقلىيلىشىپ بولالمىغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ نەزەرىيەۋى مودېلىنى تۇرغۇزۇشتۇر. بۇ دېگەنلىك ــ ئەقلىي مودېللاردىن پايدىلىنىپ كۈندىلىك ھاياتتىكى ئەقلىي بولمىغان ھەرىكەتلەرنى ئانالىز قىلىش دېگەنلىكتۇر.

## ھايات دۇنياسى

ھايات دۇنياسى ــ شۇتىس ئادەتكە ئايلانغان، كۈندە داۋاملىشىدىغان ھاياتنى ئىزاھلاش ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىقتا قوللانغان نام. شۇتىس بۇنى يەنە «ئورتاق تونۇشقا ئايلانغان دۇنيا، كۈندىلىك دۇنيا، دائىملىق رېئاللىق»، «رېئاللىق كارتىنىسى» دەپمۇ ئاتىغان. دەل مۇشۇ دۇنيادا كىشىلەر ئادەتلەنگەن، تەبىئىيلىككە ئايلىنىپ كەتكەن پوزىتسىيەسى بويىچە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. يەنى، ئالاھىدە كىرىزىسلىق ئەھۋالغا يولۇقمىغۇچە، ئۆزى كۆنگەن ئىجتىمائىي رېتسېپلاردىن گۇمانلانمايدۇ. شۇتىس ھايات دۇنياسىنىڭ خاراكتېرىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن ئىزاھلايدۇ:

بىرىنچى، ئىجتىمائىي دۇنيادا مۇقىملىشىپ قالغان بىر ئالىڭ بولىدۇ، كىشىلەر ھاياتقا ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە يۈزلەنگەندە ئاشۇ مۇقىملاشقان ئېڭى بويىچە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ؛ ئىككىنچى، ھەرىكەت ئىجراچىسى بۇ دۇنياغا جىق سوئال قويۇپمۇ يۈرمەيدۇ؛ ئۈچىنچى، بۇ دۇنيادا كىشىلەر بەدەن پائالىيىتى ئارقىلىق نىشانلانغان بىر مەقسەتنى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ، بۇ جەرياندا پائالىيەت قىلىش ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ يادروسىغا ئايلىنىدۇ؛ تۆتىنچى، ھايات دۇنياسى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەت ھەققىدىكى گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار مۇجەسسەم بولغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي شەكىللەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئېنىقكى، چۈش، خىيال دۇنياسى

گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلاردىن پۈتكەن دۇنيا ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھايات دۇنياسىدا جەمئىيەتتىكى بىر بۆلۈك ۋاقىت ئېقىنى بىلەن شەخسنىڭ ۋاقىت ئېقىنىنىڭ كېسىشىشىدىن پۈتكەن ئالاھىدە ۋاقىت قارىشى بولىدۇ. چۈش، خىيال ئىلكىدە تۇرغىنىدا، بىر ئادەمنىڭ ۋاقىت ئېقىنى كەڭ جەمئىيەتنىڭ ۋاقىت ئېقىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، 20 ـ ئەسىردە ياشاۋاتقان بىر ئادەم ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھايات ھەققىدە ھەر خىل خام خىياللاردا، خاتا چۈشەنچىلەردە بولۇشى مۇمكىن.

ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ھايات دۇنياسى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ ھايات دۇنياسىدىكى بەزى ئېلېمېنتلار قوشۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. باشقىلارمۇ بىزنىڭ ھايات دۇنيايىمىزدىكى بەزى تەرەپلەردىن خەۋەردار. ھايات دۇنياسى ئەنە شۇنداق گىرەلەشمە ھېس ـ تۇيغۇلاردىن پۈتكەن دۇنيادۇر، لېكىن بۇ دۇنيا بىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت، يەنى بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان. ئەمدىلىكتە بىزگە قالغىنى ئۇنى ھېس قىلىش ۋە چۈشىنىش. شۇ سەۋەبلىك، ھايات دۇنياسىنى ھېس قىلىۋاتقان چاغدا بىز ئەمەلىيەتتە پائالىيەت دائىرىمىزگە چەك قويۇلۇۋاتقان رەھىمسىز، جاھىل بىر دۇنياغا يۈزلىنىۋاتقان بولىمىز. ئەمما، ھايات دۇنياسىنىڭ بىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قۇرۇلمىسىنىڭ كونتروللۇقىغا پۈتۈنلەي چۈشۈپمۇ كەتمەيمىز. شۇتس مۇنداق يازىدۇ:

«بىز ئەتراپىمىزدىكىلەر بىلەن بىللە ياشاش داۋامىدا بىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن مۇشۇنداق قېلىپقا كېلىپ بولغان، بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ بولغان ھايات دۇنياسىنى كونترول قىلىشقا، ئۆزگەرتىشكە تىرىشىمىز كېرەك. بولمىسا مەقسىتىمىزگە يېتەلمەيمىز... ھايات دۇنياسى ياكى غالىب كېلىشىمىز، ياكى داۋاملاشتۇرۇشىمىز زۆرۈر بولغان ھەرىكەتلىرىمىزگە

تۇسالغۇلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۈندىلىك ھاياتقا يۈزلەنگەن ئەمەلىيەتچىل بىر ئارزۇ بىزنىڭ ئادەتكە ئايلانغان-پوزىتسىيەمىزگە قوماندانلىق قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھايات دۇنياسى ياكى ھەرىكىتىمىز بىلەن يېڭىلىشىمىز زۆرۈر بولغان، ياكى بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى بىر تۈرگۈن قىلىپقا چۈشۈرىدىغان دۇنيادۇر.»

## ئىجتىمائىي رېتسىپ

ئالفرېد شۇتسنىڭ نەزىرىدە، ئىجتىمائىي رېتسېپ «ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى يولۇققان كەچۈرمىشلىرىنى چۈشىنىشكە، ھېچبولمىغاندا بىر تەرەپ قىلىشقا ئەسقاتىدىغان مىزاندۇر.» كىشىلەر ئاشۇ ئىجتىمائىي رېتسېپلارنىڭ ياردىمىدە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دۇچ كەلگەن ھەر خىل ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىرەر ئادەم بىزگە سالاملىشىشتىكى كۆنۈككەن ئەندىزە بويىچە «قانداق ئەھۋالىڭىز؟» دېسە، بىزمۇ تەبىئىي ھالدا ئادەتلەنگەن شەكىلدە «ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟» دەيمىز. ئالفرېد شۇتس تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تاماق رىسالىسى، رېتسېپ... قاتارلىقلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بىز يولۇقىدىغان تۈرلۈك ئەھۋاللاردا بىزنىڭ ھەرىكەت ئۇسۇلىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ھەربىر كۈندىكى كۆپ قىسىم پائالىيىتىمىز تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ ئۇخلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا خىلمۇ خىل رېتسېپلارغا موھتاج بولىدۇ. بۇ رېتسېپلار ئۆرپ - ئادەت، ئىجتىمائىي مىزان، مەدەنىيەت شەكلى ھالىتىدە ئىپادىلىنىپ، ھەرىكىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.» ھەتتا بىز چىگىچ ياكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللارغا يولۇققان چېغىمىزدىمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىمىز بىلىدىغان ئىجتىمائىي رېتسېپلارنى سىناپ باقىمىز. ئۆزىمىزنىڭ رېتسېپلىرى كارغا كەلمىگەن چاغدىلا يېڭى

ئەھۋالغا تاقابىل تۇرىدىغان چارە ـ ئاماللار ئۈستىدە ئويلىنىمىز.

شۇتىس ئۆزىنىڭ «ھايات دۇنياسىنىڭ قۇرۇلمىسى» ناملىق ئەسىرىدە قانداق ئەھۋاللارنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن چىگىچ ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە قانداق ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ يېڭى رېتسېپلار ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن. يېڭى ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىدىغان رېتسېپ بولمىغاندىلا ياكى كونا رېتسېپ بۇ يېڭى ئەھۋالغا باب كەلمىگەندىلا كىشىلەر يېڭى رېتسېپ ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر كاللىسىدىكى زاپاس تونۇشنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان چاغدىلا ئاندىن يېڭى رېتسېپلارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى زاپاس تونۇش ئىسكىلاتىغا ئامانەت قويىدۇ.

ھايات دۇنياسىدا چىگىچ ئەھۋاللار ھېلىدىن ھېلىغا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغىنى ئۈچۈن كىشىلەر كونا رېتسېپلىرىنى دەسمايە قىلىپ يۈرۈۋەرسە بولمايدۇ. ئۇلار ئالدىن قىياس قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى ماسلىشىشچان بولۇشى كېرەك. مەسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى تېپىپ چىقىش، باشقىچە ھەرىكەت مېتودلىرىنى باھالاش ئارقىلىق يېڭى، ئالدىن كۆرۈپ يەتكىلى بولمايدىغان ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن. بۇنداق رېتسېپ ئەمەلىيەتتە يېقىن پاراسەتنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

## گىردلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار

سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار گىرەلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي دۇنيا بىر ئادەمنىڭلا دۇنياسى ئەمەس. بۇ دۇنيادا سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن گىرەلىشىدۇكى، «بىز بۇ ئىجتىمائىي دۇنيادا يالغۇز ھالەتتە ئەمەس، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايمىز؛ ئىشلەش، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش داۋامىدا

سوبيېكتىپ تۇيغۇلىرىمىز گىرەلىشىپ بىزگە بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىش پۇرسىتى ئاتا قىلىدۇ.» بىز سۆزلىشىۋاتقان، بىر - بىرىمىزنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋاتقان چېغىمىزدا، گىرەلەشمە تۇيغۇلىرىمىز جانلىق ھالەتتە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ؛ باشقىلار بىلەن ئوخشاش ماكان ۋە زاماندا تۇرۇۋاتقان بولىمىز: «دەل مۇشۇ ئوخشاش زامان، ئوخشاش ماكان چەمبىرىكىدە تۇرۇشىمىز گىرەلەشمە تۇيغۇلىرىمىزنىڭ يادروسىدۇر. چۈنكى، بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئاڭ ئېقىنىدا ياشاۋاتقان چېغىمىزدا، بىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىكى سوبيېكتىپ تۇيغۇلارنىمۇ چۈشىنىپ تۇرۇشىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر - بىرىمىزنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا گىرەلەشمە سوبيېكتىپ تۇيغۇلىرىمىز ئارقىلىق چۈشىنىپ تۇرۇش نەتىجىسىدە بىز ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى يارىتىمىز.»

ئالفرېد شۇتىس مۇنداق قارايدۇ: تونۇش — گىرەلەشمە سوبيېكتىپ تۇيغۇلارنىڭ ھاسىلاتىدۇر. بۇنى ئۈچ نۇقتىدىن چۈشىنىش مۇمكىن. بىرىنچى، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان چۈشەنچىلەرنىڭ ياردىمىدە بىز باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بىز بىلىدىغان ئوبيېكتلاردىن باشقىلارنىڭمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىمىز. گەرچە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان چۈشەنچىلەر بولسىمۇ، گاھىدا ئوخشاش بىر ئوبيېكتنىڭ باشقا كىشىلەرگە باشقىچىرەك تۇيغۇ ئاتا قىلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار. بۇنداق قىيىنچىلىقنى ئىجتىمائىي دۇنيادا ئىككى خىل پىكىر يولىنىڭ ياردىمىدە يەڭگىلى بولىدۇ. بىرىنچىسى، باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدىن چىقىپ پىكىر قىلىش يولى بولۇپ، بىز ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويغان چېغىمىزدا، شەيئىلەرنى شۇلارغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىمىز. ئىككىنچىسى، ئوخشاش، بىردەك نۇقتىدىن چىقىپ پىكىر قىلىش يولى بولۇپ، بۇنىڭدا بىز باشقىلار بىلەن بولغان پەرقىمىزگە سەل قارايمىز.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، تونۇشلارنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىدە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. شەخسلەرنىڭ زاپاس تونۇش ئامبىرىدا باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىدىغان تەركىبلەر جىق، ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا ياراتقان تەركىبلەر ئاز بولىدۇ. زاپاس تونۇشلارغا بىز ئاتا - ئانىمىز، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز، قۇرداشلىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىش داۋامىدا ئېرىشىمىز.

ئۈچىنچى، تونۇشلارنىڭ ئىجتىمائىي يوسۇندا تارقىلىشى داۋامىدا سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. كىشىلەر ئېرىشىدىغان تونۇش ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلەنگەن تەپەككۇرىدا شۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشىنىدۇكى، شەخسلەرنىڭ تۇيغۇ ئامبىرىدىكى زاپاس تونۇشلىرى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشىمايدۇ.

## تونۇشنىڭ ئىندىۋىدۇئال تەركىبلىرى

شۇتس يەنە شۇنداق بىر نۇقتىنىمۇ قەيت قىلىدۇ: بىر شەخسنىڭ كەچۈرمىشى يەنە بىر شەخسنىڭكىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىكى مەزمۇنلارمۇ ئوخشىمايدۇ؛ زاپاس تونۇشلار بولسا كەچۈرمىشلەرنىڭ ياردىمىدە بىر - بىرى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەممىشە دىگۇدەك زاپاس تونۇشنىڭ ئىندىۋىدۇئال تەركىبلىرى بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بىر ئادەمنىڭ زاپاس تونۇش ئامبىرىدىكى خاس ئېلېمېنتلارمۇ پۈتۈنلەي دىگۇدەك ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىراسى ئەمەس. «ئۇنداق بولۇشى ۋە كەچۈرمىشلەرنىڭ مۇددىتى،

www.uyghurkitap.com

تونۇشنىڭ يەككە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىشى ئىجتىمائىي ھايات داۋامىدا بەلگىلىنىپ قالغان ۋە ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئايلانغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كەچۈرمىشلەر ئىجتىمائىي يوسۇندا كاتېگورىيەلەرگە ئايرىلغان.»

شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشكە پىلتە بولىدىغان ئىجتىمائىي مەنبە ئوخشىمىغانلىقتىن، تونۇشنىڭ شەخسكە خاس ئېلېمېنتلىرى ئورتاق ھايات دۇنياسىنىڭ تەركىبى ئەمەس. تېگى - تەكتىدىن كەچۈرمىشكە بېقىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، تونۇشنىڭ شەخسكە خاس ئېلېمېنتلىرىنى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ؛ ئۇلار پەقەت ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدىكى مۇھىم تەركىبلەردۇر.

## ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ رېئاللىق كارتىنىلىرى

ئالفرېد شۇتس ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ پەرقلىق كارتىنىلىرىنى تۆت نۇقتىدىن چۈشەندۈرىدۇ. ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ ھەر بىر رېئاللىق كارتىنىسى ئابستراكتلىقتا ئىگە بولىدۇ ھەم ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ قۇربىتى، ئىمكانىيىتى يېتىدىغان دائىرىدىكى ئورنىغا قاراپ ھەر خىل خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ تۆت خىل رېئاللىق كارتىنىلىرى تۆۋەندىكىچە: بىۋاسىتە ھېس قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ كارتىنىسى، ۋاسىتىلىك ھېس قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ كارتىنىسى، بۇرۇنقىلارنىڭ رېئاللىق كارتىنىسى، كېيىنكىلەرنىڭ رېئاللىق كارتىنىسى. بۇرۇنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ رېئاللىق كارتىنىلىرى شۇتسنىڭ دىققەت مەركىزىدە مۇھىم ئورۇن تۇتمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، سېلىشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن بۇ ئىككى رېئاللىق كارتىنىسىنى ۋە باشقا ئىككى رېئاللىق كارتىنىسىنىمۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

### بۇرۇنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ رېئاللىق كارتىنىلىرى

بۇ خىلدىكى رېئاللىق كارتىنىلىرى ئىنسانىنىڭ قارارىغا بېقىنمايدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىنى ئومۇمىي نۇقتىدىن چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ، ئەمما مۇپەسسەل يوسۇندا شەرھلەپ بېرەلمەيدۇ. ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى روياپقا چىقارغان كەلگۈسى ھەققىدىكى ئەندىزىلەر دېگەندەك ئىشەنچلىك بولمايدۇ. شۇڭا، ئالفرېد شۇتىس ئەسەرلىرىدە كەلگۈسىنى چۈشىنىش، كەلگۈسىنى قىياس قىلىش ھەققىدىكى بايانلار يوق دېيەرلىك.

كەلگۈسىگە قارىغاندا، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئۆتمۈشنى تەھلىل قىلىشى نىسبەتەن ئوڭاي. ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئاللىبۇرۇن سادىر بولۇپ بولغان، ئۇنى يېڭىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىنچىلىكى يوق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلۈپ بولغان. ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ھەرىكىتى سۇبيېكتىپ جەمئىيەتشۇناسلىقتا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. چۈنكى، كۆپىنچە ھاللاردا بىز ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشقىنىمىزدا، شۇ چاغدىكى كاتېگورىيەلەر ئۆلچىمى بىلەن ئەمەس، بۈگۈنكى زاماندىكى پىكىر مودېلى بويىچە تەھلىل يۈرگۈزىمىز. بۇنداق بولغاندا، ئۆتمۈش ھەققىدىكى سۇبيېكتىپ جەمئىيەتشۇناسلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇمكىن بولسىمۇ، بۇنداق تەۋەككۈلچىلىكنىڭ خاتا شەرھلەش ئېھتىماللىقى زور بولىدۇ.

### بىۋاستە ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىق كارتىنىسى ۋە «بىز»لىك مۇناسىۋىتى

بىۋاستە ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىق كارتىنىسى —

www.uygurkitap.com

كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈزمۇ يۈز ئالاقىگە قاتنىشىدىغان ئىجتىمائىي دۇنيادۇر. بۇنداق رېئاللىقنى «دوستلار ئارىسىدىكى سۆھبەتلەردىن، ھەتتا ئاپتوبۇستىكى ناتونۇشلار ئۇچرىشىشىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.» يۈزمۇ يۈز ئالاقىگە قاتنىشىش ــ بىۋاستە ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

«باشقىلارنىڭ تۇرمۇش ئارىيەلىرىگە قاتنىشۋاتقان ھەربىر ھەرىكەت ئىجراچىسى ئالاقە بارا ـ بارا قويۇقلاشقاندا، باشقىلارنىڭ ئۇيىدا نېمە بارلىقىنى ھېس قىلالايدىغان بولىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئارزۇلىرىغا، تەشۋىشلىرىگە ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى ئىستەكلىرىگە ئورتاقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. قىسقىسى، ئارىلىشىپ ياشاش بىر ـ بىرىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىگە مەلۇم نۇقتىدىن شېرىك بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئارىدىكى ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا، ئالاقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، ئارىلىشىپ ياشىغانلار بىر ساپ «بىز»لىك مۇناسىۋىتى ئىچىدە ياشىشى مۇمكىن.»

يېقىن ئالاقىدىكى «بىز»لىك مۇناسىۋىتى ئالاقىگە قاتناشقانلارنىڭ ئېڭىنى، ئالاقە، ھەرىكەت ئۇسۇللىرىنى مۇجەسسەم قىلغان مۇناسىۋەتتۇر. بۇنداق يېقىنلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۇچۇن مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن دېرەك بېرىدۇ: بىرىنچى، «بىز»لىك مۇناسىۋىتىدە «ئۇلار»لىق مۇناسىۋىتىدىن پەرقلىق ھالدا، قارشى تەرەپنىڭ سۇبيېكتىپ كەچۈرمىشلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچلىرى تولۇق ئەكس ئېتىدۇ. يېقىنلىق ھەر بىر ھەرىكەت ئىجراچىسىغا باشقىلارنىڭ ئاڭ ئېقىنىغا كىرىش پۇرسىتى ئاتا قىلىدۇ. ئىككىنچى، مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي ئالاقىگە قاتناشقان چېغىدا، ھەربىر شەخس باشقىلار ھەققىدە ئومۇمىي تونۇشقا ئىگە بولغان بولىدۇ.

ۋاھالەنكى، يۈزمۇ يۈز ئالاقىنىڭ ئىچكىرىلىشىشى بىلەن باشقىلارنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى تونۇش سىناققا دۇچ كېلىدۇ، يېڭىلىنىدۇ، قايتىدىن رەتلىنىدۇ ياكى ئۆزگەرتىلىدۇ.

**ۋاستىلىك ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىق كارتىنىسى ۋە «ئۆلار»لىق مۇناسىۋىتى**

ۋاستىلىك ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىق كارتىنىسى — كىشىلەر كەڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلما بىلەن ياكى مەلۇم كىشىلەر تۈركۈمى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان، ئەمما يېقىنلاردەك ھەرىكەتكە ئۆتمەيدىغان رېئاللىقتۇر. ئوخشىمىغان تۈركۈمدىكى كىشىلەر كەڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ ئوخشىمىغان بۆلەكلىرىنى تولدۇرىدۇ، ئەمما كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتالمايدۇ. سەۋەبى، بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ باشقىلار ھەققىدىكى تونۇشى كۆندىلىك، يۈزمۇ يۈز ئالاقە جەريانىدا بارلىققا كەلمىگەن.

بىۋاستە ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىق كارتىنىسىدا كىشىلەر ئوخشاش زامان ۋە ماكاندا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسا، ۋاستىلىك ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىق كارتىنىسىدا ئارىلىقنىڭ ساقلىنىشى ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ يۈزمۇ يۈز ئالاقىسىگە توسالغۇ بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە ھېس قىلىنىدىغان دۇنيادىن ۋاستىلىك. ئارىدىكى قاتماللىق بۇزۇلسا كىشىلەر بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئۇ ھالدا بىز بىۋاستە ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىق كارتىنىسىغا قايتىۋاتقان بولىمىز. بىر چاغلاردا يېقىن ئارىلاشقان، بىۋاستە ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىق كارتىنىسىدا ياشىغان ئادەملەر بارا ـ بارا ئارىسى يىراقلىشىپ، ۋاستىلىك ھېس قىلىنىدىغان رېئاللىقنىڭ ئەزالىرىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ دېگەنلىك، ئارىسىنىڭ

يىراقلىششىغا ئەگىشىپ كىشىلەر ھېس قىلىنىدىغان دۇنياغا ئۆتىدىغان ئۆتكۈنچى جەريان بولۇشى مۇمكىن دېگەنىكەن. شۇتىس بۇ ئۆتكۈنچى جەرياننى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«بايىلا يۈزمۇ يۈز، روبىرو تۇرۇشقانىدۇق. ئەمدى خوش دېيىشكە توغرا كەلدى. قول ئېلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن ئۇ يىراقلاپ كەتتى. كېيىن قايرىلىپ ماڭا قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. ھايال ئۆتمەي كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى. ئارىدىكى يۈزمۇ يۈز ئۇچرىشىشنىڭ قايسى كونكرېت دەقىقىدە ئاخىرلاشقانلىقىنى دەپ بېرىش تەس.»

## ئاڭ، مەنە ۋە مۇددىئا

ئېدمۇند خۇسسېرىل ئاڭغا، خۇسۇسەن ئاڭنىڭ يادرولۇق قۇرۇلمىسىغا نەزىرىنى ئاغدۇرغان بولسا، ئالفرېد شۇتىس ئاڭ ئۇقۇمىغا تەگمەي، دىققىتىنى گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار، ھايات دۇنياسى، «بىز»لىق، «ئۇلار»لىق مۇناسىۋەتتى قاتارلىق نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرگەن. ئاڭ — شۇتىسنىڭ دىققەت مەركىزىدىكى ئاساسلىق نۇقتا ئەمەس، بەلكى سۇبيېكتىپ گىرەلەشمە تۇيغۇلار ھەققىدىكى ئىزدىنىشى ئۇچۇن قاڭقىغان پەللە.

شۇتىسنىڭ قارىشىچە، كۈندىلىك ھاياتتا ئىشلار ئىجتىمائىي رېتىسىپ بويىچە ئوڭۇشلۇق داۋاملاشسىلا كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئوي ئېقىنىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاڭ قاتلىمى ئۇز كۈچىنى ئانچە كۆرسەتمەيدۇ؛ ھەرىكەت ئىجراچىلىرىمۇ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كاللىسىدا نېمە بارلىقى توغرۇلۇق جىق باش قاتۇرۇپ يۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، «ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقىدا يەككە شەخسنىڭ ئېڭى نەزەردىن ساقىت قىلىنىسىمۇ بولىدۇ.» سەۋەبى،

روھىيەتنى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۈتىس مۇشۇنداق قارىغانلىقتىن، ئەسەرلىرىدە روھىي تەرتىپنى كۆزىتىش ئوبيېكتى قىلغان ئەنئەنىۋى ھادىسىشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى قەيت قىلغان ھەمدە گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار نۇقتىسىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن. بۇ يەردە بىر جەمئىيەتشۇناسنىڭ ئاڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات مېتودلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىكى بىر زىددىيەتلىك نۇقتىنى ئاشكارا قىلىدۇ. لېكىن، ئالفرېد شۈتىسنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇلارنى تەھلىل قىلغاندا يەنىلا ئەنئەنىۋى ھادىسىشۇناسلىق ئانالىزى يۈرگۈزگىنىنى بايقىغىنىمىزدا، بۇ زىددىيەتلىك تۈگۈن يېشىلىدۇ. ئېدمۇند خۇسسېرېل مەلۇم يەككە شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇلىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان بولسا، ئالفرېد شۈتىس پەرقلىق يول تۇتۇپ، نەچچە شەخسنىڭ گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلىرىنى تەھلىل قىلىشقا كۆچكەن.

يەنە شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، گەرچە ئالفرېد شۈتىس نەچچە شەخسنىڭ گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلىرىنى تەھلىل ئوبيېكتى قىلغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، ئاڭ ھەققىدە خېلى جىق يەرلەردە توختالغان. شۈتىس مۇنداق يازىدۇ: «مېنىڭ بارلىق جەمئىيەتشۇناسلىق تەھلىللىرىمنىڭ توچكىسى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا چۈشىنىش ھاسىل بولۇش جەريانىنى، ئالاقىدە مەنىنىڭ قانداق يارىتىلىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قانداق چۈشىنىدىغانلىقىنى يېشىپ بېرىش.»

چوڭقۇر ئاڭ — شۈتىسنىڭ ئىجتىمائىي دۇنيا ھەققىدىكى تەھلىللىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى. كىشىلەرنىڭ ئۆزى ۋە باشقىلار ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، ھېسسىياتى ۋە مەنە ھېس قىلىش جەريانى چوڭقۇر ئاڭدا شەكىللىنىدۇ. ئەمما، شۈتىسنىڭ

www.uyghurkitap.com

قارىشىچە، چوڭقۇر ئاڭنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقى «شەخسنىڭ ئۆز دۇنياسىدىكى يالغۇز ئۆزلۈكنىڭ كەچۈرمىشلىرىدە مەنىنىڭ قانداق يارىتىلىدىغانلىقىنى تۇتقا قىلىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھېس قىلىنغان مەنىنىڭ ئەمەلىي مەنبەسىنى ئىزدەش لازىم. ھېس قىلىنغان مەنىنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ئىنساننىڭ كەچمىش پائالىيەتلىرىنىڭ سەھنىسى بولغان ماھىيەتلىك ئۆزلۈك قاتلىمىدىكى ئىچكى ۋاقىت ئېڭىدا بولىدۇ.» شۇتىس دەۋاتقان بۇ نۇقتا ئۇنىڭ پەلسەپىدىكى ئۇستازلىرىدىن ئېدمۇند خۇسسېرىل، ھېنرى بېرگسوننىڭ دىققىتىنىڭ مەركىزىدە تۇرغان. ئۇ پەيلاسوپلار ئىنساننىڭ روھىدا نېمە بارلىقىنى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقاندى. لېكىن، شۇتىسنىڭ يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان ئاساسلىق نۇقتىسى ئۇستازلىرى يورۇتماقچى بولغان يوقىرىقى تېمىنى ئىلمىي جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىگە قانداق قىلىپ تەتبىقلاش ئىدى.

شۇتىس ماكس ۋېبېرنىڭ، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. چۈنكى، شۇتىسنىڭ نەزىرىدە، ماكس ۋېبېرنىڭ ھەرىكەت نەزەرىيەسىدە ئاڭ ھەققىدىمۇ مەزمۇنلار بار ئىدى ھەم ئىلمىي جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن سىغىشىدىغان تەھلىللەر تېپىلاتتى. ماكس ۋېبېرنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشقىنىمىزدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ماكس ۋېبېر يەككە شەخسنىڭ ھەرىكىتىگە ئازراق، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ ھەرىكەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆپرەك تەھلىل قىلغان ۋە ھەرىكەتنىڭ ئاڭدىكى يىلتىزىنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندى. شۇتىس بولسا «ۋېبېرنىڭ بىيۇروكراتلىق، دىن جەمئىيەتشۇناسلىقى، سىياسىي جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئومۇمىي ئىقتىساد تارىخى ھەققىدىكى

تەھلىللىرىگە دېگەندەك قىزىقمىغانىدى»، بەلكى ئۇنىڭ ۋە ۋېبېرنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىدىيەلىرىدىكى ھەرىكەت ھەققىدىكى نۇقتىلارنى ئۆزىنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك ئىلھام مەنبەسى قىلغانىدى. شۇتس ۋېبېرنىڭ ھەرىكەت ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىغا قايىل ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ماكس ۋېبېر ئۆز تەھلىللىرىدە ئاڭ ئۇقۇمىنى ماھىيەتلىك نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرەلمىگەن ۋە مەنىنىڭ تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئاجرىتالمىغان، ئويىنى مۇددىئادىن پەرقلەندۈرەلمىگەنىدى. ماكس ۋېبېر يېتەرلىك يورۇتالمىغان نۇقتىلارنى شۇتس ئۆزىنىڭ ئاڭنى ئۇقۇملاشتۇرغان تەھلىللىرىدە ھەل قىلدى.

شۇتس ئويىنى مۇددىئادىن پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن ۋە ئويىنىڭ ھەم مۇددىئانىڭ تارماق تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چەك - چېگرالارنى روشەنلەشتۈرگەن. شۇتسنىڭ قارىشىچە، ئوي ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ ئىجتىمائىي دۇنيادىكى ئۆزىگە مۇھىم بولغان قايسى خىل ئېلېمېنتلارنى قانداق بېكىتىشىدە مۇھىم رول ئوينىسا، مۇددىئا ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ مەلۇم ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلىشى كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ دېگەنلىك، بىز رېئاللىق ھەققىدە كاللىمىزدا مۇستەقىل چۈشەنچە ھاسىل قىلىش داۋامىدا، رېئاللىقنىڭ ئۆزىمىزگە مۇھىم بىلىنگەن تەرەپلىرىنى بېكىتىپ چىقىمىز دېگەنلىكتۇر. بۇ خىل بېكىتىش جەريانى كۈندىلىك ھاياتتا مۇھىم بولسىمۇ، شۇتس ئۇنى ھەربىر ئادەم ئۆزىگە خاس يوسۇندا ئايرىم بېكىتىدۇ، ئىلمىي مېتودتا يورۇتۇش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

ئىلمىي جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئوينىڭ ئىككىنچى تىپى، يەنى ئوبيېكتىپ ئوي كونتېكىستىدۇر. ئوبيېكتىپ ئوي بىر پۈتۈن مەدەنىيەتتە ئورتاق ھېس قىلىنىدىغان، بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ئىچىدە بىردەك

قوبۇل قىلىنغان ئويدۇر. ئەنە شۇ ھەربىر ئادەمگە قاراپ ئايرىم بولمايدىغان، ئورتاق ھېس قىلىنىدىغان مەنىلەرلا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولالايدۇ. شۇتس مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ ماكس ۋېبېرنى ئۆز تەھلىللىرىدە ئوبيېكتىپ مەنە ۋە سۇبيېكتىپ مەنە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئاجراتمىغانلىقى، ئوبيېكتىپ مەنە قاتلىمىنى جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئاسان شەرھلىگىلى بولىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردىن تەنقىد قىلغان.

ئالفرېد شۇتس ھەرىكەت بىلەن ئاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شەرھلەشكە تىرىشقان. ھەرىكەت — ھەرىكەت ئىجراچىسى ئېنىق بىر مەقسەتتە ئېلىپ بارغان پائالىيەتتۇر. «ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ھالقىلىق ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ پىلانلىق ۋە مەقسەت ئاساستا روياپقا چىقىدىغانلىقىدا، ھەرىكەتنىڭ مەنبەسى ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ ئېڭىدا.» «ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولسا باشقىلارنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكىتىگە چېتىلىدىغان ھەرىكەتتۇر.»

بۇ يەردە شۇتسنىڭ ئاڭ ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئېيتىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. شۇتس ئاڭ تەركىبىدە ئايىغى چىقمايدىغان ئىنسان تەشۋىشىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. بۇ تەشۋىشنى قوينىغا ئېلىپ تۇرغىنى ئۇ تەھلىل قىلىۋاتقان گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار دۇنياسىنىڭ مەركىزى ئىدى: «ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلىمەن ھەم ئۆلۈمدىن قورقىمەن. بۇ خىل روھىي كەچۈرمىش ئايىغى چىقمايدىغان تەشۋىشتۇر، ئاشۇ تۇپكى تەشۋىشتىن بارلىق پىسخىكىلىق روھىي ھالەتلەر باش كۆتۈرىدۇ، قورقۇنچ، ئۈمىد، ئېھتىياج، رازىمەنلىك، پۇرسەت، خېيىم ـ خەتەر گىرەلىشىپ كەتكەن بىر سۇبيېكتىپ دۇنيا ئۇزاپ چىقىدۇ ۋە ئىنساننى

دۇنياغا غوجا بولۇشقا، توسالغۇلاردىن غالىب كېلىشكە، پىلان تۈزۈشكە ۋە ئۇنى روياپقا چىقىرىشقا ئۈندەيدۇ.»

ئومۇمەن، ئالفرېد شۇتىسنىڭ ئىدىيەلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەك ئاسان ئىش ئەمەس. سەۋەبى، هازىرغىچە تونۇشتۇرۇلغان باشقا نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلار نۇرغۇن نەزەرىيەۋى قاراشلىرىنى رېئال، ئوبيېكتىپ دۇنيانى تۈزىتىش نەتىجىسىدە روياپقا چىقارغان. مەسىلەن، ماكس ۋېبىر نەزەرىيەسىنى ئىنچىكە، سىستېمىلىق تارىخىي بايانلار ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن؛ كارل ماركس بولسا ئابستراكت نەزەرىيە سىستېمىسى بىلەن كاپىتالىزمنىڭ رېئال دۇنياغا قالدۇرغان جاراهەتلىرىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىشقا كۆچىگەن؛ تالكوت پارسونىس بولسا شۇنچە ئابستراكتلىققا مايىل مۇتەپەككۇر بولسىمۇ، تەهلىللىرىدە هېلىدىن هېلىغا رېئال دۇنياغا يېقىنلىشىشقا تىرىشقان. شۇتىس بىز تونۇشقان جەمئىيەتشۇناسلار ئىچىدە ئەڭ ئابستراكت تېمىلارنى تۇتقان جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بىرى.

يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئالفرېد شۇتىس باشقا نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلاردىن پەرقلىق يول تۇتۇپ، پەلسەپىۋى ئەسەرلەردىن ئۆزىگە ئىلهام بولىدىغان ئىدىيە مەنبەلىرىنى تاپقان. خۇسسېرلىنىڭ ئىدىيەلىرىنى جەمئىيەتشۇناسلىققا تەتبىقلاش ناهايىتى مۇشەققەتلىك ئەمگەك. شۇتىسنىڭ ئىدىيەلىرىدىن بىز ئۇنىڭ مۇشۇ مۇشەققەتلىك ئىشقا ئۇرۇنۇپ باققانلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى هېس قىلالايمىز. شۇتىسنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلهام ئالغان ۋە شۇ ئاساستا راۋاجلاندۇرغان هادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە ئېتنومېتودولوگىيەسى بۇ گېپىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇنىڭ ئىدىيەلىرى هادىسەشۇناسلىق پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بىزنىڭ ئۇنىڭ نەزەرىيەلىرىنى چۈشەنمىكىمىز ئاسانغا توختىمايدۇ. ئومۇمەن

قىلىپ ئېيتقاندا، ئالفرېد شۇتس ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي دۇنيانى قانداق يارىتىدىغانلىقى ۋە ئۇنى يارىتىش داۋامىدا ئىجتىمائىي، مەدەنىي دۇنيانىڭ تەسىرىگە قانداق ئۇچرايدىغانلىقىنى دىيالېكتىكا نۇقتىسىدىن ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

**نەقىل مەنبەلىرى:**


1. ئالفرېد شۇتس: «ئىجتىمائىي دۇنيا ھادىسىشۇناسلىقى»، 1967 ـ يىلى نەشرى.

Schutz Alfred . 1967 . The Phenomenology of the Social world . Evanston: Northwestern University Press .

2. ئالفرېد شۇتس: «ئىجتىمائىي رېئاللىق مەسىلىسى ھەققىدىكى ماقالىلەر» (1)، 1973 ـ يىلى نەشرى.

Schutz Alfred . 1973 . Collected Papers 1: The Problem of Social Reality . The Hague: Martinus Nijhoff .

3. ئالفرېد شۇتس: «جەمئىيەت نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ھەققىدىكى ماقالىلەر» (2)، 1976 ـ يىلى نەشرى.

Schutz Alfred . 1976 . Studies in Social Theory Ⅱ. The Hague: Martinus Nijhoff .


**تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| Alfred Schutz | (1959 — 1899) | ئالفرېد شۇتس |
| Edmiund Husserl | (1938 — 1859) | ئېدمۇند خۇسسېرېل |
| Henry Bergson | (1941 — 1859) | ھېنرى بېرگسون |
| Peter Berger | ( ' — 1929) | پېتېر بېرگېر |
| George Mead | (1931 — 1863) | جورج مېد |

Thomas Luckmann ( —1927) توماس لۇكمان

Max Weber (1920 — 1864) ماكس ۋېبېر

Maurice Natanson (1996 — 1925) مائۇرىس ناتانسون

Harold Garfinkel ( —1917) خارولد گارفىنكل

تېكىستتە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە - خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Phenomenology 现象学 ھادىسىشۇناسلىق

ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقى

Phenomenological Sociology 现象社会学

Transcerdental Ego 超越性自我 يۈكسەك ئۆزلۈك

Life World 生活世界 ھايات دۇنياسى

Social World 社会世界 ئىجتىمائىي دۇنيا

گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلار

Intersubjectivety 主观间主义

Social Recipe 社交处方 ئىجتىمائىي رېتسېپ

Stock knowledge 储备知识 زاپاس تونۇش

Ethnomethodology 民族方法学 ئېتنومېتودولوگىيە

Typificaition 象征化 سىمۋوللۇق ئىپادىلەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تاراتقۇسى

## توققۇزىنچى باب

# تالكوت پارسونس (1902 ـــ 1979): ئىجتىمائىي ھەرىكەت، ئىجتىمائىي سىستېما ۋە قىممەت قاراش

## نېمە ئۈچۈن تالكوت پارسونس ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

تالكوت پارسونس 20 ـ ئەسىر جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى ساھەسىدىكى مۇھىم مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەرقانداق بىر نەزەرىيەچىدىن ھالقىغان ھالدا مەدەنىيەت، خاراكتېر ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سىستېمىلىق يوسۇندا شەرھلەپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى مودېلىنى تۇرغۇزۇپ چىققان. جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە تونجى بولۇپ ئېمىل دۇركىم بىلەن ماكس ۋېبېرنىڭ ئىدىيەلىرىنى سىنتېزلاپ ئۆز ئىدىيەسىنى نەزەرىيەلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتشۇناسلىقتا فۇنكسىيىزم دەپ ئاتىلىدىغان ئايرىم بىر نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئۇلىنى سالغان؛ بۈگۈنكى زامان مەدەنىيەت نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۈچمەس تۆھپە قوشقان. تالكوت پارسونسنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت ـــ نىسپىي تەرتىپتىن تۈزۈلگەن سىستېما؛ ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولسا تاسادىپىي ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى نۇسخىلانغان ھەرىكەتتۇر. بۇنداق

بولۇشىدا بىر قانچە ئامىل ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. ئۇلار ھەربىكەتكە مۇناسىۋەتلىك مىزان ۋە قىممەت قارىشى، ئادەملەرنىڭ رول ئۆتىشى جەريانىدىكى ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ۋە قىممەت قارىشىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازالىنىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيتى

تالكوت پارسونس 1902 ـ يىلى ئامېرىكىدا تۇغۇلغان. ياشلىق دەۋرىدە لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ۋە مەشھۇر ئىنسانشۇناس مالىنوۋسكىينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. كېيىن گېرمانىيەگە يۆتكىلىپ بېرىپ خايدىلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماكس ۋېبېرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. ئامېرىكىغا قايتقاندىن كېيىن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. خارۋاردتا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن دەسلەپكى يىللاردا ياۋروپادا ئۆگەنگەنلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، «ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ قۇرۇلمىسى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ھەمدە ماكس ۋېبېرنىڭ بەزى مۇھىم ئەسەرلىرىنى نېمىسچىدىن تەرجىمە قىلغان. ئەنە شۇنداق بىر قاتار ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە زور شۆھرەت قازىنىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇ خارۋاردتا پىروفېسسور بولۇپ ئىشلەش داۋامىدا روبېرت مېرتون، كلىفورد گېرتىس، نىكلاس لۇكمان، نېيىل سىملسېر قاتارلىق ئاسپىرانتلارنى تەربىيەلىگەن. بۇ ئوقۇغۇچىلىرى كېيىن جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدە مۇھىم مۇتەپەككۇرلاردىن بولۇپ قالغان. 1950 ـ يىلىغا كەلگەندە تالكوت پارسونس ئامېرىكىدىكى ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە جەمئىيەتشۇناس بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ يۇقىرىقى

www.uyghurkitap.com

ئەسىرىدىن باشقا يەنە «ئىجتىمائىي سىستېما» (1951 ـ يىلى)، «زامانىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ سىستېمىسى» (1966 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار. تالكوت پارسونس 1979 ـ يىلى گېرمانىيىدە بىر ئىلمىي يىغىنغا مېڭىش سەپىرىدە يول ئۈستىدە قازا قىلغان.

## ئىجتىمائىي ھەرىكەت، ئىجتىمائىي مىزان ۋە قىممەت قارىشى

جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە ھەرىكەت ھەققىدىكى نەزەرىيەۋى مۇھاكىمە ماكس ۋېبىردىن باشلانغان. ماكس ۋېبىر ھەرىكەتنىڭ تۆرتى ئەنئەنىۋى ھەرىكەت، ھېسسىي ھەرىكەت، مەقسەتلىك ھەرىكەت ۋە ئەقلىي ھەرىكەت دەپ تۆت تۈرگە بۆلىدۇ، ئەمما ھەرىكەتنىڭ ئالدىنقى تۆرتگە دىققىتىنى بەرمەي، ئاساسلىقى ئەقلىي ھەرىكەت ئۈستىدە توختىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەقلىي ھەرىكەت ـــ مۇئەييەن بىر نىشان ياكى غايە ئاساسىدا ھېسسىي غىدىقلىنىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ئورۇنلىنىدىغان ھەرىكەتتۇر. ماكس ۋېبىرنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ ھەرىكىتىگە يۈكلەنگەن مەنىنى يېشىپ بېرىش. بۇ دېگەنلىك ـــ ھەرقانداق بىر ئىنسان ھەرىكىتىدە مەنە بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس ئالفرېد شۇتىس ماكس ۋېبىرنىڭ ھەرىكەت ھەققىدىكى ئىدىيەلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلدى ۋە «ھەرىكەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە مەلۇم بىر زامان ياكى ماكاندىكى بىر قاتار كەچۈرمىشلەرنى چۈشىنىش لازىم» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈردى. شۇتىسنىڭ قارىشىچە، بىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىمىز ئۈزلۈكسىزلىككە ئىگە ئاڭ ئېقىمىنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ كەچۈرمىشىمىز پىكىر ئەلگىكىمىزدىن

ئۆتكەندىلا ئاندىن مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ھەرىكەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئويىنى ۋە مەقسىتىنى چۈشىنىش كېرەك.

تالكوت پارسونىس 1937 ـ يىلى ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ قۇرۇلمىسى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر كېيىن مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقىدا ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ قالدى. پارسونىسنىڭ قارىشىچە، ئىنسان ھەرىكىتى ھەمىشە دېگۈدەك مۇئەييەن بىر قېلىپتىن ياكى نۇسخىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ ۋە ھېسسىياتنىڭ تەسىرىگە دۇچ كېلىدۇ. سەۋەبى، ئىنسان ھەر ۋاقىت ئىچكى دۇنياسىدا ھېسسىياتنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ قاراشلىرىنى نەزەرىيەلەشتۈرۈش جەريانىدا تالكوت پارسونىس ھەم ئېمىل دۇركىمنىڭ ھەم ماكس ۋېبېرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ ئېمىل دۇركىمنىڭ ئىنسان ھەرىكىتىدە كوللېكتىپ قىممەت قارىشىنىڭ ۋە دىنىنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى، ماكس ۋېبېرنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن سۇغىرىلغان ئەقلىي ھەرىكەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان.

تالكوت پارسونىسنىڭ قارىشىچە، ئادەملەر ھەرىكەتكە ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ نىشانىغا ئۇدۇل كېلىدىغان ۋاسىتىلەرنى تاللايدۇ. ھەرىكەت جەريانى ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ، سىمۋوللارنىڭ ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ ۋە ئاخىرى باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە داۋامىدا ئىجتىمائىي ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدىلا ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا قەرەللىك ئىجتىمائىي ئالاقە بارلىققا كەلگەندە، ئىككىلا ئادەم بىر ـ بىرىدىن مەلۇم بىر نۇقتىدا ئۈمىد كۈتۈۋاتقان بولىدۇ. ھەربىر ئادەم قارشى

تەرەپنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆزىدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدىنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ۋە ھەرىكەت قىلىشىنى تەڭشەيدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدىكى ئەنە شۇنداق ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ئاخىرى بېرىپ ئالاقىنىڭ ئىجتىمائىي مىزانلىرىنى يارىتىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي مىزانلار بارا ـ بارا بىر ئىجتىمائىي توپتىكى ئادەملەرنىڭ روھىيىتىدە يىلتىز تارتىدۇ ھەم ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ جەرياندا مىزانلار ۋە قىممەت قاراشلىرى مۇھىم رول ئوينايدۇ ھەم جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ جەريان ئىجتىمائىيلىشىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىجتىمائىيلىشىش ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مۇئەييەن قىممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي مىزانلار ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدۇر. ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئىجتىمائىي سىستېما بىلەن ئادەمنىڭ خاراكتېرى بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە ئەينەك بولىدۇ.

تالكوت پارسونسنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىرى داۋامىدا يارىتىلىدىغان ۋە قايتا يارىتىلىدىغان ئىجتىمائىي سىستېمىدۇر. بۇ جەرياننىڭ قانداق ئىشقا ئاشىدىغانلىقى ۋە بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا قانداق ئامىللارنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى — تالكوت پارسونس ئىزدەنگەن مۇھىم تېمىلار. پارسونسنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغىنى بىر جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان قىممەت قارىشى ۋە مىزانلاردۇر. قىممەت قاراشلىرى ۋە ئىجتىمائىي مىزانلار بىر جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكلىرىدۇر. قىممەت قاراشلىرى ۋە ئىجتىمائىي مىزانلارنىڭ بىر جەمئىيەتتە تارقىلىشىدا ياكى

مىراس قىلىشىدا مائارىپ، دىن ۋە ئائىلە مۇھىم رول ئوينايدۇ. دىن كىشىلەرگە ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان قىممەت قارىشى ۋە فورمىلارنى ئۆگىتىدۇ؛ مائارىپ بولسا ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە رولى بىلەن كىشىلەرگە بىر جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان مىزانلىرىنى ئۆگىتىدۇ؛ ئائىلە بولسا ئاشۇ خىل قىممەت قارىشى ۋە مىزانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. پارسونسنىڭ نەزىرىدە، ھوقۇق — «ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ ئىمكانىيەتلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، كوللېكتىپ نىشانغا يېتىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.» سىياسەت بولسا ئاشۇ ئىمكانىيەتلەرنى قانداق قىلىپ ئەڭ ياخشى دەرىجىدە سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ھەققىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت.

## سىستېما نەزەرىيەسى

تالكوت پارسونس ئۆزىنىڭ 1951 ـ يىلى نەشردىن چىققان «ئىجتىمائىي سىستېما» ناملىق ئەسىرىدە جەمئىيەتنى ئىجتىمائىي سىستېما، خاراكتېر سىستېمىسى ۋە مەدەنىيەت سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ سىستېمىدىن تۈزۈلگەن قۇرۇلما دەپ چۈشىنىدۇ. پارسونس دەۋاتقان ئىجتىمائىي سىستېما ئادەملەر ئارىسىدىكى ئالاقىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا چەكلىك ئىمكانىيەتلەر ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا ھامان زىددىيەت كۆرۈلىدۇ. تالكوت پارسونس بىر جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا زىددىيەتنىڭ مەنبەسىنى ياخشى ئىگىلەشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىگمۇند فرويدنىڭ روھ ئانالىزى تەلىماتى ئاساسىدا خاراكتېر سىستېمىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سىستېمىلاشتۇرىدۇ. بىر جەمئىيەتتە خاراكتېر سىستېمىسى

www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ يۇرۇشۇشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان خۇلق ـ مىجەزلەردىن ئىبارەتتۇر. ھەۋەس، ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە ئېھتىياجلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر جەمئىيەتنىڭ خاراكتېر سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بىر جەمئىيەتتىكى قىممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ئۇنىڭ خاراكتېر سىستېمىسىنى روياپقا چىقىرىدۇ.

مەدەنىيەت سىستېمىسى بولسا تالكوت پارسونىس يۇقىرىقى كىتابىدا ئەڭ جىق توختالغان تېمىدۇر. تالكوت پارسونىسنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەت سىستېمىسى بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى ئالاقە چەمبىرىكىگە ئېلىپ كىرىدۇ ۋە ئورتاق قىممەت قارىشى ئاساسىدا ھەمكارلاشتۇرىدۇ. ئادەتتە بىر جەمئىيەتتە مەدەنىيەت سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېلېمېنتلار مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، تونۇش تۇيغۇسىنى ئالغان سىمۋوللار بولۇپ، ئادەتتە دۇنيا ھەققىدىكى ئىدىيە ـ چۈشەنچىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ تونۇش دائىرىسى ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئۆلچەملەر ئاساسىدا يېتىلىدۇ ۋە شۇ ئىجتىمائىي توپ ئەزالىرىنىڭ ھەربىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىلمىي دوكلات، پىكرىي قۇۋۋەت قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، ئىزھارىي سىمۋوللار بولۇپ (مەسىلەن، ناخشا ـ مۇزىكا)، بۇ خىلدىكى سىمۋوللار بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى بىر ـ بىرىگە چاتىدۇ ۋە ئېستېتىك قارىشىنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ، خۇشاللىق ۋە ئورتاق تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئەخلاقىي ئۆلچەملەر بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ قىممەت قارىشى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەخلاقىي ئۆلچەملەر بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

پارسونس مەدەنىيەت سىستېمىسى توغرۇلۇق توختالغاندا، بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا قىممەت قارىشىنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئومۇرتقىسى ئورتاق قىممەت قارىشى ھەققىدىكى بىردەك تونۇشتۇر، كىشىلەر ئادىللىق، ياخشىلىق، رەزىللىك، خۇنۈكلۈك ھەققىدە مۇئەييەن نورمىلارنى ئۆز روھىيىتىگە سىڭدۈرۈش ۋە ئورتاق نىشانلارغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق، باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغان چاغدىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ قېلىپلىرىنى يارىتىدۇ. بۇ بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتا ئىنتايىن مۇھىمدۇر. مەدەنىيەت سىستېمىسى بىر جەمئىيەتنىڭ خاراكتېر سىستېمىسىنى يارىتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ رول ئۆتىشى داۋامىدا ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە سىڭىپ كىرىدۇ. تالكوت پارسونس يۇقىرىقى سىستېمىلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يىغىنچاقلاپ «ھەممىباب نەزەرىيە»نى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان، لېكىن مەغلۇپ بولغان.

## تالكوت پارسونسنىڭ ۋارىسلىرى: روبېرت مېرتون ۋە نىكلاس لۇخمان

روبېرت مېرتون — تالكوت پارسونسنىڭ ئوقۇغۇچىسى، فۇنكسىيىزم نەزەرىيەسىنىڭ تالكوت پارسونستىن كېيىنكى ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ 1910 ـ يىلى ئامېرىكىدا تۇغۇلغان، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسور بولغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىسى پارسونسنىڭ «ھەممىباب نەزەرىيە»

تىرىشچانلىقىدىن گۇمانلانغان ۋە ئوبيېكتىپ پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنغىلى بولىدىغان «ئوتتۇراھال نەزەرىيە»نى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشقان. ئۇ نەزەرىيەلىرىدە ئىجتىمائىي بىنورماللىق بىلەن پۇرسەت قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتىكى پۇرسەت قۇرۇلمىسى كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشىدا ۋە نىشانلىرىغا يېتىشىدە لازىم بولىدىغان خىزمەت، دارامەت قاتارلىق ئىمكانىيەتلەرنىڭ تارقىلىش دەرىجىسىدۇر. بۇ ئۇقۇم ئۇنىڭ ئىجتىمائىي بىنورماللىق ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيەسىدىكى يادرولۇق ئىدىيە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتى ئورتاق قىممەت قارىشى پەيدا قىلسا، ئەمما كەڭ ئىجتىمائىي سىستېمىدا خىزمەت، كىرىم ـ دارامەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇرسەت قۇرۇلمىسى باراۋەر يوسۇندا تەقسىم قىلىنمىسا، ئۇنداقتا ئىجتىمائىي بىنورماللىق نىسبىتى كۆچىيىدۇ، يېڭىچە، قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان ئادەملەر ئاۋۇيدۇ. ئادەم سودىسى، زەھەر سودىسى دەل مۇشۇ خىل سەۋەبتىن كېلىپ چىقىدۇ. باراۋەر پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەر ھەر خىل يوللار، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن پۇرسەت قۇرۇلمىسىدىكى باراۋەرسىزلىككە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بىر جەمئىيەتتە پۇرسەت قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىغاندىمۇ ئىجتىمائىي بىنورماللىق نىسبىتى كۆچىيىدۇ. يەنى، بىر جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئادەم خىزمەت پۇرسىتىگە ئېرىشسە، ئەمما ئۇ خىزمەتتىن كىرىدىغان كىرىم جانىنى ئوبدانراق بېقىشقا يەتمىسە ئىجتىمائىي بىنورماللىق يەنە ئاۋۇيدۇ، كىشىلەر ئوخشاشلا ھەر خىل يوللار بىلەن ئۆز

مەقسەتلىرىگە يېتىشكە تىرىشىدۇ. روبېرت مېرتوننىڭ پۇرسەت قۇرۇلمىسى بىلەن ئىجتىمائىي بىنورماللىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى نەزەرىيەسى جەمئىيەتشۇناسلىقتا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە. سەۋەبى، ئۇ بىزگە ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ نورمال يۈرۈشۈشى قانداقسىگە كۈتمىگەن ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. روبېرت مېرتون 2003 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «جەمئىيەت نەزەرىيەسى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما» (1968 ـ يىلى)، «پەن جەمئىيەتشۇناسلىقى» (1973 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسى نىكلاس لۇخمانمۇ تالكوت پارسوننىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، 1927 ـ يىلى گېرمانىيەدە تۇغۇلغان، ئۆمرىدە 50 تىن ئارتۇق كىتاب يازغان. ئۇ ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ يۈرۈشۈشى ھەققىدە نەزەرىيەۋى مودېل تۇرغۇزغان بولۇپ، ئادەمنى پۈتۈنلەي ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلى دەپ تونۇيدۇ ۋە ھەرىكەت نەزەرىيەسىنى رەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت جىمىكى ئالاقە شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېمىدىن ئىبارەت. ئالاقە مەنىنى، مەنە پەرقىنى تەقەززا قىلىدۇ. بىر سىستېما نۇرغۇن پەرقلەردىن ۋە مەنىلەردىن پۈتكەن بولىدۇ، ئۇنىڭدا مەنىلەر سىمۋوللۇق يوسۇندا ئىپادىلىنىدۇ. پارسوننىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئىجتىمائىي سىستېما ھەققىدىكى نەزەرىيە ھەرىكەت نەزەرىيەسىدىن ئەۋزەل، دەپ قارايدۇ.

نىكلاس لۇخماننىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي سىستېمىلار نۇرغۇن پەرقلەرنى بەرپا قىلغاندا، تارماق، ئۇششاق سىستېمىلار بارغانچە مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي سىستېما بىلەن ئالاقىنى ساقلاش ئۈچۈن مۇھىتتىن ئۆزىگە لايىق ئۇچۇرلارنى قىدىرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن

www.uyghurkitap.com

قارىغاندا، ئىجتىمائىي سىستېمىلار پىشقان سىستېمىلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار تاشقى مۇھىتتىن ھەمىشە ئۆزىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى قىدىرىدۇ، توپلايدۇ ھەم بارا ـ بارا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ.

نىكلاس لۇخمان 1998 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئىجتىمائىي سىستېما» (1995 ـ يىلى)، «خەتەر ھەققىدە جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى» قاتارلىقلار بار.

**نەقىل مەنبەلىرى:**


1. تالكوت پارسونس: «ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ قۇرۇلمىسى»، 1937 ـ يىلى نەشرى.

Talcott Parsons . 1937 . The Structure of social Action . New York: Free Press .

2. تالكوت پارسونس: «ئىجتىمائىي سىستېما»، 1951 ـ يىلى نەشرى.

Talcott Parsons . 1951 . The Social System . London: Routledge .

3. تالكوت پارسونس: «سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، 1969 ـ يىلى نەشرى.

Talcott Parsons . 1969 . Politics and social Structure . New York: The Free Press .


**تېكست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| Talcott Parsons | (1979 — 1902) | تالكوت پارسونس |
| Robert Merton | (2003 — 1910) | روبېرت مېرتون |
| Clifford Gretz | | كلىفورد گېرتس |
| Niklas Luhmann | (1998 — 1927) | نېكلاس لۇخمان |

Neil Smelser ( —1930) نېيىل سمېلسېر

Alfred Schutz (1959 — 1899) ئالفرېد شۇتىس

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە - خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

مىزان ۋە قىممەت قارىشى
Norms and values 准则与价值观念

Social Action 社会行动 ئىجتىمائىي ھەرىكەت

Social System 社会系统 ئىجتىمائىي سىستېما

Social Structure 社会结构 ئىجتىمائىي قۇرۇلما

ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ قۇرۇلمىسى
Structure Social Action 社会行动结构

تونۇش تۈسىنى ئالغان سىمۋوللار
Cognitive Symbols 认知象征

Expressive Symbols 表达性象征 ئىزھارىي سىمۋوللار

Moral Standards 道德标准 ئەخلاقىي ئۆلچەملەر

Grand Theory 通用理论 ھەممىباب نەزەرىيە

Middle Range Theory 中层理论 ئوتتۇراھال نەزەرىيە

Opportunity Structure 机会结构 پۇرسەت قۇرۇلمىسى

Deviance 异常 ئىجتىمائىي بىنورماللىق

Character System 性格系统 خاراكتېر قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئونىنچى باب

# فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمى ۋە تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى

## نېمە ئۈچۈن فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى بىلەن تونۇشىمىز؟

فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمى 1923 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتىدا قۇرۇلغان ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتىدىكى بىرقانچە مۇھىم مۇتەپەككۇرنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن باغلانغان بولغاچقا، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن گېئورگ لۇكاس، ماكس خوركخېمىر، تېئودور ئاردورنو، ئېرخ فروم، خېربېرت ماركۇس قاتارلىقلار بار. 1960 ـ يىللاردىن كېيىن گېرمانىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەت نەزەرىيەچىسى يۈرگېن خابېرماس بۇلارنىڭ تەنقىدچىلىك مودېلىغا ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا ئۇنى بېيىتقان ۋە راۋاجلاندۇرغان (كېيىنكى بابقا قاراڭ). فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمى تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ بەرگەن بولغاچقا، جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە.

فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ باش تېمىسىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەلىرى ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. چۈنكى،

بىزنىڭ ئىدىيەلىرىمىز ئىجتىمائىي يوسۇندا يېتىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى ئىدىيە مودېللىرىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ھالدا ئوبيېكتىپ بىلىمگە ۋە ئوبيېكتىپ خۇلاسىگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىيلار ئوبيېكتىپ مەۋقەدە، بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇشقا، قىممەت قارىشىنى ئانالىز ئوبيېكتىدىن ئايرىۋېتىشكە كۆچىمەسلىكى لازىم. بۇ بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك. مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغانلىقى ئۈچۈن فرانكفورتچىلار ئۆزى كۆزىتىۋاتقان جەمئىيەتكە نىسبەتەن تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتقان ۋە ئىجتىمائىي تەنقىد ئارقىلىق كىشىلەرنى جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىرغان؛ ئىجتىمائىيلىق ئىچىدە يارىتىلغان بىلىم بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شەرھلەشكە كۆچىگەن.

## ھايات پائالىيەتلىرى ۋە قاراشلىرى

### گېئورگ لۇكاس

لۇكاس — ۋېنگرىيەلىك ماركسىزمچى پەيلاسوپ ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەچىسى، 1885 ـ يىلى ۋېنگرىيەدە تۇغۇلغان. كېيىن گېرمانىيەدە مەشھۇر جەمئىيەتشۇناسلاردىن ماكس ۋېبېر بىلەن گېئورگ زىممېلنىڭ قولىدا ئوقۇغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ تارىختا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان سىنىپىي ئېڭىنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بۇ قۇدرەتكە مەنبە بولۇۋاتقان كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان؛ تەنقىد نەزەرىيەسىگە ۋە ئەدەبىيات جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان؛

www.uyghurkitap.com

فرانكفورتچىلارغا ۋە بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى كارل مەنخېيىم قاتارلىق جەمئىيەت نەزەرىيەچىلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «پىروزا نەزەرىيەسى» (1920 ـ يىلى)، «تارىخ ۋە سىنىپىي ئاڭ» (1923 ـ يىلى)، «تارىخىي رومان» (1937 ـ يىلى)، «ئىدراكنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىشى» (1954 ـ يىلى)، «بۈگۈنكى زامان رېئالىزمى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟» (1963 ـ يىلى)، «ئېستېتىكا ھەققىدە» (1963 ـ يىلى)، «ياۋروپا رېئالىزمى ھەققىدە ئىزدىنىش» (1972 ـ يىلى)، «ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە» (1978 ـ يىلى)، «توماس مان ھەققىدە ماقالىلەر» (1964 ـ يىلى)، «گېيوتى ۋە ئۇ ياشىغان دەۋر» (1968 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

لۇكاس جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەسىرى «تارىخ ۋە سىنىپىي ئاڭ»دا تارىخ ھەقىقەتلىرىدە ئېزىلگۈچىلەرنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى، ئەمما ئېزىلگۈچىلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدىغان ئىختىلاپلار ۋە زىددىيەتنىڭ ئۇلاردا ماشىنىلاشقان ئاڭ پەيدا قىلىدىغانلىقى، ئېزىلىشنىڭ مەنبەسى ئاڭ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. پىروزا ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە ئىجتىمائىي قاتلام بىلەن ئەدەبىي شەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىپ بەرگەن. «ئىدراكنىڭ ئاياغ ـ ئاستى قىلىنىشى»ناملىق ئەسىرىدە گېرمانىيەنىڭ شۇ دەۋردىكى زىيالىيلار قاتلىمىدا ئېغىر ئەقىلسىزلىك خاھىشى ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ۋە بۇنىڭ فاشىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى شەرھلىگەن. گېئورگ لۇكاس ماركسىزم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى.

لۇكاسنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئۇ ياشىغان ئىلمىي مۇھىت ۋە ئۇنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. كارل ماركسنىڭ ئىنساننى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشتىن ئىبارەت باش تېما سىڭگەن ئىدىيەلىرىگە 20 ـ

ئەسىردە ھەر خىل ئىدىيە ئېقىملىرى ۋارىسلىق قىلدى. تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى — ئاشۇ ئىدىيە ئېقىملىرىنىڭ بىرىدۇر. ھالبۇكى، تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد پېشۋالىرى ياشىغان دەۋردە فاشىزم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا رادىكال سىياسىي ئىدىيەلەر ئەۋج ئېلىپ، كىشىلەرنى ئۇزۇل - كېسىل ئىنقىلابقا يېتەكلەيدىغان شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا كارل ماركسنىڭ غايىۋىلىكى كۈچلۈك ئىدىيەلىرىدىن كۆرە، ماكس ۋېبېرنىڭ ئەقلىيلىشىش ۋە تەشكىللىنىش ھەققىدىكى قاراشلىرى شۇ دەۋردە بەكرەك ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيتتى. فرانكفورتچىلار گېرمانىيەدە بىر مۇشكۈل سوئالغا دۇچ كەلدى. بۇ مۇشكۈل سوئال قانداق قىلغاندا كارل ماركسنىڭ ئادەمنى چۈشەكلەردىن قۇتۇلۇشقا ئۈندەيدىغان ئىدىيەلىرى بىلەن ماكس ۋېبېر ئۇقۇملاشتۇرغان زامانىۋى، ئەقلىي جەمئىيەت نەزەرىيەلىرىنى يۇغۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

1923 - يىلى گېرمانىيەدە فرانكفورت ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا، كىشىلەرنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرىنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فاشىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشى، 1930 - يىللاردا ستالىننىڭ قولىغا قالغان روسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەسلىي نىشانىدىن قېيىپ كېتىشى قاتارلىق ئامىللار فرانكفورتچىلارغا ماركسىزم نەزەرىيەسىگە جىددىي تۈزىتىش كىرگۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇتتى. شۇنىڭدەك، گېرمانىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى، بيۇروكراتلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، تەرەققىياتتا پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىش يۈزلىنىشى فرانكفورتچىلارنى ماكس ۋېبېرنىڭ تەھلىللىرىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىپ بېقىشقا مەجبۇر قىلدى.

فرانكفورتچىلار ماركسنىڭ نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە

يېتەكچىلىك قىلىدۇرۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ھىمايە قىلاتتى ۋە نەزەرىيەنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتتىكى زۇلۇمنىڭ مەنبەسىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە يېڭى چىقىش يولى تېپىشنى ئويلايتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ياشىغان دەۋرى سىياسىي، ئىقتىسادىي زومىگەرلىك ئەۋج ئالغان بىر ۋاقىتقا توغرا كەلدى. ئۇلار مۇشۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئىزدەنگەندىن كۆرە، تەنقىدچىلىك مودېللىرى ئۈستىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ ھال جەمئىيەتشۇناسلىقتا تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى.

گېئورگ لۇكاس فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەكىلى ئىدى. ئۇ ھازىرقى زامان تەنقىدچىلىك مودېلىدا كارل ماركستىن ماكس ۋېبىرغا ئۆتۈش يۈزلىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ باشقا ۋەكىللىرىدىن ماكس خوركخېيمېر ۋە تېئودور ئاردورنونىڭ يازغانلىرىنى بولسا گېئورگ لۇكاسنىڭ تەھلىللىرىگە ۋە پىكىر يولىغا قايتۇرۇلغان جاۋاب دېيىشكە بولاتتى.

گېئورگ لۇكاس كارل ماركسنىڭ بازاردا، پۇل ئوبوروتىدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تاۋارلىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيەسى بىلەن ماكس ۋېبىرنىڭ زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرىغا ئەقلىيلىشىش ئېلېمېنتلىرىنىڭ تارالغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا مۇئەييەن بىر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئىدىيەلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشتى ۋە كارل ماركسنىڭ «تاۋارغا چوقۇنۇش» ئۇقۇمىنى يۇغۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئوبيېكتقا ئايلىنىدىغان جەريانىنى «ماددىيلىشىش» دەپ ئاتىدى. لۇكاسنىڭ نەزىرىدە، ماددىيلىشىش جەريانىدا ئوبيېكتنى ساتقىلى، سېتىۋالغىلى ۋە كونترول قىلغىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ماكس ۋېبىرنىڭ «ئەقلىيلىشىش»

ئۇقۇمىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۇنىڭغا كارل ماركسنىڭ قاراشلىرىنى يۇغۇردى. گېئورگ لۇكاس مۇنداق يازىدۇ: «ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئەخلاقىي مىزانلار تاشلىۋېتىلىدۇ؛ ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشنىڭ ئورنىغا چۇۋالچاقلىق پەيدا بولىدۇ؛ پۇلنىڭ، بازارنىڭ كۈچى زورىيىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن ئەقلىيلەشكەن كىشىلەر ھېساب ـ كىتاب قىلىشقا ئۇستا بولۇپ، شەخسىيەتچى بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قىممەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ماددىغا ئايلىنىدۇ.» گېئورگ لۇكاس كارل ماركسنىڭ مەسىلىنىڭ نېگىزىنى نوقۇل ھالدا ماددىي شارائىتتىن، ئىقتىسادىي، سىياسىي كۈچتىن ئىزدىشىدىن كۆرە، ئىنسان ئېڭىدا مىراس قالغان دىيالېكتىكىلىق ئېلېمېنتلارنى تەھلىل قىلغانىدى.

لۇكاسنىڭ ئاڭ جەريانى ھەققىدىكى قاراشلىرى فرانكفورتچىلارنىڭ باشقا ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى فروئىدچە تەھلىللەر بىلەن قېتىلىپ تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسىي غولىنى تىكلىدى. لۇكاسنىڭ ئاساسلىق دىققىتى يەككە ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدا ئىدى. ئەمما ئۇ يۇرگېن خابېرماس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «ئادەملەر ئارىسىدىكى گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلارنى ياكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق بىر ئاڭ پائالىيىتى جەريانىدا قانداق ئالاقە قىلىدىغانلىقىنى دىققىتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرغانىدى.»

## خوركخېيمېر، ئاردورنو، ماركۇس، فروم

خوركخېيمېر ۋە ئاردورنو ـــ فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ ۋە بۇ ئېقىم ۋەكىللىكىدىكى تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسىنىڭ ئىككى ۋەكىلى. تېئودور ئاردورنو 1903 ـ يىلى گېرمانىيەدە تۇغۇلۇپ 1969 ـ يىلى ۋاپات بولغان. 1923 ـ

يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە گېرمانىيەدىكى فرانكفورت ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتىدا ئىشلىگەن. 1934 - يىلى ناتسىستلار گېرمانىيەسىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن. 1960 - يىلى گېرمانىيەگە قايتىپ كەتكەن. ماركسىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاردورنو «جەمئىيەت نەزەرىيەسىنىڭ تەنقىدىي يۈزى بولۇشى كېرەك» دەپ قارايتتى ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىكى نۇرغۇن مېتودلارغا قارشى چىققانىدى؛ ئىستاتىستىكىلىق مېتود، ئىلمىي مېتود دېگەنلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. ئۇ جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە ئاۋام مەدەنىيىتىگە قىلغان ئۆتكۈر تەنقىدلىرى بىلەن داڭلىق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ بولۇپ، جەمئىيەتشۇناسلىققا خاس ئەسەرلىرىدىن «ئاقارتىش دىيالېكتىكىسى» (1973 - يىلى)، «ھاكىممۇتلەقچە خاراكتېر» (1950 - يىلى) قاتارلىقلار بار.

ماكس خوركخېمېر 1895 - يىلى گېرمانىيەدە تۇغۇلۇپ 1973 - يىلى ۋاپات بولغان. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئاردورنو بىلەن بىرلىشىپ يازغان. 1960 - يىللارنىڭ بېشىدا گېرمانىيەگە قايتىپ كەلگەن. خېربېرت ماركۇس 1898 - يىلى تۇغۇلۇپ 1979 - يىلى ۋاپات بولغان. ماركۇس يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئىككىيلەندەك گېرمانىيەگە قايتىپ كەتمەي ئامېرىكىدا قېلىپ قالغان ۋە كولۇمبىيە، خارۋارد، براندىس ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەرس ئۆتكەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئىدراك ۋە ئىنقىلاب» (1954 - يىلى)، «ئىشقىۋازلىق ۋە مەدەنىيلىشىش» (1955 - يىلى)، «سوۋېت ماركسىزمى» (1961 - يىلى)، «بىر خىل قېلىپتىكى ئادەم» (1964 - يىلى)، «ئىنكارچىلىق» (1968 - يىلى) قاتارلىقلار بار. ئۇ كاپىتالىزم، سوۋېت ئەندىزىسىدىكى ماركسىزم، ئىنقىلاب ۋە

ئازادلىق، جىنسىيەت ھەققىدىكى تەھلىللىرى بىلەن داڭلىق. ئۇنىڭ ئىدىيەلىرى 1960 ـ يىللاردا ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى رادىكاللارنىڭ ئىدىيەسىگە، 1968 ـ يىلى ئامېرىكىدا قوزغالغان ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئېرىخ فروم 1900 ـ يىلى گېرمانىيەدە تۇغۇلۇپ 1980 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن فرانكفورتچىلارنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ۋە روھىي ئانالىز، پسىخولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1949 ـ يىلى ئايالىنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشقانلىقى تۈپەيلى، مېكسىكىغا كۆچۈپ كەتكەن ۋە شۇ يىلى مېكسىكا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا روھىي ئانالىز تەتقىقاتى مەركىزى قۇرغان. ئارىلىقتا ئامېرىكا نيۇ يورك ئۇنىۋېرسىتېتى، مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ دەرس ئۆتۈپ تۇرغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ساغلام جەمئىيەت» (1955 ـ يىلى)، «ئەركىنلىكتىن قېچىش» (1941 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماكس خوركخېيمېر تېئودور ئاردورنو بىلەن خېربېرت ماركۇسنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن. سەۋەبى، خوركخېيمېرنىڭ كاپىتالىزم ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۆزگىرىپ، ئۇ كاپىتالىزمنى ھاكىممۇتلەق جەمئىيەتتىن مىڭ ياخشى دەپ قارىغان. خېربېرت ماركۇس بولسا بۇ خىل پوزىتسىيەنى فرانكفورتچىلارنىڭ ئەسلىدىكى كۆرەش نىشانىغا خىلاپلىق قىلغانلىق دەپ چۈشىنىپ، مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن.

خوركخېيمېرمۇ، ئاردورنومۇ لۇكاسنىڭ ئەقلىيلىشىش داۋامىدا كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لايىھەسىدىن گۇمانلىناتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سۇبيېكتىپ ئاڭ بىلەن ماددىي رېئاللىق بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئاڭ تاۋارلىشىش، ماددىيلىشىش، ئەقلىيلىشىش جەريانىغا تۇرتكە

www.uyghurkitap.com

بولىدىغان ماددىي كۈچلەرگە تەبىئىي يوسۇندا قارشى تۇرمايدۇ. تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى ئىنسانىتىنىڭ ئەركىنلىكىنى چۈشەپ قويۇۋاتقان تارىخىي كۈچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بېرىشى، ئاشۇ كۈچلەرنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك ئاساسلىرىنى پاش قىلىشى لازىم. بۇ كۈرەش نىشانىغا ئوخشىمىغان ساھەدە تەربىيەلەنگەن نەزەرىيەچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار ھەمكارلىشىش، دىيالوگ ئېلىپ بېرىش ھەمدە بۇ دىيالوگلىشىش نەتىجىسىنى كونكرېت ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ئىسلاھات يولىغا تەتبىقلاپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق يېتىشى مۇمكىن. لېكىن، ئىنساننى ئېزىۋاتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىراۋغا ھەقىقىي چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، فرانكفورتچىلارنىڭ تەنقىد نەزەرىيەسىنى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلانغان نەزەرىيە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. خوركخېيمېرمۇ، ئاردورنومۇ «ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى ئەقلىيلىشىش داۋامىدا چۈشلىپ قالدى» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ياقىلايدۇ.

## مەدەنىيەت، خاراكتېر، جەمئىيەت ۋە ئاقارتىش

فرانكفورتچىلارنىڭ كۆپ قىسىم ئەسەرلىرىدە خاراكتېر، مەدەنىيەت، پىكىر قاتارلىق تېمىلار تۇتقا قىلىنغان. خوركخېيمېرمۇ، ئاردورنومۇ باشقا كەسىپداشلىرىغا ئوخشاشلا «ئىنسانلارنىڭ پىكرى ۋە خاراكتېرىنىڭ يىلتىزى ئىقتىسادىي سىستېمىدا بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما ئۇلار يەنە «مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە بىر جەمئىيەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، ماركسقا ئوخشاش نوقۇل ھالدىكى ئىقتىساد ھەممىنى بەلگىلەيدۇ دەپ چۈشىنىش بىر تەرەپلىمىلىك» دەپمۇ قارايدۇ.

فرانكفورتچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى روھىي

ئانالىز تەتقىقاتى يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەن بىر دەۋردە بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئىنسان خاراكتېرى ۋە ھەرىكىتىنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلما بىلەن ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاساسلىق مەنىۋى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە قىزىقاتتى. ئۇلارنىڭ بارلىق تەھلىللىرىگە دېگۈدەك «ئىقتىسادىي سىستېما ئىنسان خاراكتېرىنى چاغلاشتۇرىدۇ ياكى يىمىرىپ تاشلايدۇ» دېگەن بىر قاراش سىڭىپ كەتكەنىدى. «ھاكىممۇتلەقچە خاراكتېر» ناملىق ئەسەردە تېئودور ئاردورنو ئۆكتەم، زوراۋان، تار مەھكىمىچىلىك سىڭىپ كەتكەن خاراكتېرنىڭ ماھىيىتى، ئىنسان مىجەزى بىلەن ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا رول ئوينايدىغانلىقى ھەم بۇ خىل خاراكتېرنىڭ كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى شەرھلەپ بەرگەنلىكى تۇپەيلى جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

فرانكفورتچىلارنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى ئانالىزلىرىدىمۇ تەنقىد پۇرىقى كۈچلۈك. خوركخېيمېرنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي بازىسنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ساھەدۇر. ئەمما، ئاۋام مەدەنىيىتى بولسا باشقۇرۇش قاتلاملىرى مۇنتىزىملاشقان بىر جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى بىخۇدلاشتۇرۇش، ئاۋامنى كونترول قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. تېئودور ئاردورنونىڭ قارىشىچە، جاز مۇزىكىلىرىغا ئوخشاش بارلىق «زامانىۋى» مۇزىكىلار كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقنى ماھىيىتىدىن تونۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ؛ ئۇلارنى پاسسىپ، ئۆزىدىن ۋە قوۋمىدىن ياتلاشقان، ئاپىنغان ئادەملەر توپى قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ.

ماكس خوركخېيمېر بىلەن تېئودور ئاردورنو ماركسىزم نەزەرىيەسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىئىنەزەرلىرىنى فرېدرىخ

نىچشې، ماكس ۋېبېر، كارل مەنخېيىم، سىگمۇند فرۇئىد قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيەلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئېلېمېنتلار بىلەن چېقىشتۇرۇشقا تىرىشقانىدى. ئۇلار بىرلىشىپ يازغان «ئاقارتىش دىيالېكتىكىسى» ناملىق ئەسەردىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەردە بۇ خىل يۇزلىنىشنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولاتتى: ئىنسانىيەت تارىخى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن خاتا تونۇش، خام خىيال ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تارىخىدۇر. ئاقارتىش (مەرىپەتچىلىك) بولسا ئىنساننى ۋەھىمىگە، تەشۋىشكە دۇچار قىلغان ئىجتىمائىي مۇھىت ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكنىڭ ۋە ئۇنى ماھىيەتتىن تونۇپ يەتكەنلىكنىڭ مەھسۇلىدۇر. پەقەت ئىدراكنىڭ ياردىمىدە ۋە پىكىر قىلىش ئارقىلىقلا ئاقارتىش مەقسىتىگە يېتىش مۇمكىن. جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى كونترول قىلىشنىڭ يېڭىچە شەكىللىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكى تەقىب ئىچىدە قالىدۇ. بۇ بىر خىل دىيالېكتىك جەريان بولۇپ، «ئاقارتىش دىيالېكتىكىسى» تەقىب ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئىنسان قەلبىگە سىڭىپ كىرىشىدۇر. شۇ تۈپەيلى، ئاقارتىش — ھوقۇقنىڭ شەرت - شارائىتلىرىغا يۈزلەنگەندە لازىم بولىدىغان كىرەكلىك، جۇغلانما بىلىمنى ئۆگىنىش ھەم ئۆگىتىش دېگەنلىكتۇر. ئىنساننىڭ مەدەنىيلىشىش تارىخى ئەمەلىيەتتە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئىستىبداتلىقنىڭ، زوراۋانلىقنىڭ يېڭىچە شەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش تارىخىدۇر. ناتسىستلار گېرمانىيەسى ۋە ستالىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەمئىيەت ئەندىزىسى بۇ نۇقتىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر. ئاۋام مەدەنىيىتى، كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرى، مەدەنىيەت تىجارىتى دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقنىڭ باشقىچە شەكىلدە داۋام ئېتىشىدۇر.

فرانكفورتچىلارنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى بولغان خېربېرت

ماركۇس ئەسەرلىرىدە كاپىتالىزم بىلەن زامانىۋىلىقنى قاتتىق تەنقىد قىلغانىدى. ماركۇسنىڭ قارىشىچە، زامانىۋىلىق — مۇتلەقلەشكەن ھوقۇق سىستېمىسىنىڭ يېپىق شەكلىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «بىر خىل قىلىپتىكى ئادەم» ناملىق ئەسىرىدە غەرب ۋە سوۋېت كوممۇنىزم دۇنياسىدىكى زامانىۋى سانائەت جەمئىيەتلىرىنىڭ خۇنۇك ئىسخېمىسىنى سىزىپ بەرگەنىدى. ماكس خوركخېيمېر بىلەن تېئودور ئاردورنوغا قارىغاندا، خېربېرت ماركۇس زامانىۋىلىق مۇساپىسىدىكى مەسىلىنىڭ، جاراھەتنىڭ يىلتىزىنى تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، «تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى زوراۋانلىقنىڭ، ئۆكتەملىكنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ، مەۋجۇت ھوقۇق شەكىللىرىگە قارىتىلغان قارشىلىقلارنى توسالغۇغا ئۇچراتتى. جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنى نىشان قىلغان ئىجتىمائىي كونترول تەدبىرلىرى تارتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىدە شۇنچىلىك كۈچىيىپ كەتتىكى، ھەتتا ئىنسانلىڭ ئوي - پىكىرلىرىمۇ تەقىب ئاستىغا ئېلىندى.»

خېربېرت ماركۇسنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت ھەققىدىكى تەنقىدلىرى ئاساسسىز ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېلىپۇزورلاردىكى ئېلانلاردىن زېرىككەشى مەلۇم نەرسىلەردىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇ يەنە بۇ ھەقتىكى تەنقىدلىرىگە ياندىشتۇرغان ئاساستا، ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن باشقىنى تونۇمايدىغان كاپىتالىستىك تۈزۈم دەۋرىدە ئىنقىلابقا پەلتە بولىدىغان مەنىۋى كۈچلەرنىڭ ئاز قېلىۋاتقانلىقىدىن قاقشايدۇ.

فرانكفورتچىلارنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى بولغان ئېرىخ فروم ماركسنىڭ نەزەرىيەلىرى بىلەن فروئىدنىڭ روھ ئانالىزى تەلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ يازغانلىرىنى روھ ئانالىزى تەتقىقاتىنىڭ جەمئىيەتنى تۇتقا قىلغان ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ساغلام جەمئىيەت» ناملىق

ئەسىرىدە، كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ پسىخولوگىيەلىك ئاقىۋەتلىرىنى ئېچىپ بەرگەن ۋە ئىنساندىكى روھىي بىنورماللىقلارنىڭ يىلتىزى ئىقتىسادىي مەنپەئەت قوغلىشىلىدىغان جەمئىيەتتە، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مەۋجۇت تەرتىپكە بولغان ئىتائەتمەنلىكنىڭ ئەۋج ئېلىشى جىنسىي تۈيغۇنىڭ بېسىلىشى ئەمەلىيەتتە كاپىتالىستىك تۈزۈمدىكى ماددىغا، تاۋارغا چوقۇنۇش خاھىشىنىڭ يامرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئىنسان خاراكتېرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىدىكى يادرولۇق مەسىلە — ياتلىشىش.» كاپىتالىستىك تۈزۈمدە باشقۇرغۇچىلارمۇ، ئىتائەت قىلغۇچىلارمۇ ئوخشاشلا ئۆز – ئۆزىدىن ياتلىشىدۇ. سەۋەبى، بۇنداق تۈزۈمدە كىملىككە، خاسلىققا ئىنتىلىش ئارزۇسى بېسىلىدۇ. چۈنكى، خىزمەت قىلغۇچىلار، ئىشلىگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەجىر مېۋىسىگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە، قىزىقىشىغا يەم بولغان. بۇ ھال كىملىك كىرىزىسى پەيدا قىلىدۇ. «بۇ خىلدىكى كىملىك كىرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئوڭاي يولى يوق؛ پەقەت ئۆزىدىن ياتلاشقان ئادەم ھاياتى كۈچى بار، ئىجادكار ئادەمگە ئايلانغاندىلا بۇ كىرىزىستىن قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد تېپىلىدۇ.»

ئومۇمەن، فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمى — بۈگۈنكى زامان ماركسىزم نەزەرىيەسىنى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا تەتبىقلاش يولىدا ئىزدەنگەن بىر تۈركۈم مۇتەپەككۇرلار قوزغىغان پىكىر ھەرىكىتى. فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرى ناتسىستلار گېرمانىيەسى دەۋرىدە ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ بىر قانچىسى 1950 – يىلى گېرمانىيەگە قايتىپ كەتكەن. فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە تەسىرى كۈچلۈك. ئۇلار ئاساسلىقى ماركس ئىدىيەلىرىدىن ئىلھام

www.uyghurkitap.com

ئالغان، شۇنداقلا نىچشې، فروئىد ۋە ماكس ۋېبېر ئىدىيەلىرىنىمۇ ماركسىزم ئىدىيەلىرى بىلەن يۇغۇرۇۋەتكەن. ئۇلار بىر تەرەپتىن مۇزىكا، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ھەققىدە ئەمەلىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەنقىد نەزەرىيەسى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئىزدەنگەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ:

بىرىنچى، تەرەققىي قىلغان كاپىتالىزمنى تەنقىد قىلغان. فرانكفورتچىلار كارل ماركسنىڭ كاپىتالىزم ھەققىدىكى ئىدىيەلىرى بىلەن ماكس ۋېبېرنىڭ ئەقلىيلىشىش ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىنى چېقىشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەھلىللىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. فرانكفورتچىلار بۈگۈنكى زامان كاپىتالىستىك تۈزۈمىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، «ئەقلىيلىشىش ئادەملەرنى تۆمۈر قەپەس ئىچىگە سولاپ قويدى؛ كاپىتالىزم بولسا ئېزىش - ئېزىلىش مۇناسىۋىتىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي ئەندىزە پەيدا قىلدى» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئىككىنچى، ئىقتىساد ھەققىدىكى ئانالىزلىرىدا ماكس ۋېبېر ئىدىيەلىرىنى ماركس ئىدىيەسىگە سىڭدۈرۈپ ئۆزگىچە يول تۇتقان؛ «ئىقتىساد ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن قاراشقا رەددىيە بەرگەن؛ ماركسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان باشقا نەزەرىيەچىلەرگە قارىغاندا مەدەنىيەتنىڭ بىر جەمئىيەتتىكى رولىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

ئۈچىنچى، ئەمەلىي تەجرىبىچىلىككە قارشى تۇرغان؛ «تونۇشنىڭ مەنبەسى ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ سەزگۈزەشتىسىدۇر» دېگەن قاراشقا رەددىيە بەرگەن ۋە تونۇشنىڭ، ئوي سىستېمىسىنىڭ ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

تۆتىنچى، فروئىدنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلار فروئىدنىڭ روھ ئانالىزى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى جەمئىيەت

ھەققىدىكى تەھلىللىرىگە يۇغۇرۇپ، نەزەرىيە سىستېمىسىدا يېڭىلىق ياراتقان ۋە ماركسىزمنى بېيىتىپ، «جەمئىيەت ھەققىدىكى قۇرۇلما ئانالىزىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى قەدىرلىنىشى كېرەك» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

نەقىل مەنبەلىرى:


1. گېئورگ لۇكاس: «تارىخ ۋە سىنىپىي ئاڭ»، 1968 ـ يىلى نەشرى.

Lukacs Georg . 1968. History and Class Consciousness, Cambridge: MIT Press .

2. يۈرگېن خاربېرماس: «ئالاقە ھەرىكىتى نەزەرىيەسى» (1 ـ توم)، 1984 ـ يىلى نەشرى.

Hambermas Jurgen . 1984 . The Theory of Communicative Action, vol1, Boston: Beacon Press

3. فىل سلاتېر: «فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ مەنبەسى ۋە قاتلاملىرى»، 1977 ـ يىلى نەشرى.

Phil Slater . 1977 . The Origin and Stratification of the Frankfurt School: A Marxist Perspective . London: Routledge and kegan paul .

4. تېئودور ئاردورنو: «ھاكىممۇتلەقچە خاراكتېر»، 1950 ـ يىلى نەشرى.

Adorno Thodor . 1950 . The Authorian Personality . New York: Harp .

5. تېئودور ئاردورنو: «مۇزىكا جەمئىيەتشۇناسلىقىدىن ئومۇمىي بايان»، 1976 ـ يىلى نەشرى.

Adorno Thodor . 1976 . Introduction to the Sociology of Music . New York: Seabury Press .

6. ماكس خوركخېيمېر ۋە تېئودور ئاردورنو: «ئاقارتىش دىيالېكتىكىسى»، 1972 ـ يىلى نەشرى.
Horkheimer . M and Adorno . T . 1972 . Dialectic of Englightment . New York: Herder and Herder .
7. خېربېرت ماركۇس: «بىر خىل قىلىپتىكى ئادەم»، 1963 ـ يىلى نەشرى.
Marcuse Herbert . 1963 . One – Dimensional Man . Boston: Beacon Press .
8. ئېرىخ فروم: «ساغلام جەمئىيەت»، 1956 ـ يىلى نەشرى.
From Erich . 1956 . The Sane Society . New York: Rinehart and winston .
9. ئېرىخ فروم: «ئۈمىد ئىنقىلابى: ئىنسان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تېخنىكا ئۇستىدە ئويلىنىش»، 1968 ـ يىلى نەشرى.
From Erich . 1968 . The Revolution of Hope: Toward a Humanized Technology . New York: Harper and Harper .

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Georg Lukacs | (1971 — 1885) | گېئورگ لۇكاس |
| Max Horkheimer | (1973 — 1895) | ماكس خوركخېيمېر |
| Theodor Adorno | (1973 — 1895) | تېئودور ئادورنو |
| Herbert Marcuse | (1979 — 1898) | خېربېرت ماركۇس |
| ErihFromm | (1980 — 1900) | ئېرىخ فروم |
| Jurgen Habermas | ( — 1929) | يۈرگېن خابېرماس |
| Karl Marx | (1881 — 1818) | كارل ماركس |
| Frederich Nietzsche | (1900 — 1843) | فرېدىرىخ نىچشې |
| Sigmund Freud | (1939 — 1856) | سىگمۇند فروئىد |

www.uyghurkitap.com

## تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمى
The Frankfurt School 法兰克福学派

Critical Theory 批判理论 تەنقىدچىلىك نەزەرىيەسى

Class Consciousness 阶级意识 سىنىپىي ئاڭ

Fetishism of Commodities 商品崇拜 تاۋارغا چوقۇنۇش

Reificaition 具体化,物化过程 ماددىيلىشىش

Mass Culture 大众文化 ئاۋام مەدەنىيىتى

ئاقارتىش دىيالېكتىكىسى
Dialectics of Enlightment 启蒙辩证法

ھاكىممۇتلەقچە خاراكتېر
Authotorian Personality 权利主义人格

Subjective Consciousness 主观意识 سۇبيېكتىپ ئاڭ

Material Reality 实际现实 ئەمەلىي رېئاللىق

بىر خىل قېلىپتىكى ئادەم
One — Dimentional Man 一维的人

Sane Society 健全社会 ساغلام جەمئىيەت

كېسىشمە پەنلەر تەتقىقاتى
Interdisciplinary Research 跨学科研究

## ئون بىرىنچى باب

# يۈرگېن خابېرماس (1929 — ): دىيالوگلىشىش ئىنقىلابى

## نېمە ئۈچۈن يۈرگېن خابېرماسنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

يۈرگېن خابېرماس — گېرمانىيەنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر جەمئىيەت نەزەرىيەچىسى ھەم فرانكفورتچىلار پىكىر ئېقىمىنىڭ ھازىرغىچە ھايات ياشاۋاتقان ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. 2001 - يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا پەخرىي ئۇنۋان بېرىلگەندە، نۇرغۇن ئالىملار بىردەك ھالدا ئۇنىڭغا «بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەت نەزەرىيەچىلىرىنىڭ بىرى، دىيالوگلىشىش، ئاۋامنى يېتەكلەش ھەرىكىتىنىڭ سادىق ھىمايىچىسى» دەپ باھا بېرىشكەن. يۈرگېن خابېرماس بۈگۈنكى زامان ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە. گەرچە كۆپىنچە ھاللاردا ئىسمى فرانكفورتچىلارنىڭ ئىسمى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنسىمۇ، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ دائىرىسى ئىجتىمائىي پەنلەر، تىلشۇناسلىق، پەلسەپە قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق تۇتقا قىلغان نۇقتىسى بىلىمنىڭ جەمئىيەتتە، خۇسۇسەن كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئوينايدىغان رولىدىن ئىبارەت.

خابېرماسنىڭ قارىشىچە، ئوبيېكتىپ ئىلمىي بىلىم

ئاۋامنى ھۆرلۈككە ۋە ئاقارتىش يولىغا باشلىيالمايدۇ، ئەكسىچە مۇئەييەن بىر جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئىنقىلاب قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىدىئولوگىيە سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، جەمئىيەتكە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالايدىغان بىلىم ئىلمىي بىلىم ئەمەس، بەلكى ئەركىن، ئوچۇق ھالەتتە دىيالوگلىشىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بىلىمدۇر. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇنداق بىلىم كۆپىنچە ھاللاردا سىياسىي چەكلىمىلەر ۋە باشقا توسالغۇلار تۈپەيلى تۇنجۇقۇپ قالىدۇ. ئەركىن، ساغلام بىر جەمئىيەت ئاممىۋى مۇنازىرە، دىيالوگلارغا ئىلھام بېرىشى، ئاۋام ئارىسىدا چەكلىمىسىز ئالاقىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇشى كېرەك.

يۈرگىن خابېرماس «ئاۋام مۇنبىرىدىكى قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش» (1961 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە 18 ـ ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ ئاۋام مۇنبىرىدە كۆرۈلگەن تەرەققىياتنىڭ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئاممىۋى دىيالوگنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەردە پەسكويغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى قەيت قىلغان. «نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت» (1963 ـ يىلى)، «ئەقلىي جەمئىيەتكە قاراپ» (1970 ـ يىلى) ناملىق ئەسەرلىرىدە سىياسىيدىن خالىي بولغان تەبىئىي پەنلەرنىڭ پاكىتلار ۋە ئەستايىدىل تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئاۋامنى يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئاقارتىش رولىنى ئۆتىيەلمەيدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلغان ۋە بارلىق ئەسەرلىرىدە دېگۈدەك «ئىقتىساد ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن قاراشقا، ئەمەلىي تەجرىبىچىلىك مېتودىغا قارشى تۇرغان. «قانۇنچىلىق كرىزىسى» (1973 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن: «ئىقتىسادىي كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دۆلەتلەر ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللاندى ۋە ئاخىرى بىر مۇنچە كرىزىسلارنىڭ ئىچىدە قالدى.

قانۇنچىلىق كىرىزىسى ئاشۇ كىرىزىسلار ئىچىدىكى بىرى». يۈرگېن خابېرماس ئۆزىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى» (1984 ـ يىلى)دە تىل ۋە ئالاقە نەزەرىيەسى، ھادىسەشۇناسلىق، سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئېلېمېنتلارنى يۇغۇرۇپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي سىستېمىلار ۋە ئىجتىمائىي ھايات دۇنياسىنىڭ يۈرۈشۈشىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان ھەم ئۇنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدىغان سىستېما نەزەرىيەسىنى روياپقا چىقارغان، شۇنداقلا نەزەرىيەچىلىرىنى نەزەرىيەلىرىدە ئاددىيلاشتۇرۇشتىن خالىي بولالمىغانلىقى، ئەقلىيلىشىش ۋە ئالاقە نەزەرىيەلىرىنى تۈرغۇزۇشتا ئاجىز كەلگەنلىكى تۈپەيلى تەنقىد قىلغان. «زامانىۋىلىققا دائىر پەلسەپىۋى پاراڭلار» (1988 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەسىنى نىسبىيلىككە يول قويغانلىقى تۈپەيلى تەنقىدلىگەن. «پاكىت بىلەن مىزانلار ئارىلىقىدا: قانۇن ۋە دېموكراتىيەنىڭ ئېيتىم نەزەرىيەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش» (1997 ـ يىلى) ناملىق كىتابىدا ئۆزىنىڭ ئالاقە، ئىجتىمائىي مىزان، قانۇن ۋە سىياسىينىڭ قانۇنلۇقلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

يۈرگېن خابېرماس 1929 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ گۇممېرسباخ دېگەن يېرىدە بىر ئەمەلدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شۋېيتسارىيەدىكى زۈرىچ ئۇنىۋېرسىتېتى، گېرمانىيەدىكى بوننى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، 1956 ـ يىلى فرانكفورت ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتىدا تېئودور ئاردورنونىڭ ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1961 ـ يىلى خايدېلبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەلسەپە ۋە

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتشۇناسلىق پىروفېسسورى بولغان. 1964 ـ يىلى فرانكفورت ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1971 ـ يىلى گېرمانىيەدىكى ماكس پلەنك ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنكى يىللاردا يەنە فرانكفورت ئىجتىمائىي پەن ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ بارغان.

## يۈرگىن خابېرماس نەزەرىيەلىرىدىكى يېتەكچى ئىدىيە

يۈرگىن خابېرماس باشقا فرانكفورتچىلارغا ئوخشاشلا ماركسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى نوقۇل ھالدا ماركس ئىدىيەلىرىنىڭ ئىنچىكە شەرھلەنگەن نۇسخىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. خابېرماسنىڭ نەزەرىيەلىرىدە ماركسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان تەرەپلەردىن باشقا، ئۇنىڭ ماكس ۋېبېر بىلەن خىيالەن قىلغان دىيالوگلىرىنىڭ ئىزنالىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇ ماكس ۋېبېرنىڭ بيۇروكراتچە باشقۇرۇش ئەندىزىسىدىكى جەمئىيەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن «تۆمۈر قەپەس» مېتافوراسىغا قايتا ـ قايتا مۇراجىئەت قىلغان. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى»نى ماكس ۋېبېر ئىدىيەسىنى غەربچە ماركسىزمغا يۇغۇرۇش تىرىشچانلىقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئادەتتە گېرمانىيە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە پەلسەپە بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغان يۈزلىنىش مەۋجۇت. بۇ خىل يۈزلىنىش يۈرگىن خابېرماس ئىدىيەلىرىدىمۇ بايقىلىپ تۇرىدۇ.

يۈرگىن خابېرماس ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شەخسنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئوينايدىغان رولىنىمۇ دىققىتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرمىغان. بۇ خىل مايىللىق ئۇنىڭ «ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى» ناملىق كىتابىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئەسەردە خابېرماس ئۆزىنىڭ

ئىجتىمائىي سىستېما، تەرەققىيات ۋە كۈندىلىك ھاياتنىڭ ئەقلىيلىشىشى قاتارلىق تېمىلاردىكى كەڭ دائىرىلىك نەزەرىيە سىستېمىسىدىن ئومۇمىي خۇلاسە چىقارغان.

يۈرگىن خابېرماسنىڭ نەزەرىيەلىرىنى ھەر خىل تېمىلاردىكى بىر قاتار سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋاب دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سوئاللارنى مۇنداق يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، كارل ماركس ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىنىڭ كاتالىزاتورلىرىنى جانلىق شەرھلىگەن نەزەرىيەلىرىدە تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك جەمئىيەتلەر ھەققىدە بىر قاتار پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلىغان. ئۇنداقتا، جەمئىيەت نەزەرىيەسى قانداق قىلغاندا ماركسنىڭ ئىدىيەلىرىدىكى ئاكتىۋال تەرەپلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ئېلېمېنتلارنى ئايرىپ چىقالايدۇ؟ ئىككىنچى، ماكس ۋېبىر ئەقلىيلىشىش جەريانى ھەققىدە تارىخىي ئانالىز ئېلىپ بارغان ھەمدە ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئەقلىيلىشىشتىن ئىبارەت «تۆمۈر قەپەس»نىڭ ئىنساننى مەنىۋى چۈشەكتىن قۇتۇلدۇرمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇنداقتا، جەمئىيەت نەزەرىيەسى قانداق قىلغاندا ماكس ۋېبىرنىڭ نەزەرىيەلىرىدىكى ئۈمىدسىزلىك خاھىشى روشەن ئەكس ئەتكەن تەرەپلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ماركسنىڭ ئىنقىلاب نىشانى ھەققىدىكى ئىدىيەلىرىنى نەزەرىيەنىڭ يېتەكچى تېمىسى قىلىپ تۇرغۇزالايدۇ؟ ئۈچىنچى، گېئورگ لۇكاس، ماكس خوركخېيمېر، تېئودور ئاردورنو قاتارلىق ماركسىزمچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەنقىد نەزەرىيەلىرىدە ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى سۇبيېكتىپ ئاڭنىڭ ھالىتىگە دىققىتىنى قارىتىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، كارل ماركسنىڭ «ئادەملەر ئارىسىدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ساقلىنىشى داۋامىدا جەمئىيەت پەيدا بولىدۇ، مۇشۇ جەرياندا يەنە ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئازادلىقىمۇ قولغا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك» دېگەن يېتەكچى ئىدىيەسىدىن يىراقلاپ كەتكەن. ئۇنداقتا، جەمئىيەت نەزەرىيەسى قانداق

قىلغاندا يۇقىرىقى ماركسىزمچىلارنىڭ ئىدىيەلىرىدىكى سۇبيېكتىۋىزملىق چۈشەكلەردىن قۇتۇلالايدۇ؟ تۆتىنچى، ئاڭلىق پىكىر قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلارغا مەنبە بولۇۋاتقان كۈچ بىلەن مەھسۇلات يارىتىش ۋە سىياسىي تەشكىلات قۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان كۈچنى بىرلەشتۈرۈش ھەققىدىكى نەزەرىيە سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش زۆرۈرىيىتى بار. ئۇنداقتا، جەمئىيەت نەزەرىيەسى قانداق قىلغاندا بۇنداق ئىدىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلالايدۇ ۋە بۇ جەرياندا ماكس ۋېبېرنىڭ ئەقلىيلەشكەن سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى چۈشەپ قويىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشكۈن قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالايدۇ؟ بۇ خىل نەزەرىيە سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش داۋامىدا جەمئىيەت نەزەرىيەچىلىرى قانداق قىلىپ ماركسنىڭ «ئېزىلگۈچىلەردە ھامان سىنىپىي ئاڭ يېتىلىدۇ، بۇ چاغدا ئىنقىلابتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ» دېگەن ساددا ئۈمىدۋارلىقىدىن خالىي بولالايدۇ؟ قانداق قىلىپ ئىلگىرىكى تەنقىد نەزەرىيەچىلىرىنىڭ تەھلىللىرىدىكى گېگېلنىڭ دىيالېكتىكىسىغا خاس سۇبيېكتىۋىزملىق خاھىشلاردىن ساقلىنالايدۇ؟

يۈرگېن خابېرماس ھاياتىنىڭ ئوخشىمىغان مەزگىللىرىدە يۇقىرىقى سوئاللار ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم ئىزدەنگەن. ئاشۇ سوئاللار ئۇنىڭ تەھلىللىرىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەن. ئۇ كېيىن يازغان ئەسەرلىرىدە تەنقىدنى ئاساسلىق ئورۇندا قويمىغان. سەۋەبى، ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش داۋامىدا ئۇنىڭ زۇلۇمنى تەنقىد قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكىنى مەلۇم. گەرچە ئىلگىرىكى تەنقىد نەزەرىيەچىلىرى تەنقىد ئۈچۈنلا تەنقىد قىلىش خاھىشىنىڭ سەلبىي ئاقىۋىتىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان

يوشۇرۇن كۆچلەرنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە نەزەرىيەلەشكەن بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا تاشلىيالمىغان. تەنقىد ئىجتىمائىي سىستېمىلارنى كۆتۈرۈپ تۇرغان نېگىزلىك ئېلېمېنتلارغا تېگەلىگەندىلا ئاندىن كىشىلەرنى چۈشەكتىن، كىشەندىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىغا ھەسسە قوشالايدۇ. بولمىسا، تەنقىدنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئۇنۇملۇك تەنقىدتە قانداق قىلغاندا يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى لايىھەلەر بولۇشى كېرەك. جەمئىيەتنىڭ قانداق يۈرۈشىدىغانلىقى ھەققىدە نەزەرىيەۋى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولماي تۇرۇپ تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېيىش بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك. يۈرگىن خابېرماس جەمئىيەتنى يۈرۈشتۈرۈۋاتقان يوشۇرۇن كۈچلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنبەسى ھەققىدە نەزەرىيەۋى يوسۇندا تەپەككۇر قىلغانلىقى، ئىنساننىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرىغىلا دىققىتىنى ئاغدۇرۇش خاھىشىدىن ساقلىنالىغانلىقى، يۈزەكى تەنقىد باسقۇچىدا توختاپ قالماي، ئۇنى مۇۋاپىق يوسۇندا نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرغانلىقى ۋە ھەر تۈرلۈك نەزەرىيەۋى پىكىر يوللىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە يۇغۇرۇۋېتىشكە ماھىر بولغانلىقى سەۋەبىلىك، ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان نەزەرىيە سىستېمىسىنى تۇرغۇزالىغان.

## ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى

ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر جەمئىيەتشۇناسى تالكوت پارسونىستىن كېيىن، تۈرلۈك نەزەرىيەۋى سىستېمىلاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىۋېرسال بىر نەزەرىيە تۇرغۇزۇشقا ھەممىدىن بەك كۆچىگەن يەنە بىر جەمئىيەتشۇناس دەل يۈرگىن خابېرماس بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە بىر تەرەپتىن كارل ماركس، ماكس ۋېبېر،

فرانكفورتچىلارنىڭ تەسىرلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن قوبۇل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېمىل دۇركىم، جورج خېربېرت مىد ۋە تالكوت پارسونسلاردىن ئۈلگە ئالدى. كىتابىنىڭ ماۋزۇسىدىنلا خابېرماسنىڭ سىنتېزلانغان ھەممىباب نەزەرىيەنى تۇرغۇزۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە خابېرماس زامانىۋىلىقنىڭ ئاخىرلىشىشى ھەققىدىكى كونسېرۋاتىپ نەزەرىيەلەرگە ياكى كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەلىرىگە قارشى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ۋە زامانىۋىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسى بىلەن ئوخشاش چۈشىنىش خاھىشىغا قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، زامانىۋىلىق ھەمىشە سىستېما بىلەن كۈندىلىك ھايات ئوتتۇرىسىدا جىددىيلىك پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ماكس ۋېبېر ۋە فرانكفورتچىلاردىكى ئۈمىدسىزلىك خاھىشىدىن چەتنەپ تۇرۇپ، زامانىۋىلىقتا ئىلمىي دىيالوگقا خۇرۇچ بولىدىغان شارائىتلارنىڭ تېپىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئۇنىڭ ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە مۇھىم پىكىر يولى سۈپىتىدە كەڭ تەسىرگە ئىگە.

خابېرماسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەگەر بىز «بىر جەمئىيەت ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي يوسۇندا ھەمكارلىق ھەرىكىتىگە ئۈتۈشى ئارقىلىق ساقلىيالايدۇ، ئارىدىكى ھەمكارلىق ئالاقە ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ھاياتنىڭ مۇئەييەن قاتلاملىرىدا ئالاقە ئارقىلىق بىردەك تونۇش پەيدا بولىدۇ» دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملىق ساقلىشى ئەزالىرىنىڭ ئالاقىدىكى ھەرىكەتتە زۆرۈر بولغان ئەقلىيلىشىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئالاقىدىكى ھەرىكەت داۋامىدا جەمئىيەت ئەزالىرى باشقىلارنىڭ يوللۇق تەشەببۇسلىرىنى ئۇنىسىز قوبۇل قىلغاندا ياكى ئۇنىڭغا



www.uyghurkitap.com

جەڭ ئېلان قىلغاندا، بىر خىل ئەقلىيلىشىش مايىللىقى مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپنى قايتىدىن قۇرۇشنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئىختىيارىي يوسۇندا، بېسىمغا ئۇچرىماي بارلىققا كېلىدۇ. خابېرماس «ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومىدا ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىن سىمۋوللۇق ئالاقە جەريانىغا ئۆتۈشنى تۇتقا قىلغان. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئالاقىدە قانداق ھەرىكەتكە ئۆتىدىغانلىقى ھەم قانداق ئەقلىيلىشىدىغانلىقىنى شەرھلەشكە، قايتىدىن ئۇقۇملاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئەگەر خابىرماسنىڭ بۇ كىتابىنىڭ بىرىنچى تومىنى مىكرو جەمئىيەتشۇناسلىق دەپ قارىساق، ئىككىنچى تومى ماكرو جەمئىيەتشۇناسلىق تەھلىلى بويىچە يېزىلغان. يەنى، ئىككىنچى تومىدا ئۇ سىستېما ئۇقۇمىنى تونۇشتۇرغان ۋە ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقىدىكى ھايات دۇنياسى ئۇقۇمىنى قايتىدىن ئۇقۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ مۇئەييەن سىستېما ئىچىدە قانداق ھەرىكەتكە ئۆتىدىغانلىقى ۋە بىر - بىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى يورۇتۇشقا تىرىشقان.

يۈرگىن خابېرماسنىڭ قارىشىچە، ھەرىكەتنىڭ تىپى تۆت خىل بولىدۇ. ئۇلار مەقسەتلىك ھەرىكەت، قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت، تەقلىدىي ھەرىكەت ۋە ئالاقە ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. پەقەت ئالاقە ھەرىكىتىدىلا ھەرىكەت ئىجراچىلىرى بىر - بىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا نېمە بارلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. سەۋەبى، ئالاقە ھەرىكىتى ئالاقە داۋامىدا ھەرىكەت ئىجراچىلىرىدا زاپاس تونۇشنىڭ، ھايات دۇنياسى ۋە ئالاقە ئوبيېكتىغا ئائىت ساۋات خاراكتېرلىك چۈشەنچىلەرنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنى يۈرۈشتۈرۈۋاتقان مۇئەييەن بىر سىستېما بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا ۋە مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملىق ساقلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر

ئىجتىمائىي تۈپنىڭ تەرەققىياتى شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھايات دۇنياسىنىڭ سىستېما كونتروللۇقىدىن ئاجراپ چىقىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. يامان يېرى، دۆلەت كۈچى ياكى ئىقتىساد قاتارلىق سىستېمىلار ھايات دۇنياسىنى — ئورتاق تونۇش پەيدا قىلغان مەنىلەرنى، چۈشەنچىلەرنى ۋە گىرەلەشمە سۇبيېكتىپ تۇيغۇلارنى «مۇستەملىكە» قىلىۋالسا، ئۇنداقتا ئۇ ئىجتىمائىي تۈپنىڭ ئۇيۇشۇشى تەسكە چۈشىدۇ.

بىر ئىجتىمائىي تۈپنىڭ ئۇيۇشۇشىدا كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەر كىرىزىس شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان كىرىزىس ئىسكەنجىگە ئېلىنغان ھايات دۇنياسىنى قانداق قىلىپ قايتىدىن قۇرۇش مەسىلىسىدۇر. سەۋەب شۇكى، ھايات دۇنياسىنى قايتىدىن يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە ئالاقە ھەرىكىتى سىستېمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان پۇل، ھوقۇق قاتارلىق ئۇنسۇر ۋاستىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرايدۇ. بۇ كىرىزىسنى ھەل قىلىش نىشانى ھايات دۇنياسى بىلەن سىستېما ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نىشان بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئاممىۋى دىيالوگلىشىش مەنبەلىرىنى جانلاندۇرۇش، ئالاقە ھەرىكىتىنى جەمئىيەت سىستېمىسىدىكى پۇل، ھوقۇق قاتارلىق ئۇنسۇر ۋاستىلىرىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ئۇچراتمايدىغان سورۇن تۈرلىرىنى پەيدا قىلىش قاتارلىق يوللار بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا، تەنقىد نەزەرىيەسىنىڭ ۋەزىپىسى — جەمئىيەتنىڭ ھايات دۇنياسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان يۈزلىرىنى ئېچىپ بېرىش، ئالاقە ھەرىكىتى توسالغۇغا ئۇچرىمايدىغان سورۇن تۈرلىرىنى پەيدا قىلىشنىڭ چارە ـ ئاماللىرىنى تېپىپ بېرىش. مانا بۇ خابېرماسنىڭ «ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى» ناملىق مەشھۇر كىتابىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەر.



www.uyghurkitap.com

## ئىدراك ۋە ئەقلىيلىشىش

يۈرگىن خابېرماسنىڭ ئەقلىيلىشىش ھەققىدىكى تەھلىللىرى ماكس ۋېبېرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭلىق بىلەن خابېرماسنى ماكس ۋېبېرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن فرانكفورتچىلارنىڭ، ئاندىن فرانكفورتچىلار ئارقىلىق ماركسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. فرانكفورتچىلار ئەقلىي بىر جەمئىيەتنى قۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشىنەتتى ۋە ئىدېئولوگىيەنىڭ كۆچىگە بەكرەك ئىشىنىدىغان نەزەرىيەچىلەرگە قارىغاندا تەنقىد نەزەرىيەسىنىڭ رولىغا يۇقىرى باھا بېرەتتى. يۈرگىن خابېرماس بولسا ئۆزى فرانكفورتچىلار چەمبىرىكىدە بولسىمۇ، ئەمما بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھاياتىنى يېتەكلىيەلەيدىغان ئومۇمىيۈزلۈك يوسۇنلارنىڭ بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى، بۇنداق بولغاندا ھايات دۇنياسىدا زامانىۋىلىق مۇساپىسى قالدۇرۇپ كەتكەن خام خىيال كىشەنىدىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ نىشاننىڭ بىرىنچى قەدىمى «كۆڭۈلدىكىدەك دىيالوگلىشىش مۇھىتى» بەرپا قىلىش ئىدى. خابېرماس دەۋاتقان دىيالوگلىشىش مۇھىتى مەيلى ھوقۇقنىڭ، بىلىمنىڭ، نۇقتىئىنەزەرنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەمگە باراۋەر ھالدا سوئال ئوتتۇرىغا قويۇش، كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدىغان مۇھىت ئىدى. بۇنداق مۇھىتتا ئەقلىيلىشىشنىڭ بىخىدىن سۆز ئاچقىلى بولاتتى. گەرچە خابېرماس دىيالوگلىشىشنىڭ كىشىلەرنى ئەقلىيلەشتۈرۈشتىكى زۆرۈر قەدەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، ئۇنى تەنقىد قىلغۇچىلار، مەسىلەن، ۋەن دېن بېرگ: «قىممەت قارىشىنىڭ توقۇنۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، شۇڭا مۇتلەق شەكىلدىكى كۆڭۈلدىكىدەك

دىيالوگلىشىش مۇھىتىنى بەرپا قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگەندى.

## خابېرماسنىڭ تەجرىبىچىلىك مېتودىنى تەنقىد قىلىشى

يۈرگېن خابېرماس ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي پەن لوگىكىسى»، «بىلىم ۋە ئىنسان مەنپەئەتى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە «پەن — پەقەت ئىنساننىڭ بىرلا مەنپەئەتىگە ياردەم بېرەلەيدىغان بىلىمدۇر» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ئىنساننىڭ جىمى ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىلىمنى ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ: بىرىنچى، ئانالىتىك بىلىم بولۇپ، ئەمەلىي تەجرىبىدىن كېلىدۇ ۋە ماددىي دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەردىن تەركىبلىنىدۇ؛ ئىككىنچى، شەرھىي ياكى تارىخىي بىلىم بولۇپ، تېكىستلەرنى شەرھلەش ئارقىلىق بىزنىڭ مۇئەييەن مەنە قاتلاملىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ؛ ئۈچىنچى، تەنقىدىي بىلىم بولۇپ، چەكلىمىلەرنىڭ، ئاسارەتلەرنىڭ، چۈشەكلەرنىڭ مەنبەسىنى، ماھىيىتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك بىلىم ئىنساننىڭ ئۈچ تۈرلۈك مەنپەئەتى ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم خىزمەت قىلىدۇ. بىرىنچى خىل بىلىم، يەنى ئانالىتىك بىلىم بىزنىڭ مۇھىتنى كونترول قىلىش ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقنى قايتا يارىتىشىمىز داۋامىدا تېخنىكىغا بولغان ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرىدۇ. ئىككىنچى خىل بىلىم، يەنى شەرھىي ياكى تارىخىي بىلىم بىز دۇچ كەلگەن ئەھۋاللارنىڭ مەنىلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئۈچىنچى خىل بىلىم، يەنى تەنقىدىي بىلىم ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشىمىزگە، ئاسارەت، چۈشەكلەردىن قۇتۇلۇپ ئالغا بېسىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. بىلىم ئىنساننىڭ مەنپەئەتى ۋە

ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىدەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خىل ئېھتىياجمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۈچ خىل بىلىم پەيدا قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى پەن ياكى ئانالىتىك بىلىم پەيدا قىلسا، مەنە چۈشىنىش ئېھتىياجى تارىخىي بىلىمنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچىدۇ. ئەركىنلىك ئارزۇسى تەنقىدىي بىلىمنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىنسانىنىڭ ئېھتىياجى يۇقىرىقى ئۈچ خىل بىلىمنى ئۈچ خىل ۋاستە ئارقىلىق روياپقا چىقىرىدۇ: بىرىنچى، ئىنسانلار ئىشلەش ئارقىلىق تېخنىكىلىق كونتروللۇقتا لازىم بولىدىغان ئانالىتىك بىلىم يارىتىدۇ؛ ئىككىنچى، تىل ئارقىلىق مەنە چۈشىنىش ئۈچۈن شەرھىي بىلىم يارىتىدۇ؛ ئۈچىنچى، نوپۇز ئارقىلىق ئىنسان ئازادلىقىدا لازىم بولىدىغان تەنقىدىي بىلىم پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، ئېيتىش كېرەككى، ئەمەلىي تەكشۈرۈش، تەجرىبە ئارقىلىق ئېرىشىلگەن بىلىم ئومۇمىي بىلىمنىڭ پەقەت بىرىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ئىنسانىنىڭ بىرلا خىل ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ. ئەگەر كىشىلەرگە ئىجتىمائىي ھايات مەنىسىز ۋە سوغۇق تۇيۇلسا، بۇ ئىنسانىنىڭ تېخنىكىلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان پەنىنىڭ ۋە پەنگە بولغان قارىغۇلارچە چوقۇنۇشىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىدىندۇر، «تەجرىبە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن تونۇشىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىدىندۇر. ئىجتىمائىي پەندە نوقۇل ھالدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش مېتودى قوغلىشىلسا، ئۇ ئىنسانىنىڭ تېخنىكىلىق ئېھتىياجىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا ئېھتىياجلىرىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ھاياتتا مەنە پەيدا قىلىش ئۈچۈن يەنە تەنقىدىي بىلىممۇ لازىم بولىدۇ. بۇ ھال تەنقىد نەزەرىيەسىدە ئالاقە جەريانىنىڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

## ئاۋام مۇنبىرى

ئاۋام مۇنبىرى — بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنى بەس - مۇنازىرە قىلىدىغان، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىدىغان ئاممىۋى ۋاستىلىرىدۇر. ئىجتىمائىي ھايات ۋە نۇرغۇن تۈزۈلمىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى گېزىت - ژۇرنال، باغچە، قىرائەتخانا قاتارلىق سورۇنلار ۋە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. خابېرماسنىڭ قارىشىچە، ئاۋام مۇنبىرى 18 - ئەسىردىكى ياۋروپادا ناھايىتى ياخشى تەرەققىي قىلغانىدى. ئەمما، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ۋە كۈندىلىك ھاياتنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى بىلەن ئاۋامنىڭ ئاممىۋى تۇرمۇشى بىلەن ئائىلە تۇرمۇشى ئايرىلىقىدا ھاڭ پەيدا بولدى. يەنى، ئاممىۋى تۇرمۇش ئەرلەر تەرىپىدىن، ئائىلە تۇرمۇشى ئاياللار تەرىپىدىن ئىگىلىنىدىغان ئەھۋال روياپقا چىقتى.

18 - ئەسىردە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئاۋام مۇنبەرلىرىنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە ئادەملەرنى فېئودالىزمنىڭ كىشەنلىرىدىن قۇتۇلدۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە ئاۋام مۇنبىرى ئالدىنقى ئىككى ئەسىردە ئۆزىنى يۈكسەلدۈرگەن كۈچلەر تەرىپىدىن تونجۇقتى. بازاردا كۆرۈلگەن تەكشىسىزلىكلەر، بىيۇروكراتلىق، دۆلەت ھوقۇقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاۋام تۇرمۇشىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش بىلەن ئاۋام مۇنبەرلىرى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. ھۆكۈمەتلەر ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى تېخنىكا ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش يولى بىلەن ھەل قىلغاچقا، ئاۋام مۇنبىرىنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارالدى. بۇنىڭ بىلەن ئاۋام ئارىسىدىكى ئالاقىگە تەسىر يېتىپ، ئىسكەنجىگە ئېلىنغان ھايات دۇنياسىنىڭ چۈشەكلىرىدىن قۇتۇلۇش تەس بولدى. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە ئادەملەرنىڭ ئەقلىيلىشىشىنى توسالغۇغا ئۇچراتتى. شۇڭا،

تەنقىد نەزەرىيەسىدە دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتنى يارىتىش ۋە كونترول قىلىشتىكى كۈچى، كاپىتالىستىك، بىيۇروكرات دۆلەتلەرنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئىنسانلار ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشىگە ئۇچرايدىغانلىقى ھەمىشە ئاساسىي تېما سۈپىتىدە تۇتقا قىلىندى.

**نەقىل مەنبەلىرى:**

1. يۈرگىن خابېرماس: «ئالاقىدىكى ھەرىكەت نەزەرىيەسى» 1 ـ توم «جەمئىيەتتە ئىدراك ۋە ئەقلىيلىشىش»، 1984 ـ يىلى نەشرى.

Jurgen Habermas . 1984 . Theor yof Communicative Action . vol . 1: Reason and Rationalization of Society . Boston Press .

2. يۈرگىن خابېرماس: «بىلىم ۋە ئىنسان مەنپەئەتى»، 1950 ـ يىلى نەشرى.

Jurgen Habermas . 1950 . Knowledge and Human Interest . London: Heinemann .

3. جوناتان تۇرنېر: «جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ قۇرۇلمىسى»، 1991 ـ يىلى نەشرى.

Jonathan Tuner . 1991 . Structure of Sociological Theory . Belmont: Wadsworth .

**تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| Jurgen Haber mas | ( —1929) | يۈرگېن خابېرماس |
| Max Weber | (1920 — 1864) | ماكس ۋېبېر |
| Karl Marx | (1883 — 1818) | كارل ماركس |
| Georg Lukacs | (1971 — 1885) | گېئورگ لۇكاس |
| Theodor Adorno | (1969 — 1903) | تېئودور ئاردورنو |
| Max Horkheimer | (1973 — 1895) | ماركس خوركخېمېر |

www.uyghurkitap.com

Erich From (1980 — 1900) ئېرىخ فىروم

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Public Sphere 公共领域 ئاۋام مۇنبىرى

Rational Society 理性社会 ئەقلىي جەمئىيەت

Communicative Action 交往行动 ئالاقىدىكى ھەرىكەت

«ئىقتىساد ھەممە دېمەكتۇر» نۇقتىئىنەزىرى

Economic Determinism “经济决定一切”论

Positivism 实验主义 ئەمەلىي تەجرىبىچىلىك

System Theory 系统理论 سىستېما نەزەرىيەسى

Evolution of Society 社会进步 جەمئىيەت تەرەققىياتى

Legitimation Crisis 法治危机 قانۇنچىلىق كرىزىسى

Philosophical Discourse 哲学话语 پەلسەپىۋى ئېيتىم

Discourse Theory 话语理论 ئېيتىم نەزەرىيەسى

“Iron Cage” 铁笼 «تۆمۈر قەپەس»

Teleological Action 目的性行动 مەقسەتلىك ھەرىكەت

Normative Action 循规性行动 قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت

Dramaturgical Action 拟据性行动 تەقلىدىي ھەرىكەت

Delinguistified Media 非语言媒介 تىلسىز ۋاستە

كۆڭۈلدىكىدەك دىيالوگلىشىش مۇھىتى

Ideal-Speech Situation 理想的对话空间

## ئون ئىككىنچى باب

# س. رايت مىللس (1916 — 1962) نىڭ تەنقىدچىلىك ئىدىيەلىرى

### نېمە ئۈچۈن س. رايت مىللس ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

س. رايت مىللس ئۆزى ياشىغان ئامېرىكا جەمئىيىتىنى قامچىلىغان ۋە رادىكال ئىجتىمائىي، سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن ئۇزۇل - كېسىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. ھالبۇكى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئامېرىكىدا كونسېرۋاتىپلىق ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئېقىمغا ئايلانغان بولۇپ، رادىكال سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىدىيەلەردىن شۈبھىلىنىدىغان ئادەم جىق ئىدى. ئامېرىكىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسى دەل مۇشۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان: ئابستراكت تەجرىبىچىلىك مېتودى ۋە تالكوت پارسونىس ھىمايە قىلىۋاتقان «ھەممىباب نەزەرىيە» يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەن. س.رايت مىللس بۇ خىل يۈزلىنىشنى خاتا دەپ قارىغان ۋە «جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كىشىلەردە جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى يارىتىشتۇر» دېگەن تونۇشنى ياقلىغان. ئۇ شۇ خىل قاراشنىڭ تەسىرىدە شۇ چاغدىكى تەسىرى كۈچلۈك جەمئىيەتشۇناس تالكوت پارسونىسنى قاتتىق قامچىلىغان.

س.رايت مىللس قىسقىغىنا ھاياتىدا ئۆزى مۇستەقىل

سەككىز كىتاب، باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ تۆت كىتاب يازغان، نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇ بىزگە بىر مەسئۇلىيەتچان جەمئىيەتشۇناسنىڭ، بىر ياخشى ئىلىم ئىگىسىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭ يازمىلىرىدىن كېلىۋاتقىنى ۋىجداننىڭ ساداسىدۇر.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

س. رايت مىللس — ئازاب ئېڭىغا ئىگە، زىيالىيلارغا خاس بۇرچ تۇيغۇسى كۈچلۈك، جەمئىيەتنى تەنقىدىي كۆزدە كۆزىتىشنى توختاتمىغان جەمئىيەتشۇناس. ئۇنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ ھەققىدىكى ئۆتكۈر تەنقىدىي ماقالىلىرى ئۇنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئورنىنى تىكلىگەن.

س. رايت مىللس 1916 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ تېكساس ئىشتاتىنىڭ ۋاكو دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. 1939 ـ يىلى تېكساس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئائۇستىن شۆبىسىدە جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىسكونسىن ئىشتاتى مەدىسىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىنغان. 1942 ـ يىلى «ئەمەلىيەتچىلىك پەلسەپىسىنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزىتىش: بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدە» ناملىق دىسسېرتاتسىيەسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1946 ـ يىلى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا جەمئىيەتشۇناسلىق پىروفېسسورى بولۇپ ئورۇنلاشقان. ئۇنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىدە بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسى كارل مەنخېيمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كېيىن ئۇ كارل

مەنخېيىمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ياردەمچىسى خانىس گېرس بىلەن بىرلىشىپ ماكس ۋېبېرنىڭ مۇھىم ماقالىلىرىنى نېمىسچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان.

س. رايت مىللىس 1962 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئاق ياقىلىق ئامېرىكىلىقلار» (1951 ـ يىلى)، «ھوقۇق سەرخىللىرى» (1956 ـ يىلى)، «جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر» (1959 ـ يىلى)، «خاراكتېر ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما» (1953 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

## جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر

بۇ تېما س. رايت مىللىسنىڭ مەشھۇر جەمئىيەتشۇناسلار قاتارىدىكى ئورنىنى تىكلىگەن شۇ ناملىق كىلاسسىك كىتابىدىن كەلگەن. س. رايت مىللىسنىڭ قارىشىچە، ئادەملەر ئۆزلىرىنى كەڭ بىر تارىخىي دەۋرگە قويۇپ پىكىر قىلسا ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى نېگىزىدىن چۈشىنەلەيدۇ، ئوخشاش بىر ئىجتىمائىي شارائىتتا ئادەملەرگە ئورتاق ئېچىۋېتىلگەن پۇرسەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر ئۆزلىرىدە جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر بىزنى تارىخىمىزنى، كەچمىشلىرىمىزنى ۋە تارىخىي شارائىت بىلەن كەچمىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ ئۆزىمىز يولۇققان مەسىلىلەرنى بىزگە ماكرو، مىكرو نۇقتىدىن باغلاپ تەھلىل قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. س. رايت مىللىس مۇنداق يازىدۇ:

«جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر ئادەملەرگە كەڭ بىر

تارىخىي كارتىنىنى ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىگە ۋە باشقىلارنىڭ ھايات پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىش نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ھېس قىلدۇرىدۇ، ئۇلارغا كۈندىلىك سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ قايىنىمىدا ئېسەنكىرەپ يۈرۈپ ئىجتىمائىي ئورنىنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىكىنى تونۇتقۇزىدۇ... بۇ دېگەنلىك — بىر ئادەمنىڭ شەخسىي ئىزتىراپلىرى تاشقى كىرىزىسلەرنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىقىدۇ دېگەنلىكتۇر؛ بۇ دېگەنلىك — ئاۋامنىڭ بىپەرۋالىقى ئومۇمىي ئىشلاردىكى ئازابلارنىڭ يىلتىزى دېگەنلىكتۇر.»

س. رايت مىللىس ئۆزىنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر»ناملىق كىتابىدا شەخسنىڭ دىشۋارچىلىقى بىلەن ئومۇمنىڭ مەسىلىسىنى ئالاھىدە پەرقلەندۈرىدۇ. شەخسنىڭ دىشۋارچىلىقى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، باش قاتۇرمىسا بولمايدىغان ئىشلاردا يۈز بېرىدۇ. ئومۇمنىڭ مەسىلىسى بولسا بىر ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا تۈزۈلمە كەلتۈرۈپ چىقارغان، كەڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلما بىلەن باغلانغان مەسىلىدۇر. بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، س. رايت مىللىس ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى تىلغا ئالىدۇ: 100 مىڭ نوپۇسى بار بىر جەمئىيەتتە بىر ئادەم ئىشسىز قالسا، بۇ شەخسنىڭ دىشۋارچىلىقى؛ ئەمما 50 مىليون نوپۇسى بار بىر دۆلەتتە بەش مىليون ئادەم ئىشسىز قالسا، بۇ ئومۇمنىڭ مەسىلىسىدۇر. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي دىشۋارچىلىقىنى كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە باغلاپ، ئۆزى ياشاۋاتقان ماكرو سىستېمىلارنىڭ ئىچىدە قويۇپ تەھلىل قىلىش — قىلالماسلىقى ئۇنىڭدا جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇرنىڭ بار — يوقلۇقىغا باغلىق.

س. رايت مىللىس بۇ كىتابىدا يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىدە مودا بولغان ئابستراكت تەجرىبىچىلىك خاھىشى ۋە تالكوت پارسونىس ياراتماقچى بولغان ھەممىباب نەزەرىيەنى قاتتىق تەنقىدلىگەن؛ راي سىناش جەدۋىلى، سان - سىپىرلىق خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇللىرىدىن گۇمانلانغان؛ جەمئىيەتشۇناسلارنى تەتقىقاتقا بەند بولۇپ كېتىپ، ئىنسان ئازابلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىققا چاقىرغان.

## ئىلمىي ئەمگەكنىڭ يېتەكچى پرىنسىپلىرى

س. رايت مىللىس ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زىيالىيلارنى خىزمەتنى تۇرمۇشتىن ئايرىپ قارىماسلىققا دەۋەت قىلغان. مىللىسنىڭ قارىشىچە، بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەسقاتىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئۇ ئىلمىي تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ھاياتىغا تەتبىقلىيالىسا ھاياتى تېخىمۇ مەزمۇنلۇق بولىدۇ. ئۇ يەنە بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ يېتەكچى پرىنسىپلىرىغا خۇرۇچ بولىدىغان تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى مۇھىم دەپ قارايدۇ:

بىرىنچى، بىر ئىلىم ئىگىسى ئۆزىنىڭ شەخسىي، كەسپىي ۋە ئىلمىي سەرگۈزەشتىلىرىنى توپلايدىغان ئارخىپ تۇتۇشى كېرەك. بۇنداق ئارخىپ كەچۈرمىش ئامبىرى قۇرۇشقا، ھۆججەت - ماتېرىياللارنى رەتلەشكە ۋە يېزىقچىلىق ئادىتى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق.

ئىككىنچى، بىر ئىلىم ئىگىسى پىكىر قىلىپ يولۇققان مەسىلىلىرى ھەققىدە ئىزچىل ئويلىنىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، بىر ئىلىم ئىگىسى ناچار يېزىلغان بىرەر كىتابنى ئوقۇپ سالسا، ئۇنىڭدىن تەپەككۇرنى بىلەيدىغان، تېخىمۇ ياخشى كىتاب يېزىش ئۈچۈن قاڭقىيدىغان ئۈتكۈنچى

جەريان سۈپىتىدە پايدىلىنىشى كېرەك. كىتاب ئوقۇش — ئەستايىدىللىق تەلەپ قىلىدىغان ھەم تۇرمۇشقا تەتبىقلاشنى كۆتىدىغان بىر جەريان. ئەمما، ئوقۇش بىلەن ئوقۇماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ياخشى ساقلاش زۆرۈر. بىر ئادەم قانداق ۋاقىتتا ئوقۇش بىلەن قانداق ۋاقىتتا ئوقۇماسلىقنى بىلىشى كېرەك. بىرلا ۋاقىتتا بەك جىق كىتابقا ئېسىلىۋېلىشنىڭ ئادەمنى مۇستەقىل پىكىر قىلىشتىن ئايرىپ تاشلاش خەۋپى بار.

تۆتىنچى، خاتىرە قالدۇرۇش ۋە بۇ جەريانىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش داۋامىدا كىتابتىن كەلگەن ئىلھاملارنى يۇغۇرغان ئاساستا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتنىڭ پىلانىنى تېزىس شەكلىدە بولسىمۇ تىزىش كېرەك. بۇ جەرياندا كاللىدىكى ئىدىيەلەر، قوللانماقچى بولغان مېتودلار يېغىلىپ، رەتلىنىپ ماڭىدۇ ۋە تەسەۋۋۇر قوزغىلىدۇ.

بەشىنچى، يېڭى ئاتالغۇ، سۆزلەرگە دىققەت قىلىش ۋە شۇ جەرياندا ئۇنى ياشاۋاتقان دۇنياغا تەتبىقلاپ مۇلاھىزە قىلىشقا، چۈشىنىشكە تىرىشىش كېرەك.

ئالتىنچى، تەسەۋۋۇرنى ئىشقا سېلىپ، دۇنيانى باشقىلارنىڭ مەۋقەسىدىن تۇرۇپ كۆزىتىشكىمۇ ماھىر بولۇش زۆرۈر. مەسىلەن، بىر سىياسىيشۇناس، بىر تارىخشۇناس، بىر بىيولوگنىڭ تەتقىق قىلىنىۋاتقان مۇئەييەن بىر تېمىدا قانداق ئويلايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش ئىلىم ئىگىسىدىن جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر تەلەپ قىلىدۇ.

يەتتىنچى، بىر ئىلىم ئىگىسى مۇئەييەن بىر تېما ھەققىدە قىياس - پەرەز قىلىش باسقۇچىدا تۇرغىنىدا تەسەۋۋۇرنى ئاخىرقى چەككىچە ئىشقا سېلىشتىن ئايانماسلىقى زۆرۈر.

سەككىزىنچى، بىر ئىلىم ئىگىسى ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى

مۇمكىنقەدەر ئاددىي، بىۋاسىتە، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەشكە تىرىشىشى لازىم. بىر ئوقۇرمەنگە تەسىر قىلمىدىغىنى ئىدىيەنى ئىپادىلەشتىكى ئۇسۇلدۇر. ئەگەر بىر ئىلىم ئىگىسى گۆڭگا تەپەككۇرغا كۆنسە ۋە چۈشىنىكسىز تىل ئىشلەتسە، ئەڭ ئاخىرى ئۇ مۇشۇ سەۋەنلىكنىڭ چۈشەكلىرىدىن قۇتۇلالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

س. رايت مىللىسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئىدىيە شەخسنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن، هاياتلىق دەستۇرىدىن دېرەك بېرىدۇ. قىزغىنلىق بىلەن ياشاش — قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەش ۋە پىكىر قىلىش دېگەنلىكتۇر. تۇرمۇش، خىزمەت ۋە پىكىر بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

## ئاق ياقىلىقلار ۋە ياتلىشىش

س. رايت مىللىسنىڭ قارىشىچە، ئۆتمۈشتە ئىشلىگەن كىشىلەر جىسمانىي ئەمگەكنىڭ جاپاسىدىن بېرى كېلەلمىگەن بولسا، بۈگۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلار ئۆزىنىڭ ئىشلەۋاتقان ئىشىدىن ياتلىشىپ، بىر خىل پىسخولوگىيەلىك ۋەسۋەسىدە يۈرۈۋاتىدۇ. مىللىس بۇ يەردە ئاساسلىقى ئىدارە - ئورگانلاردا، كارخانىلاردا، تەشكىلاتلاردا ئىشلەۋاتقان ئاق ياقىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنى ھېسسىياتسىز، ئاۋام مەدەنىيىتىگە يەم بولغان پۈرسەتپەرەس كىشىلەر دەپ ئاتايدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈنكى دۇنيادا ھوقۇقدارلار ھەمىشە قولىدىكى ھوقۇقنى قېلىپلاشقان بىر ئۇنسىز ئەندىزە ئىچىدە ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھوقۇق ئىگىلىرى ھوقۇق ئىشلەتكۈچىدىن بويسۇندۇرۇلغۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ... ئۇلارنىڭ ھوقۇقى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىلىرىدا كۆمۈلۈپ كېتىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر يۈرۈشۈۋاتقان ئىشلارغا كاتالىزاتور بولۇۋاتقان

www.uyghurkitap.com

نوپۇزنىڭ مەنبەسىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا ھېچكىم چىنپۇتمەيدۇ.»

چوڭ ئورگانلاردا، كارخانىلاردا كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇۋاتقان ئاق ياقىلىقلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلارنى كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئاق ياقىلىقلار ئارىسىدا جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى، جامائەتچىلىك ئېڭى ئىشلىمەيدىغان بولغاچقا، نوپۇزى، ئىجتىمائىي ئورنى بارلار ھەمىشە ۋاكۇئۇم ھالەتتە تەۋرىنىپ ياشايدۇ. مىللىسنىڭ قارىشىچە، «ئىجتىمائىي مەرتىۋە بىلەن غۇرۇر چەمبەرچاس باغلانغان. ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرى يوقالسا، كىشىلەردىكى غۇرۇر تۇيغۇسى ئۆلىدۇ ۋە ئۇلار بىر خىل ۋەسۋەسىگە گىرىپتار بولىدۇ.» بۇ يەردە ئۇنىڭ مەۋقەسىنىڭ ئېمىل دۇركىمنىڭ فۇنكسىيىزم ئانالىزىغا ـــ «زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدىكى بىر جەمئىيەت ئىجتىمائىي مىزانلارنىڭ يىمىرىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزىرىگە ياندىشىۋاتقانلىقى بىلىنىدۇ. «خاسلىق تەلەپ قىلىۋاتقان جىمىكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ۋە خاس ئالاھىدىلىكلىرى مەھسۇلات يارىتىش جەريانىغا يەم بولىدۇ... بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىدىن ياتلىشىدۇ.»

مىللىسنىڭ ياتلىشىش ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇنىڭ خاراكتېر ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە يۈرگۈزگەن تەھلىللىرىنى مەنبە قىلغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى سۈنئىي ھاياجان پەيدا قىلىدۇ، ھەقىقىي ھۇزۇر ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنى بىتچىت قىلىدۇ.» تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلغان، تارماقلارغا بۆلۈۋېتىلگەن خىزمەت ئورۇنلىرى ئاق

ياقىلىقلارنى جەمئىيەتنىڭ قانداق يوروشىدىغانلىقىنى بىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ.

## هوقۇق سەرخىللىرى

مىللىسنىڭ قارىشىچە، كەڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەڭ بىر جەمئىيەتتە هوقۇق مەركەزلىشىشكە يۈزلىنىدۇ. چوڭ شىركەتلەر، ئارمىيە ۋە تەشكىلاتلار بىر - بىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «هوقۇق سەرخىللىرى» ناملىق كىتابىدا بۇ هەقتە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ ۋە ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ئامېرىكىنىڭ هوقۇق سەرخىللىرى گۇرۇھىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئامېرىكا جەمئىيىتىدە دۆلەتنىڭ هوقۇقى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە هەربىي گۇرۇھلارنىڭ قولىدا... ئاشۇ ئۈچ گۇرۇھنىڭ هەر بىرىدە تۈزۈم كېڭەيدى، مەمۇرىيەت ئەندىزىسىگە چۈشتى ۋە هوقۇقنىڭ مەركەزلىشىشىگە تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە قارار بەلگىلىگۈچى هوقۇق سەرخىللىرىنىڭ قولىدىكى ئىمتىيازى زورايدى.»

ئومۇمەن، مىللىس ماركسىزم جەمئىيەتشۇناسلىقىغا ۋە سەرخىللار نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئىدىيەلىرىگە ياندىشقان هالدا جەمئىيەتنى هوقۇقسىزلار بىلەن هوقۇقدارلار ئارىسىدا ئېنىق چەك - چېگرا پەيدا قىلغان قۇرۇلما سۈپىتىدە كۆزىتىدۇ؛ ئادەملەرنىڭ ئاۋام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە كۆزى ئوچۇق قارىغۇغا ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىدىن ياتلىشىدىغانلىقىنى ماركسىزمچىلار، يېڭى ماركسىزمچىلار نۇقتىسىدىن شەرھلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنئەنىۋى ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ بارغانچە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقىنىدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com


**نەقىل مەنبەلىرى:**

1. س. رايت مىللىس: «جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر»، 1959 ـ يىلى نەشرى.

C. Wright Mills . 1959 . The Sociological Imagination, New York : Oxford University Press .

2. س، رايت مىللىس: «ئاق ياقىلىق ئامېرىكىلىقلار»، 1951 ـ يىلى نەشرى.

C . Wright Mills . 1951 . White Collar: The American Middle Classes . New York : Oxford University Press .

3. س. رايت مىللىس: «خاراكتېر ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، 1953 ـ يىلى نەشرى.

C . Wright Mills . 1953 . Character and Social Structure . New York : Harcurt Brace .

4. س. رايت مىللىس: «هوقۇق سەرخىللىرى»، 1958 ـ يىلى نەشرى.

C . Wright Mills . 1958 . The Power Elite . New York: Oxford University Press .


**تېكست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| C. Wright Mills | (1962 — 1916) | س. رايت مىللىس |
| Talcott Parsons | (1979 — 1902) | تالكوت پارسونس |
| Emile Durkheim | (1917 — 1858) | ئېمىل دۇركىم |
| Max Weber | (1920 — 1864) | ماكس ۋېبېر |

**تېكست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

جەمئىيەتشۇناسلارچە تەسەۋۋۇر

Sociological Imgination 社会想象力

Power Elite 权利精英 ھوقۇق سەرخىللىرى

White Collar 白领阶层 ئاق ياقىلىقلار

ئابستراكت تەجرىبىچىلىك

Abstract Empiricism 抽象经验论

Grand Theory 通用理论 ھەممىباب نەزەرىيە

Alienation 异化，疏远 ياتلىشىش

Bureacracy 官僚主义 بىيۇروكراتلىق

شەخسنىڭ دىشۋارچىلىقى

Personal Troubles 个人的忧虑

Public Issues 公众问题 ئومۇمنىڭ مەسىلىسى

Social Thougth 社会思想 ئىجتىمائىي ئىدىيە

پسىخىكىلىق ۋەسۋەسە

Psychological Malaise 精神上的抑郁感

خاراكتېر ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما

Character and Social Structure 人格与社会结构

Elite Theorist 精英理论家 سەرخىللار نەزەرىيەچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئون ئۈچىنچى باب

# ئېرۋىك گوفمان (1922 ــ 1982): ئۆزلۈك ۋە ھايات

## نېمىشقا ئېرۋىك گوفمان ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتى بىيولوگىيەلىك ئېھتىياج تۈپەيلى قىلىنىۋاتقان ھەرىكەت ئەمەس ۋە ياكى نوقۇل ھالدا مىجەزنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قىلىنىۋاتقان ھەرىكەتمۇ ئەمەس، بەلكى بىر قاتار جىپسىلاشقان سىمۋوللۇق ئىپادە. سىمۋول، مەنىلەردىن تەشكىل تاپقان ھەرىكەتتۇر. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىدە ھايات سەھنىلىك، ئادەم ئارتىسلىق رولىنى ئالىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھايات سەھنىسىدە بىز ھەممىمىز ئارتىس. ئېرۋىك گوفمان ئىلمىي جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودلىرىنىڭ ياردىمىدە ئادەملەرنىڭ ئارتىس كەبى ئارتتۇرىدىغان ھەرىكەتلىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرگەن. نورمۇشتا جەلپكار تويۇلۇۋاتقان ئادەملەر ــ رولىنى ياخشى ئالغان ئادەملەردۇر. گوفماننىڭ تەھلىللىرىدە ئىنسان رول ئالغۇچى، ئۆرپ ـ ئادەت، مەنە، قىياپەت، قاتارلىقلارنى روياپقا چىقىرىش داۋامىدىكى ئارتىسلاردۇر.

بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئېرۋىك گوفماننىڭ نەزەرىيەلىرىنى ئۇنتۇلغانلار ۋە چەتكە قېقىلغانلار جەمئىيەتشۇناسلىقى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىيەلىرىدە ئوڭايسىزلىق، بىئارامچىلىق، ئۆزىنى تونۇش،

خىجالەتچىلىك، روھىي كېسەل، سەتچىلىك قاتارلىق تۈرلۈك نۇقتىلار تۇتقا قىلىنغان. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتنىڭ جەلپكار كارتىنىلىرىدىن چەتتە قالغان ئادەملەرنى ـــ زەھەر چەككەنلەرنى، تاپتىن چىققانلارنى، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلارنى، كېچىلىك چارلاشقا چىققان ساقچىلارنى كۆزىتىش ئوبيېكتى قىلغان. گوفماننىڭ ماكرولۇق، مىكرولۇق تەھلىللەر ئارىلىشىپ كەتكەن نەزەرىيەلىرى بىزنى كىشىلەر يۈزمۇيۈز ئالاقە قىلغان چاغدىكى ئۇنىسىز مەسىلىلەردىن ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئېرۋىڭ گوفمان نەزەرىيەلىرى كۈندىلىك ھايات جەمئىيەتشۇناسلىقى دائىرىسىگىمۇ كىرىدۇ. ئەمما، ئالفرېد شۈتىس بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گوفمان نەزەرىيەلىرى ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇسىدىن كۆرە، يۈزمۇيۈز ئالاقىنىڭ سىرىنى يېشىپ بەرگەن ۋە سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسىدىكى «ئادەم ئاكتىپ ھەرىكەت ئىجراچىسى، ئۇ قىلماقچى بولغان ھەرىكىتىنى دەڭسەپ، تاللاپ بولغاندىن كېيىن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدۇ» دېگەن باش تېمىدىن چەتنىگەن. گوفماننىڭ نەزىرىدە، ئىجتىمائىي تەرتىپ ھەمىشە مۇھىم بولمايدۇ ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئېرۋىڭ گوفمان 1922 ـ يىلى كانادانىڭ ئالبېرتا ئۆلكىسىدىكى مەننىۋېل شەھىرىدە تۇغۇلغان، باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى 1945 ـ يىلى تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىنى 1949 ـ، 1953 ـ يىللىرى چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالغان. دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىپ پۈتكۈز-

گەندىن كېيىن ئۇستازى خېربېرت بلۇمېرنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بېركلىي شۆبىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1969 ـ يىلى پېنسىلىۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇتقۇچى بولۇش ھەققىدىكى چاقىرىقنى تاپشۇرۇۋالغان. ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر شۇ مەكتەپتە ئىشلىگەن. 1982 ـ يىلى ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان، ئەمما كېسەل سەۋەبىدىن بۇ ۋەزىپىنى ئۆتىيەلمەي شۇ يىلى ۋاپات بولغان. ئېرۋىڭ گوفماننىڭ ئەسەرلىرىدىن «كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزلۈك ئىپادىسى» (1959 ـ يىلى)، «ئۇچرىشىش» (1961 ـ يىلى)، «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» (1961 ـ يىلى)، «ئاممىۋى سورۇندىكى ھەرىكەت» (1963 ـ يىلى)، «ئەيىبناق: بۇلغانغان كىملىك ھەققىدە خاتىرىلەر» (1963 ـ يىلى)، «مۇراسىم: يۈزمۇ يۈز ئالاقە ھەققىدىكى ماقالىلەر» (1967 ـ يىلى)، «رامكا ئانالىزى» (1974 ـ يىلى)، «جىنس ئېلانى» (1979 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

## قالپاق نەزەرىيەسى

قالپاق نەزەرىيەسى جەمئىيەتتىكى تاپتىن چىقىش قىلمىشلىرىغا قايتۇرۇلغان ئىجتىمائىي ئىنكاسنىڭ كىشىلەرنىڭ باشقىلار قەلبىدىكى ئوبرازىغا، ئۆزلىرى ھەققىدىكى تونۇشىغا ۋە كۆز ئالدىدىكى پۇرسەتلەر، ئىمكانىيەتلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى نەزەرىيەدۇر. ئەمەلىيەتتە ئاشۇ خىل ئىجتىمائىي ئىنكاسنىڭ تاپتىن چىقىش قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ بەك ئەۋج ئالدۇرۇش ئېھتىماللىقى زور. بىر جەمئىيەت تاپتىن چىققانلارنى سىقىپ چىقىرىش، ئۇلارنى يامان ئاتاققا قويۇش ۋە پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالدۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ



www.uyghurkitap.com

جىق تاپتىن چىقىش قىلمىشلىرىغا يول ئاچىدۇ.

ئېرۋىڭ گوفمان روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا يېزىپ چىققان ئىلمىي ئەسىرى («روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى» ناملىق كىتابى) ئارقىلىق قالپاق نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان. ئۇ روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا بىرەر يىلدەك ئىشلەش داۋامىدا روھىي كېسەللەرنى بىمار سۈپىتىدە ئەمەس، دۆلەتنىڭ تۈزۈلمە مېخانىزمىدىكى يەككە گەۋدە سۈپىتىدە كۆزەتكەن. ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى دوختۇرخانىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتىدىكىلەردىن باشقىلارغا بىلدۈرمەي، روھىي كېسەللەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش تۈرىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بىمارلار بىلەن يېقىندىن ئارىلاشقان ۋە ئەمەلىي پاكىت، دەلىل - ئىسپات ئاساسىدا مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن: «روھىي كېسەللەر جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش رول ئالغۇچىلاردۇر؛ روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى بولسا ئەمەلىيەتتە بىمارلار ساقىيىدىغان جاي ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىن قانداق بىنورمال بولۇشنى ئۆگىنىدىغان جايدۇر.»

ئېرۋىڭ گوفمان ئانالىزلىرىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى ئۇنىڭ ئۆزلۈك ھەققىدىكى مودېللىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ جورج خېربېرت مىدنىڭ ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزلۈكنى ئىجتىمائىيلىقنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىغان. بىر ئادەم ھەرگىزمۇ يەككە - يېگانە گەۋدە ئەمەس، بەلكى باشقىلار بىلەن بىر ئۆمۈر ئارىلىشىپ ياشاش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان سۇبيېكتتۇر. يالغۇزلۇق ھايۋاننىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكىدۇر. ئادەم جەمئىيەتتە باشقىلار بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقىگە قاتنىشىش داۋامىدىلا ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ماھىيىتىنى ھېس قىلىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزلۈكى باشقىلارنىڭ باھاسىنىڭ، ئىنكاسىنىڭ ھاسىلاتىدۇر. شۇنىڭدەك، ھەربىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆزلۈك ئوبرازىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

«جەمئىيەت بىر ـ بىرى بىلەن كىرىشكەن قوللارغا ئوخشايدۇ؛ ئاشۇ كىرىشمىدە بىر ئادەم باشقىلار سول قولىدا بەرگەن نەرسىنى ئوڭ قولىدا ئېلىشى مۇمكىن.»

ئادەتتە بىر ئادەم ئۆزى ھەققىدىكى تونۇشىنى ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇھىتتا باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق ھېس قىلىدۇ. ئەمما، روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ھايات بىر قېلىپ ئىچىدە داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭدا بىر ئادەم ئۆزىنى يا دوختۇر، يا بىمار دەپ كاتېگورىيەلەشتۈرۈۋېتىلگەن بىر مۇھىت ئىچىدە ھېس قىلىدۇ. بىمارلارنى بىنورمال ياكى ئاجىز دېگەن قاراش ئورتاق تونۇشقا ئايلانغان. دوختۇر ۋە باشقا خىزمەتچى خادىملارغا بىمارلارنى ئەھۋالغا قاراپ كونترول قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن. دوختۇرخانىدا باشقۇرۇش ھوقۇق مەسئۇلىيىتى ئېنىق ئايرىلغان؛ بىمارلارنى قاچان غىزالاندۇرۇشتىن تارتىپ قاچان كىيىندۇرۇشكىچە، قاچان ئارام ئالدۇرۇشتىن تارتىپ قاچان داۋالاشقىچە ھەممىسى ئېنىق تۈزۈملەشتۈرۈلگەن. بەزىدە بىمارلار مەجبۇرىي يوسۇندا مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ زوراۋانلىق قىلىشى، بىر نەرسىلەرنى ئۇرۇپ چېقىشى چەكلەنگەن. ئادەتتە روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا بىمارلارغا ئۆزىنى ھۆرمەتلەش تۇيغۇسى، ئەركىنلىك تۇيغۇسى يوق كىشىلەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىنىڭ بارلىق تۈزۈملىرى، باشقۇرۇش مېخانىزملىرى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا دوختۇرلار ساقايتىشنى نىشان قىلغان كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى بىمارلار ساقىيىدىغان جاي ئەمەس، بەلكى بىنورمال بولۇشنى ئۆگىنىدىغان جايدۇر. گوفماننىڭ بۇ خىل ئانالىزى دۆلەت تۈزۈملىرىدىكى كىنايىلىك ئېلېمېنتلارنىڭ ناتوغرا قىلمىش سادىر قىلغانلار ياكى تاپتىن چىققانلارنى تەربىيەلەش، تۈزىتىشتىن ئىبارەت بىر ياخشى مۇددىئانى يوققا چىقىرىدىغانلىقى، سۇبيېكتقا بەلگە چاپلاپ ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى سەلبىي تو-

نۇشنى مۇقىملاشتۇرىدىغانلىقى ۋە بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ زور بىنورماللىقلارغا يول ئاچىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيە-تىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىر پاھىشە تۇغۇلۇشىدىلا تېنىنى ساتىدىغان قىز سۈپىتىدە تۇغۇلمىغان. بىر يانچۇقچى يانچۇقچىلىقنى ئۆزى ئۆگىنىۋالمىغان. بىر پاھىشىگە، بىر ئوغرىغا چاپلىنىدىغان بەلگە، يامان ئاتاق جەمئىيەتتىن كەلگەن. گوفماننىڭ بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەرگەن تەھلىللىرى بىزگە شۇنى ھېس قىلدۇرىدۇكى، جىمى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرى، ئىجتىمائىي ئورنى ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ مەھسۇلى. شۇ تۈپەيلى، تاپتىن چىقىش قىلمىشلىرى ئىجتىمائىي بىنورماللىق تېمىسى ئاستىدا چۈشەندۈرۈلمەستىن، سۈبيېكتقا ھەر خىل يامان ئاتاقلارنى چاپلاۋاتقان، ئۇلارنى ياغلىق قاپاق ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرغان ئىجتىمائىي توپ نۇقتىسىغا قويۇلۇپ ئىزاھلىنىشى كېرەك.

## ئۆزلۈك ئىپادىسى ۋە كومېدىيەلىك ھايات

«كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزلۈك ئىپادىسى» گوفماننىڭ تۇنجى ئىلمىي ئەمگىكى بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئورنىنى تىكلىگەن ۋە «كومېدىيەلىك ھايات نەزەرىيەچىسى» دەپ تەرىپلىنىشىگە ئاساس بولغان مۇھىم ئەسەر. ئۇنىڭ بۇ كىتابىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئادەملەر ئىجتىمائىي ئالاقىدە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىنكاس قايتۇرۇشى، باھا بېرىشىگە ئاساس بولىدىغان يىپ ئۇچىنى، ئۇچۇرلارنى تەمىنلەيدۇ. ئەنە شۇ يىپ ئۇچى ۋە ئۇچۇرنىڭ ياردىمىدە ئادەملەر ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنى كۆڭلىدە چۈشىنىدۇ ھەم شۇ ئاساستا ھەرىكەتكە ئۆتۈشنىڭ پىلانىنى تۈزىدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىتنى ئۆز كۆڭلىدە دەڭسەش

داۋامىدا، كىشىلەر قىياپەتلىرىنى، چىراي ئىپادىسىنى كونترول قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ھەر خىل يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى باشقىلارغا كۆرسىتىدۇ، ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەش جەريانى سەھنىدە رول ئېلىشقا ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان تۆۋەندىكى بىرقانچە ھالقىنى باشتىن كەچۈرىدۇ:

بىرىنچى، «ئالدى سەھنە»دىكى ئويۇن. «بۇ ئالدى سەھنىدە ماددىي گەۋدىنى تەشكىل قىلىدىغان ئېلېمېنتلار (زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلار) ۋە سەھنە تۇۋرۇكلىرى بولىدۇ. ئادەم ئويۇن قويۇۋاتقاندا ئۆزلۈكىنى ئىپادىلەيدىغان تەركىبلەر (ھېسسىيات، ئېنېرگىيە ۋە باشقىلار) ۋە تەق - تۇرۇق قاتارلىق ئېلېمېنتلارمۇ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. يۈرۈش - تۇرۇش ئارقىلىق بىر ئادەم يەنە باشقىلارغا ئۆزىنى باھالايدىغان ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.»

ئىككىنچى، ئالدى سەھنىدە ئويۇن قويغاندىن تاشقىرى، ئادەملەر يەنە ھەر خىل قىياپەتلەرنى چىقىرىدۇ. گوفمان بۇ جەريانىنى «كومېدىيە قويۇش جەريانى» دەپ ئاتىغان. بۇ جەرياندا ئادەملەر ئۆزى ئىشتىراك قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتا بىر قاتار بەلگە - ئىشارىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. «مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مۇھىت ئالدى سەھنە ھازىرلىمىسا بولمايدىغان مەسىلە پەيدا قىلىغانسېرى، ئادەملەر ‹كومېدىيەلىك ئويۇن قويۇش›قا بەك كۆچەيدۇ.»

ئۈچىنچى، ئوبيېكتنى تەسەۋۋۇردا يۇغۇرۇش جەريانى. يەنى، بۇ جەرياندا ئادەملەر «جەمئىيەتتە مۇھىم بىلىنىدىغان، قوغلىشىلىدىغان قىممەت قارىشىنى ھېس قىلىدۇ ۋە تەسەۋۋۇرىدا پىشۇرىدۇ.» ئادەملەر يېڭى بىر مۇھىتقا قەدەم باسقاندا، يېڭى بىر جايدا بولغاندا تەسەۋۋۇرىدا يۇغۇرىدىغان نەرسىلەرگە شۇنچە كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى جاي ئادەملەرنىڭ ئالدىغا يەنە بىر مەسىلە تاشلايدۇ:

ئادەملەر يېڭى ئوبيېكتلارنى تەسەۋۋۇردا يۇغۇرۇۋاتقان چېغىدا ئۆز يۇرۇش - تۇرۇشىدىكى شۇ يەرنىڭ ئومۇمىي قىممەت قاراشلىرىغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىنى كۈچەپ يوشۇرىدۇ، كونترول قىلىدۇ ياكى بېزەپ كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، يۇرۇش - تۇرۇشتىكى سورۇنغا ماس كەلمەيدىغان تەركىبلەرنى يوشۇرۇش تىرىشچانلىقى «ئىپادىنىڭ ئىزچىل بولۇشىغا كۈچەش» جەريانىنىڭ بىر قىسمىدۇر. سەۋەبى، يۇرۇش - تۇرۇشتىكى كىچىككىنە بەلگە - ئىشارەتلەرمۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ۋە شۇ مۇھىتتىكى ئەھۋالنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا، ئادەملەر ئىجتىمائىي ئالاقىگە قاتناشقان چاغدا مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكىتىنى، ھەرىكەتلىرىدىن كېلىۋاتقان ئۇچۇرلارنى، ئالدى سەھنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ۋە مۇھىتقا ماسلىشىشىنى كونترول قىلىپ بىر ئەندىزىگە سېلىشى كېرەك. سەۋەبى، ھەرىكەت بىلەن ئىپادە ئوتتۇرىسىدا ئازغىنە ماسلىشالماسلىق كۆرۈلسىمۇ ئىجتىمائىي ئالاقىنى تەسىرگە ئۇچرىتىشى مۇمكىن. گوفمان مۇنداق يازىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ رېئاللىقنى ھېس قىلىۋاتقان چاغدىكى تەسىرات باشقۇرۇش جەريانى ھوشيارلىق، چېچەنلىك تەلەپ قىلىدۇ. ئازغىنە سەۋەنلىكمۇ ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ئادەمنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن.»

بەشىنچى، ئادەملەر ئالاقىدە «كۆز بوياش»قىمۇ مەجبۇر بولىدۇ. يەنى، ئادەملەر بىر ئادەمنى قىياپىتى، يۇرۇش - تۇرۇشى ئارقىلىق چۈشىنىشكە ۋە شۇ ئاساستا ئۇنىڭغا باھا بېرىشكە ئالدىرايدىغان بولغاچقا، ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ تاشقى تۇرقىدىكى ئېلېمېنتلارغا ئالدىنىپمۇ قالىدۇ.

ئالتىنچى، ئادەملەر ئالاقىدە ئۆزىنى سىرلىقلاشتۇرۇشقا

www.uyghurkitap.com

تىرىشىدۇ؛ باشقىلارنى ئەيمەندۇرۇش ياكى ئۆزىگە ئىجابىي باھا بەرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن مەقسەتلىك ئارىلىق تاشلايدۇ. ئۆزىنى سىرلىقلاشتۇرىدىغانلار كۆپىنچە ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى، نوپۇزى بار كىشىلەردۇر.

يەتتىنچى، ئادەملەر ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئۆز ھەرىكەتلىرىنى تەبىئىي كۆرسىتىشكە، باشقىلارغا سۇنئىي تەسىر بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ. بۇ ھال ئادەملەردىن باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكىتىنىڭ سەمىمىي، تەبىئىي بولۇشىنى، سۇنئىيلىك قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجتىمائىي ئالاقىگە قاتنىشىش ئۈچۈن دۇچ كېلىدىغان يۇقىرىقى ھالقىلارنى يېشىپ بېرىش ئېرۋىڭ گوفمان جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات نىشانىدۇر.

## رامكا ئانالىزى

ئېرۋىڭ گوفمان ئۆزىنىڭ «كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزلۈك ئىپادىسى» ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە رامكا ئۇقۇمى ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزگەن. بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى «رامكا ئانالىزى» ناملىق كىتابىدا تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈلگەن. رامكا ئانالىزىنىڭ ئاساسلىق يادروسى شۇكى، «ئادەملەر ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئىشلارنى، ھەرىكەتلەرنى ئىچكى دۇنياسىدا رامكىلاش ئارقىلىق ياكى خىيالەن سىزىۋالغان ئىسخېمىسى ئارقىلىق چۈشىنىدۇ.» بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان رامكا شۇنداق رامكىكى، ئۇنىڭدا دۇچ كەلگەن ئىشلار ھەققىدىكى تونۇش ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى ئېنىق ئايرىلغان. ھەرىكەت ئىگىسى ئەتراپىدىكى مۇھىتنى زۆرۈر ئېلېمېنتلارنى چەككىلەش، پىرىسلاش، سىنتېزلاش ئارقىلىق ئاشۇ تونۇش رامكىسىغا كىرگۈزگەن.

ئادەملەر ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي مۇھىت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئاۋۋال خىيالىدا رامكىلايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق ئېلېمېنتلارنى تاللىۋېلىپ باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىش ياكى ئۇلارنى ئالداش ئۈچۈن يېڭى رامكىلارنى پەيدا قىلىدۇ. بىر ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئادەملەرنىڭ ئاشۇ خىل تىرىشچانلىقلىرى تولۇق ئەكس ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەملەر ئوبيېكتنى چۈشەنمەسلىكى، خاتا ياكى يېرىم-يارتا چۈشەنگەنلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى خىيالىدا ئىجتىمائىي مۇھىت ھەققىدە خاتا رامكىلارنى پەيدا قىلىشتىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. بۇنداق خاتا رامكىلانغان تونۇش ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ روھىي دۇنياسىدا بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كېيىن ھەرىكەت ئىجراچىسى ئىجتىمائىي مۇھىتتىن كېلىۋاتقان ئۇچۇرلارنى قايتىدىن تەھلىل قىلىش، تونۇش ئارقىلىق روھىيىتىدە يېڭى بىر تونۇش رامكىسى يارىتىدۇ. كونا رامكىنى بىراقلا يوق قىلىۋېتىش بەكلا تەس ئىش. يېڭى تونۇش رامكىسى بارلىققا كەلمىگۈچە ئادەم خاتا بولسىمۇ كونا رامكىنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋېرىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، رامكىلاش مۇرەككەپ بىر جەريان. كىشىلەر ھېس قىلىۋاتقان دۇنيا نۇرغۇن قاتلاملارغا، بۆلەكلەرگە ئايرىلغان. شۇڭا، ئۇنى بىراقلا توغرا چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ سىمۋوللاردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى، ئوبيېكتنى قايتىدىن رامكىلاش جەريانى مۇرەككەپ ۋە كۆپ قاتلاملىق كەچۈرمىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەر ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئورتاق بىر ئىجتىمائىي مۇھىت ھەققىدە ئورتاق رامكىغا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. سەۋەبى، ئورتاق رامكا بولمىسا، بىر خىل ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئالاقىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.

## ئۆزلۈك، چىراي ئىپادىسى ۋە تەسىرات باشقۇرۇش

گوفماننىڭ نەزىرىدە ئۆزلۈك مۇقىم بولمايدۇ، ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ ۋە تاسادىپىيلىقتا باي بولىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ ئىنكاسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. گوفمان ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىدە ھەممىلا ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان ئۆزلۈك تونۇشىنىڭ بولىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىدۇ ۋە ھەممىلا ئەسەرلىرىدە دېگۇدەك «ئادەملەرنىڭ كىملىكى، ھەرقايسى ئىجتىمائىي مۇھىتلاردا كۆرسىتىۋاتقان ئۆزلۈك ئىپادىسى مۇقىم بولمايدۇ» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن، ئۇ «رامكا ئانالىزى» ناملىق ئەسىرىدە «كىشىلەر ئىجتىمائىي ئالاقىدە ھەرىكەت ئىپادىسى، يۈرۈش - تۇرۇشى ئارقىلىق باشقىلارغا بىردەكلىك تۇيغۇسى بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئەمما، رېئاللىقتا ئەھۋال بۇنداق بولۇپ كەتمەيدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

گەرچە ھەممىلا ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان ئۆزلۈك بولمىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىشقا كۈچىشى ۋە باشقىلارنىڭ ئاشۇ ئوبرازلارغا بولغان ئىنكاسى جىمى ئالاقىلەرنىڭ كاتالىزاتورلىرىدۇر. چۈنكى، كىشىلەر ھەرىكەت، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى تونۇشىغا ئاساس بولىدىغان ئۇچۇرلارنى، يىپ ئۇچىنى ئاشكارا قىلىدۇ: «ئۇنلۈك ۋە ئۈنسىز ھەرىكەت مودېللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىت ھەققىدىكى تونۇشىنى نامايان قىلىدۇ ھەم شۇ دەقىقىدە يەنە ئۆزى ۋە باشقا ئالاقىگە قاتنىشىۋاتقان كىشىلەرنى باھالايدۇ.» بۇ جەرياندا يەنە مەلۇم بىر چىراي ئىپادىسىنى رېئاللىقتا كۆرسىتىدۇ. «چىراي ئىپادىسى بىر ئادەمنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە رېئاللىقنى، ئىجتىمائىي مۇھىتنى دەڭسىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ ھەم ئۇ ئادەمنىڭ

ئىجتىمائىي مىزانلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئىجتىمائىي ئالاقىدە سورۇنغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان چىراي ئىپادىسىدە بولسا ۋە ئىپادە بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك يەردە مۇۋاپىق چىراي ئىپادىسىدە بولمىسا، باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا، بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي يۈزى ئۆزىنىڭ ئەڭ خۇسۇسىي مۈلكىدۇر ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ، بەختەرلىكىنىڭ يادروسىدۇر. بۇ يۈز جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئارىيەت بېرىپ تۇرغان نەرسىلەر ئاساسىدا ئەنە شۇنداق بىر ئىپادىگە كەلگەن.»

گوفمانىنىڭ قارىشىچە، ئادەملەرنىڭ ئۇچرىشىشلىرىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل ئۇلاردىكى ئۆزلىرىنى ھۆرمەتلەش ئېڭىدۇر. ئۇ ئادەملەردىن سورۇنلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا يارىشا مەلۇم بىر خىل چىراي ئىپادىسىگە ئىگە بولۇشنى ۋە باشقىلارنىڭ چىراي ئىپادىسىگىمۇ ئۆزىنى ھۆرمەتلەش ئارقىلىق ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «چاقچاقلارنى جايىدا كەلتۈرۈش، سورۇنغا قاراپ گەپ قىلىش، مەنىلىك ئىشارىلەرنى قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن» ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ چىراي ئىپادىسىگە تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشىدۇ. ئادەملەرنىڭ چىراي ئىپادىسى جەمئىيەتتىن ئارىيەت ئېلىنغان ئېلېمېنتلار ئاساسىدا مۇئەييەن بىر شەكىلگە كېلىدىغان بولغاچقا، چىراي ئىپادىسىنى تۇيۇقسىز ئۆزگەرتسە ئوڭايسىزلىق پەيدا قىلىدۇ ياكى سورۇننىڭ يوسۇنى بۇزۇلىدۇ.

بىراۋنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كىشىلەر كۆز ئۇچرىشىشى ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلىدۇ. چىراي ئىپادىسىنى نامايان قىلىش داۋامىدا ئادەملەر يەنە ئەھۋالغا قاراپ ھەر خىل تاكتىكىلارنى ئىشلىتىدۇ؛ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مۇھىتتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىدۇ؛ بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ خاس چىراي ئىپادىسىگە ئىگە بولىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ چىراي ئىپادىسىنىمۇ ھېس قىلىدۇ.

نەقىل مەنبەلىرى:

1. ئېرۋىڭ گوفمان: «روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى»، 1961 ـ يىلى نەشرى.
Erwing Goffman . 1961 . Asylums . New York: Doubleday Anchor

2. ئېرۋىڭ گوفمان: «كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزلۈك ئىپادىسى»، 1959 ـ يىلى نەشرى.
Erwing Goffman . 1959 . The Presentation of Self in Everyday life

3. ئېرۋىڭ گوفمان: «رامكا ئانالىزى»، 1974 ـ يىلى نەشرى.
Erwing Goffman . 1974 . Framece Analysis . New York: Harper and Row .

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Erving Goffman | (1982 — 1922) | ئېرۋىڭ گوفمان |
| George Mead | (1936 — 1863) | جورج مىد |
| Herbert Blumer | (1987 — 1900) | خېربېرت بلۇمېر |

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Sybolic Interactionism | 互动论 | سىمۋوللۇق ئالاقە نەزەرىيەسى |
| Self and Society | 自我与社会 | ئۆزلۈك ۋە جەمئىيەت |
| Impression Management | 印象管理 | تەسىرات باشقۇرۇش |
| Presentation of Self | 自我呈现 | ئۆزلۈك ئىپادىسى |
| Face Work | 脸面 | چىراي ئىپادىسى |
| Frame Analysis | 框架分析 | رامكا ئانالىزى |

## ئون تۆتىنچى باب

# مىچېل فۇكاۋ (1926 — ): بىلىم ئارخېئولوگىيەسى ۋە ئىدىيە سىستېمىسى تارىخى

### نېمە ئۈچۈن مېچېل فۇكاۋ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

20 - ئەسىر دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى بولغان مىچېل فۇكاۋ — ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە، جۈملىدىن مەدەنىيەتشۇناسلىق، تارىخ، پەلسەپە، سىياسىي ئىلىم نەزەرىيەسى، پسىخىكىلىق داۋالاش، جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، زىلزىلە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن كۆپ قىرلىق ئالىم.

ئۇنىڭ روھىي كېسەل، تېبابەت، بىلىم، جازا، تۈزۈلمە، جىنسىيەت قاتارلىق تېمىلار ھەققىدىكى كۆپ قىرلىق ئىزدىنىشلىرى جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ئۇ تېمىلار ھەققىدىكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. گەرچە مىچېل فۇكاۋ جەمئىيەتشۇناس بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى بەزى يادرولۇق تېمىلارغا جەڭ ئېلان قىلدى. بەلكىم ئۇنى ئۆزى تاللىۋالغان «ئىدىيە سىستېمىسى تارىخچىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىساق تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. مىچېل فۇكاۋ ئىجتىمائىي دۇنيا ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە پۈتۈنلەي پەرقلىق بولغان پەلسەپىچە ئانالىز ۋە تارىخشۇناسلىق مېتودىنى ئۇستىلىق بىلەن يۇغۇرۇۋەتتى.

يۇقىرىقى نام ئۇنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسى بولۇپ، ئۇنىڭ قايسى كاتېگورىيەدىكى ئالىم ئىكەنلىكى ھەققىدە بولۇۋاتقان دەتالاشلارنىڭ ئارتۇقچە بولۇۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

مىچېل فۇكاۋنىڭ پۈتكۈل ئانالىزلىرىنىڭ مەركىزىدە بىرقانچە يادرولۇق نۇقتا بار بولۇپ، باشتىن - ئاخىر مەدەنىيەت، ئىنسانىيەتنى سۇبيېكت قىلغان ھەر خىل پەرقلىق ئەندىزىلەرنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. فۇكاۋنىڭ بىلىم ۋە ھوقۇق ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە ئىنسان سۇبيېكتى ھەققىدە قويغان ۋەزىنلىك سوئاللىرى ئىزچىل يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىغان. ئۇ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدە گۇمانىتار ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تارىخىي جەريانلاردا قانداق روياپقا چىققانلىقىنى يورۇتۇشقا تىرىشقان بولسا، كېيىنكى ئەسەرلىرىدە ھوقۇقنى تۈرلۈك ئورۇنلاردىكى، جۈملىدىن روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسى، گازارما، زاۋۇت - كارخانا، تۈرمە ۋە مەكتەپلەردىكى تۈزۈلمە خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان قىياسىي بىلىم سىستېمىسى دەپ تونۇغان. فۇكاۋنىڭ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى ئىنساننى تەھلىل ئوبيېكتى قىلغان نۇرغۇن نەزەرىيەلەرگە جەڭ ئېلان قىلغان؛ ئىنساننى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدىكى نەزەرىيەلەرگە ۋە ئىنساننىڭ يەككە ئىچكى دۇنياسىنى كۆزىتىش ئوبيېكتى قىلغان ھادىسىشۇناسلىق پەلسەپىسىگە رەددىيە بەرگەن.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

مىچېل فۇكاۋ 1926 - يىلى فىرانسىيەدە تۇغۇلغان. 1949 - يىلى پەلسەپىدە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1952 - يىلى لىللې ئۇنىۋېرسىتېتىغا لىكتور بولۇپ ئورۇنلاشقان. 1961 - يىلى گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا روھىي كېسەللەر

تەتقىقاتى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنگە قەدەر، شىۋېتسىيە، پولشا، تۇنىس، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1970 ـ يىلى فىرانسىيەدىكى ئەڭ مەشھۇر ئىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان فىرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تاللانغان ۋە 1984 ـ يىلى ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر شۇ يەردە ئىشلىگەن.

ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئالسوسېر قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە بۇ جەريانىدا «ئىدىيە تارىخىنى يەككە مۇتەپەككۇرنىڭ ئەقلىي مىراسى سۈپىتىدە يازغىلى بولمايدۇ» دېگەن قاراشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، دىققىتىنى ئىدىيە سىستېمىلىرى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر، بۇرۇلۇشلار ھەققىدە ئىزدىنىشكە قاراتقان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىلىم بىلەن ھوقۇق چەمبەرچاس باغلانغان، يېڭى بىلىملەرگە ئېرىشىش ئارقىلىق ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. فۇكاۋ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ژان پاۋل سارترېنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىگە رەددىيە بەرگەن. ئۇنىڭ بىلىش ئىلمى ۋە مېتودولوگىيەسى ھەققىدىكى قاراشلىرى «بىلىم ئارخېئولوگىيەسى» (1969 ـ يىلى) ۋە «ئىشلارنىڭ تەرتىپى» (1966 ـ يىلى)دە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مىچېل فۇكاۋ دەسلىپىدە ھادىسىشۇناسلىق ۋە ماركسىزمدىن ئىلھام ئالغان ۋە كېيىن بۇ خىل پىكىر يولىدىن چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئاجرىتىپ، ئىدىيەنىڭ مەنبەسىنى مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن، ئەسلىي يىلتىزىدىن ئىزدەيدىغان قۇرۇلمىچىلىق ئانالىز مودېللىرىغا قىزىققان. ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان ئانالىز مودېللىرى ئىنسانشۇناس كلاۋدلېۋ ستىراۋسىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىلتىز قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتى، ئەدەبىي تەنقىدچى رولاند

بارتىسنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەتنى قۇرۇلمىچىلىق مېتودى بىلەن كۆزىتىپ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرى ۋە ماركسىزم نەزەرىيەچىسى لۇئىس ئالسۇسېرنىڭ ماركسىزمنى رادىكال نۇقتىدىن شەرھلەپ چىققان ئىنسانپەرۋەرلىككە قارشى ئىدىيە سىستېمىسى ئىدى.

گەرچە مىچېل فۇكاۋ ئۆزى رەت قىلسىمۇ، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىگە قۇرۇلمىچىلىق تەتقىقات مېتودىنىڭ ئىزناسى بېسىلغان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىككى باسقۇچ بويىچە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، ئۇ ئۆزى بىلىم ئارخېئولوگىيەسى دەپ نام بەرگەن ئىلمىي ئەمگىكىنى روياپقا چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىم ھەققىدىكى يېڭى چۈشەنچىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە قۇرۇلمىچىلىق ئانالىزىنىڭ تەسىرىگە روشەن ئۇچرىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. ئىككىنچى باسقۇچ ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىگە «سىستېما ئىسخېمىسى» دەپ نام بەرگەن باسقۇچ بولۇپ، بۇ جەرياندا بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدىكى قاراشلىرىدىن چەك ـ چېگرانى ئېنىق ئاجراتقان ۋە 19 ـ ئەسىردىكى پەيلاسوپ فرىدېرىخ نىچشېنىڭ تارىخ ھەققىدىكى بۇرۇنقى پەلسەپىۋى قاراشلارغا جەڭ ئېلان قىلغان تەھلىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

## بىلىم، ئېيتىم ۋە ھوقۇق

فۇكاۋنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە بىلىمنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى بىلەن زىچ باغلانغان ئوي ئەندىزىلىرى تەتقىق قىلىنغان. ئۇنىڭ تۇنجى ئەمگىكى بولغان «تەلۋىلىك ۋە مەدەنىيەت» دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى بولۇپ، فۇكاۋ بۇ ئەسەردە تەلۋىلىك بىلەن ئىدراك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىپ بەرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە،

ياۋروپانىڭ ئەقلىيلىشىش ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ 19 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاقارتىش ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە جىددىي رەۋىشتە ئۆزگىرىپ ماڭدى. بۇ جەرياندا كىشىلەرنىڭ تەلۋىلىككە تۇتقان پوزىتسىيەسىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. فۇكاۋنىڭ تارىخشۇناسلىق مېتودى بويىچە يېزىلغان بۇ ئەسىردە دەل مۇشۇ ئۆزگىرىش تۇتقا قىلىنغان. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ تەتقىقات نىشانىغا ياندىشقان ھالدا مەلۇم تارىخىي دەۋردە يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەن بىلىمنىڭ قۇرۇلما خاراكتېرلىك كودلىرىنى يېشىشكە تىرىشقان. ئۇ غەربنىڭ ئىدىيە تارىخىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن. بۇ ئۈچ باسقۇچ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرى، كىلاسسىك ئەسىرلەر دەۋرى، زامانىۋىلىققا يۈرۈش قىلىش دەۋرىدۇر. فۇكاۋنىڭ قارىشىچە، ھەربىر دەۋر بىر يەككە تونۇشنىڭ شۇ دەۋردىكىلەرنىڭ ئومۇمىي پىكىر يولىنى ئەندىزە بىلەن تەمىنلىگەن بىر يوشۇرۇن ئۇقۇم قۇرۇلمىسىنىڭ كونترول قىلىشى بىلەن خاراكتېرلەنگەن.

مىچېل فۇكاۋ «بىلىم ئارخېئولوگىيەسى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشقا تۇتۇنغىنىدا، قۇرۇلمىچىلىق ئانالىزىدىن ئاللىبۇرۇن ۋاز كەچكەنىدى ۋە كىتابىنىڭ خېلى زور قىسمىدا ئۆزىنىڭ ئۇ خىل مېتودتىن يىراق تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىغانىدى. بۇ كىتابنى ئۇنىڭ ئالدىنقى كىتابلىرىدا سىناق قىلىنغان «ئارخېئولوگىيەلىك مېتود»لار ھەققىدىكى ئومۇمىي خۇلاسە دېيىشكە بولاتتى. ئەمما، بۇ كىتابتا مۇنداق يېڭى بىر تونۇش ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى: ئېيتىم — مۇرەسسەگە كەلگەن مۇستەقىل بايانلار سىستېمىسى دەپ چۈشىنىلىشى لازىم. بىراق، فۇكاۋ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ تونۇشنى ئۆزگەرتتى ۋە قىياسىي تونۇشنىڭ مۇستەقىل بايانلار ئەمەسلىكى، ئەكسىچە ھوقۇق ۋە ھۆكۈمرانلىق بىلەن زىچ

باغلانغانلىقى ھەققىدىكى تونۇشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئۇنىڭ پىكىر يولىدا زور بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئەسەرلىرى سىستېما ئىسخېمىسى مېتودى بىلەن خاراكتېرلەندى.

ئۇنىڭ پىكىر يولىدىكى بۇ ئۆزگىرىشكە ئىككى خىل ئامىل سەۋەبچى بولدى. 1968 ـ يىلى ياۋروپادا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كامبودژا، پولشا، چېخسلوۋاكىيە، رومىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى سىياسىي جىنايەتلەرنىڭ، باستۇرۇشلارنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكى ئۇنىڭدا شۇنداق تونۇشنى پەيدا قىلدى: تارىخ — ھۆكۈمرانلىق شەكىللىرىنىڭ ئىزچىل داۋام ئېتىشىدۇر. ئۇنىڭ ئىدىيەسىدە بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان ئىككىنچى ئامىل شۇ بولدىكى، ئۇ يىللاردا دۇنيا مىقياسىدا ئايالھەقچىلىك، مۇھىت، يۇقىرالار ھوقۇقى، ئاز سانلىق ئىجتىمائىي توپلارنىڭ ھوقۇقى قاتارلىق تېمىلارنى چۆرىدىگەن ئاممىۋى ھەرىكەتلەر تۈرلۈك زۇلۇم شەكىللىرىگە قارشى قوزغالدى. بۇ خىل زۇلۇم شەكىللىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزم بىلەن، ماركسىزم نەزەرىيەسىنىڭ خاسلىقى بولغان سىنىپىي زۇلۇم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن شەرھلەپ بولغىلى بولمايتتى. 1970 ـ يىللاردا فۇكاۋ ئۆزىمۇ ئاممىۋى ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى ۋە شۇنداقلا مەھبۇسلار، كۆچمەنلەر ھوقۇقىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرنىڭ راۋاجىغا ھەسسە قوشتى.

مىچېل فۇكاۋ زۇلۇمنىڭ، ھۆكۈمرانلىقنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا دىققىتىنى گېرمانىيە پەيلاسوپى فرېدرىخ نىچشېنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاغدۇردى ۋە ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالدى. بۇ خىل مايىللىق ئۇنىڭ «نىچشې ۋە سىستېما ئىسخېمىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئەكس ئەتتى. فرېدرىخ نىچشې پەلسەپىسىدىكى

يادرولۇق ئۇقۇم «ھوقۇق ئىرادىسى» بولۇپ، ئۇ بۇ ئۇقۇم ھەققىدە سىستېمىلىق ئانالىز يۈرگۈزۈپ، «ئىلگىرىلەش، تەرەققىيات» ھەققىدىكى ئىدىيەلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ۋە مۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈردى: ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى بار دېيىلسە، ئۇ ھالدا بۇ ئىلگىرىلەش بىر خىل ھۆكۈمرانلىق شەكلىنىڭ يەنە بىر خىل ھۆكۈمرانلىق شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىدۇر. نىچشې پەلسەپىسىدە تارىخنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچلەرنىڭ سەۋەبى، مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىشنىڭ ئارتۇقچە ئىككىلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەنىدى. نىچشېنىڭ نەزىرىدە، تارىخ بىر - بىرىگە زىت ئىجتىمائىي كۈچلەر، زىددىيەتلىك ۋەقەلەر ۋە بىردەكسىزلىك بىلەن تولغاندى.

فۇكاۋنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى نىچشېنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاشۇ نۇقتىلار ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «تۈزۈم ۋە جازا» ناملىق ئەسىرىدە ئەكس ئەتتى. بۇنى يالغۇز جازا تارىخى دەپلا چۈشىنىشكە بولمايتتى. ئەكسىچە، بۇ كىتاب ھوقۇقنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىدە قانداق يۈرۈشىدىغانلىقى ھەققىدىكى سىستېمىلىق شەرھ ئىدى. ئۇ بۇ كىتابتا سىستېما ئىسخېمىسى مېتودىنى قوللاندى ۋە ئۇنى بۈگۈننىڭ تارىخى دەپ ئاتىدى. فۇكاۋنىڭ بۇ كىتابىدا ئىلگىرى سۈرگەن ئىدىيەسى شۇ بولدىكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئاۋام ئالدىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈرمىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ئىلگىرىلەشنىڭ، مەرىپەتچىلىكنىڭ بەلگىسى ئەمەس. ئۇ ئەمەلىيەتتە ھوقۇق يۈرگۈزۈش تاكتىكىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. بۇ يەردە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ھوقۇق تۈزۈم ۋە نازارەت سىستېمىسى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيىتىنى تېخىمۇ بەكرەك جازالاشنى مەقسەت قىلىدۇ.

فۇكاۋنىڭ بىلىم ۋە ھوقۇق ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرى

ئۇنىڭ «جىنسىيەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ۋايىغا يەتكەن. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئاساسلىقى مۇنداق ئىدىيەنى ئىلگىرى سۈرگەن: ياۋروپادا ۋىكتورىيە دەۋرىدە بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە جىنسىيەت توغرۇلۇق سۆزلەش چەكلىنەتتى. بىزنىڭ جىنسىيەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىش ھەققىدىكى ھازىرقى تونۇشىمىز، يەنى «جىنسىيەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىشىمىز ھۆرلۈكنىڭ ئىپادىسى» دەپ قارىشىمىز پۈتۈنلەي خاتا. ۋىكتورىيە دەۋرىدە ھەر خىل تۈزۈملەردە ۋە تىبابەتچىلىك، پىسخولوگىيەلىك داۋالاش قاتارلىق ساھەلەردە جىنسىيەت ھەققىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك بايقاشلار بولغان. يەنە كېلىپ، شۇ دەۋردىن باشلاپ جىنسىيەتنى تۈرگە ئايرىپ كونترول قىلىش جەريانى تېزلەشكەن.

فۇكاۋنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ماركسىزمنى تەنقىد قىلغان تەرەپلەر، كېيىنكى قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زۆرۈر بولغان تېمىنى مەركەز قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىش مايىللىقى ھەققىدە توختىلىش زۆرۈر.

مىچېل فۇكاۋ ماركسنىڭ ۋە كېيىنكى ماركسىزمچىلارنىڭ «ھوقۇق سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ ۋاستىسى، ئۇنىڭ مەنبەسى ئىقتىسادىي مەنپەئەت» دېگەن قارىشى سىڭىپ كەتكەن تەھلىللىرىگە رەددىيە بەرگەن. فۇكاۋنىڭ قارىشىچە، ھوقۇقنى يۈرۈشتۈرۈۋاتقان تۈرتكىلىك ئامىللار شۇنچىلىك جىقكى، ئۇنىڭ مەنبەسىنى يالغۇز ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىن ئىبارەت بىرلا ئۇقۇم بىلەن شەرھلەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «تۈزۈم ۋە جازا» ناملىق ئەسىرىدە ھوقۇقنىڭ ئادەم بەدىنىدە يۈرگۈزۈلۈشىگە سەۋەب بولغان مىكرو مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرىنى يېشىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەر تۆۋەندىكىچە: ئەگەر ھوقۇق مەلۇم ماكاندا كونكرېت

يۈرگۈزۈلسە ياكى چىپچىۋېتىلسە، ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ھەرقانداق تىرىشچانلىق چوقۇم كۆندىلىك پائالىيەتنى چۆرىدىگەن ئۇرۇنۇش بولۇشى لازىم. فۇكاۋ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىدېئولوگىيە نەزەرىيەسىنىمۇ تەنقىد قىلغان.

مىچېل فۇكاۋ «ئىنسان ئېڭى جەمئىيەت ھەققىدىكى ئانالىزنىڭ مەركىزىدە تۇرۇشى» كېرەك دېگەن ھادىسىشۇناسلارچە تەھلىلگە رەددىيە بەرگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە ژان پاۋل سارترېنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىگە بېرىلگەن رەددىيە ئىدى. ژان پاۋل سارترېنىڭ نەزەرىيەلىرىدە ئىنساننىڭ زۇلۇم شەكىللىرىگە قارشى تۇرۇش ئەركىنلىكى تەكىتلەنگەنىدى. ئەمما، فۇكاۋ ۋە قۇرۇلما ئانالىزچىلىرىدىن بىرى بولغان ئالتۇسېرنىڭ نەزىرىدە بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس ئىدى. فۇكاۋنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ئىدىيەسى — ئىجتىمائىيلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئادەمنىڭ ھوقۇق مۇناسىۋىتىدىكى ئورنىنى بېكىتىدىغان ئېيتىم ئارقىلىق يېتىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئېڭىنى مەنىنىڭ مەركىزى دەپ قاراش خاتا. بۇنداق تونۇشتا مەنىنىڭ ئېيتىم ئارقىلىق قانداق تارقىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. فۇكاۋ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيۇشقان، ئىتتىپاقلاشقان ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر چۈش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. سەۋەبى، بۇنداق ئۇرۇنۇش ئادەملەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى كونترول قىلىش جەھەتتىكى قۇربىتىنى مۇبالىغە قىلىۋېتىپلا قالماستىن، ئىنسانلارنىڭ ھەمىشە ئەقىلسىزلىك ۋە زىددىيەتلىك تۇيغۇلارنىڭ قورشاۋىدا قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر پاكىتقا كۆز يۇمىدۇ.

فۇكاۋنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى ئۆزى ئويلىغاندەكلا كەسكىن دەتالاشقا سەۋەب بولدى. ماركسىزمچى تەنقىدچىلەر ئۇنىڭغا: «نېمىشقا فۇكاۋ ھوقۇقنىڭ مىكرو مەۋجۇتلۇقىنى كۆزدە تۇتۇش بىلەنلا بولۇپ، ماكرو مەۋجۇتلۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ؟» دەپ سوئال قويدى. بۇ رەددىيەلەرگە جاۋاب بېرىش

ئۇچۇن، فۇكاۋ ھوقۇقنىڭ زامانىۋىلىشىش داۋامىدا ئەڭ ئاۋۋال ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر شەكلىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنى بىيولوگىيەلىك ھوقۇق دەپ ئاتىدى. فۇكاۋنىڭ قارىشىچە، بىيولوگىيەلىك ھوقۇقنىڭ مەركىزى بەدەندە بولىدۇ ۋە ئالاھىدە بىر يەككە شەخسنى ئەمەس، پۈتكۈل ئاممىنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىدۇ؛ پۈتكۈل ئاممىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى مۇئەييەن بىر قېلىپقا سېلىشقا، يېتەكلەشكە، تەسىر دائىرىسىگە ئېلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل بىيولوگىيەلىك ھوقۇقنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى فۇكاۋ «ھۆكۈمەتچە باشقۇرۇش» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمەتچە باشقۇرۇش شەكلىدە روياپقا چىقىدىغان تۈزۈم خاراكتېرلىك ھوقۇق ئادەملەرنى بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدۇ، باسىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىتائەتمەن بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ جەرياندا ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى بىر قېلىپقا چۈشىدۇ.

مىچېل فۇكاۋمۇ ھەرقانداق بىر جەمئىيەت نەزەرىيەچىسىدەكلا تەنقىدكىمۇ ئۇچرىدى. «شەرقشۇناسلىق» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى، فۇكاۋنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئېدۋارد سەئىد ئۇنىڭ تەھلىللىرىنى ياۋروپانىلا مەركەز قىلغانلىقى بىلەن تەنقىدلەپ: «تارىخ يالغۇز فرانسىيە تېررىتورىيەسىدىلا يارىتىلغان ئەمەس، فۇكاۋ تەھلىللىرىدە ياۋروپادىن باشقا جايلاردا تۈزۈمنىڭ ئادەملەرنى قانداق باشقۇرۇۋاتقانلىقى، قانداق قېلىپلارغا سالىدىغانلىقى ۋە قانداق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان» دەپ يازدى. مىچېل فۇكاۋنىڭ نەزەرىيەلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە دوروسى سىمىس، جۇدىس بۇتلېر قاتارلىق ئايالھەقچىلىك نەزەرىيەچىلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. بەزى تەنقىدچىلەر بولسا مىچېل فۇكاۋ نەزەرىيەلىرىدە ئەر ـ ئايال ئىككى جىنسقا ئائىت تۈزۈلمە پەرقلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىنمىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

www.uyghurkitap.com

نەقىل مەنبەلىرى:

1. مىچېل فۇكاۋ: «بىلىم ئارخېئولوگىيەسى»، 1969 ـ يىلى نەشرى.
Foucault Michel . 1969 . The Archealogy of Knowledge, London: Routledge

2. مىچېل فۇكاۋ: «تەلۋىلىك ۋە مەدەنىيلىشىش»، 1961 ـ يىلى نەشرى.
Foucault Michel . 1961 . Madness and Civilization: A His – tory of Insanity in the Age of Reason London: Routledge

3. پ. رابىنوۋ: «مىچېل فۇكاۋ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1984 ـ يىلى نەشرى.
P . Rabinow . 1984 . The Foucault Michel Reader . Lon – don: Penguin

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| Michel Foucault | ( — 1926) | مىچېل فۇكاۋ |
| Louis Althusser | (1990 — 1918) | لۇئىس ئالسۇسېر |
| Friedrich Nietzshe | (1900 — 1843) | فرېدېرىخ نىچشې |
| Edward Said | (2003 — 1935) | ئېدۋارد سەئىد |
| Dorothy Simth | ( — 1926) | دوروسى سىمىس |
| Claude Levi–Strauss | ( — 1908) | كلاۋدى لېۋىستراۋس |
| Jean–Paul Sartre | (1980 — 1905) | ژان پاۋل سارترې |
| Judith Butler | ( — 1956) | جۇدىس بۇتلېر |

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| History of Thougth | 思想史 | ئىدىيە تارىخى |
| Discursive Knowledge | 推论知识 | قىياسى بىلىم |

Genealogy 系统图 سىستېما ئىسخېمىسى

تەلۋىلىك ۋە مەدەنىيلىشىش

Madness and Civilization 发疯与文明

System of Thougth 思想系统 ئوي سىستېمىسى

Structuralism 结构主义 قۇرۇلمىچىلىق

Postmodernism 后现代主义 كېيىنكى مودېرنىزم

بىلىم ئارخېئولوگىيەسى

Archeology Knowledge 知识考古学

بىلىمنىڭ قۇرۇلما خاراكتېرلىك كودى

Structural Codes of Knowledge 知识的结构代码

يوشۇرۇن ئۇقۇم قۇرۇلمىسى

Implicit Conceptual Structure 含蓄的概念结构

Horizon of Thinking 思想系统 ئوي ئەندىزىسى

Discourse 话语 ئېيتىم

Power and Knowledge 权利与知识 هوقۇق ۋە بىلىم

ئارخېئولوگىيەلىك مېتود

Archeological Method 考古学方法

مۇستەقىل بايان سىستېمىسى

Autonomous System of Thougth 独立的思想系统

# ئون بەشىنچى باب

## پېتىر بېرگېر (1929 — ): رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى

### نېمە ئۈچۈن پېتىر بېرگېرنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

پېتىر بېرگېر ئۆزىنىڭ توماس لۇكمان بىلەن بىرلىشىپ يازغان مەشھۇر ئەسىرى «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى»دا ئالفرېد شۇتىس ئۇلىنى سېلىپ بەرگەن ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ مېتودلىرىنى كارل مەنخېيىم ئۇلىنى سېلىپ بەرگەن بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ مېتودلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىنى، خۇسۇسەن رېئاللىقنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى يېشىپ بەردى. بۇ ئەسەردە «جەمئىيەتتە رېئاللىق پەيدا قىلىۋاتقىنى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ بىر قاتار تونۇشلىرى» دېگەن مەركىزىي ئىدىيە تۇتقا قىلىنغانىدى. پېتىر بېرگېرنىڭ نەزىرىدە، رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىسى ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز تۈردە مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپ تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىنىدىغان ئورتاق رېئاللىق يارىتىش جەريانىدۇر. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئورتاق رېئاللىق ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مەۋجۇت بولۇش، سۇبيېكتىپ جەھەتتىن بىر مەنىدىن دېرەك بېرىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساس بولىدۇ. پېتىر بېرگېرنىڭ

قارىشىچە، كۈندىلىك رېئاللىق — كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ھادىسىلەرنى مۇئەييەن بىر تەرتىپكە ئايلاندۇرۇشى نەتىجىسىدە پۈتكەن ئىجتىمائىي سىستېمىدۇر. ئۇنىڭدا ھەم ئوبيېكتىپ، ھەم سۇبيېكتىپ ئېلېمېنتلار بولىدۇ. سەۋەبى، رېئاللىق ئىنسانلارنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىجتىمائىي تەرتىپ ياكى قېلىپلىق دۇنيا بولغىنى ئۈچۈن ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. پېتىر بېرگېرنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىنىڭ مەركىزىدە: «قانداقلارچە كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇسى ئوبيېكتىپ رېئاللىققا سەۋەب بولىدۇ؟» دېگەن بىر سوئال يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

ئۇستازى ئالفرېد شۇتىسنىڭ ھادىسە جەمئىيەتشۇناسلىقى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان پېتىر بېرگېر 1929 ـ يىلى ئاۋستىرىيەنىڭ پايتەختى ۋېنادا تۇغۇلغان. 1949 ـ يىلى ۋاگنېر ئىنستىتۇتىدا باكلاۋۇرلۇق ئوقۇغان، 1950ـ، 1954 ـ يىللىرى ئامېرىكىدىكى يېڭى جەمئىيەت تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ئالفرېد شۇتىسنىڭ قولىدا ئوقۇپ ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشكەن. ھازىر ئامېرىكىدىكى بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

پېتىر بېرگېر توماس لۇكمان بىلەن بىرلىشىپ «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى» دېگەن ۋەكىللىك ئەسىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاساسلىق دىققىتىنى دىن جەمئىيەتشۇناسلىقىغىمۇ قاراتقان ۋە يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «مۇقەددەس ئەرش» (1969 ـ يىلى)نى ئېلان قىلغان. باشقا ئەسەرلىرىدىن يەنە «جەمئىيەتشۇناسلىققا مەرھەمەت» (1947 ـ يىلى)، «سەرسان روھ» (1973 ـ يىلى)، «قۇربانلىق

پىرامىداسى» (1975 ـ يىلى)، «ئائىلە ئۇستىدىكى ئۇرۇش تۇمانلىرى» (1983 ـ يىلى)، «ئەقىدە ھەققىدە ئىزدىنىش» (2003 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار. پېتىر بېرگېر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پىروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

## رېئاللىقنىڭ دىيالېكتىكىلىق جەريانلىرى

پېتىر بېرگېر توماس لۇكماس بىلەن بىرلىشىپ يازغان ئەسىرى «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى»دا مىكرو جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودى بىلەن ماكرو جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودىنى بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشكەن ۋە رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىنى ئۈچ دىيالېكتىكىلىق جەريان باسقۇچى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى رېئاللىقنىڭ ئۈچ دىيالېكتىكىلىق باسقۇچلىرى يارىلىش باسقۇچى، مەۋجۇتلۇق باسقۇچى ۋە سىڭىپ كىرىش باسقۇچىدىن ئىبارەت.

رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىدىكى ئىزچىل دىيالېكتىكىلىق جەريانلارنىڭ تۇنجى باسقۇچى يارىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي دۇنياسىنى يارىتىدۇ. ئىجتىمائىي دۇنيا ئاۋۋال ئىجتىمائىي تەرتىپ شەكلىدە پەيدا بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىجتىمائىي تەرتىپ «ئادەملەر پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى، ئۇنى ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى ئەنە شۇنداق بىر ھالەتكە كەلتۈرگەن.» رېئاللىقنىڭ يارىلىش باسقۇچى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ: بىرىنچى، بۇ باسقۇچ ئادەملەرنىڭ يېڭى بىر سودىنى روياپقا چىقارغىنىدەكلا، يېڭىچە بىر دوستلۇققا ئىگە بولالىغىنىدەكلا يېڭىچە بىر ئىجتىمائىي رېئاللىقنى پەيدا قىلالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئىككىنچى،

رېئاللىقنىڭ يارىلىش باسقۇچى ئادەملەرنىڭ بىر خىل ئىجتىمائىي دۇنيا يارىتىش ئارقىلىق ئۇنى بىر تۈزۈلمىگە، بىر تەرتىپكە ئىگە قىلالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

رېئاللىقنىڭ يارىلىش باسقۇچىنى ياخشىراق چۈشىنىش ئۈچۈن، ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇقنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى: ئارىدىكى ئالاقىدىن تېگىشلىك نەپكە ياكى ئورتاقلىققا ئېرىشكەن ئىككى ئادەم دوست بولىدۇ. بۇ خىل دوستلۇق بىر خىل رېئاللىقتۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق تۇيغۇسى ۋە ئورتاقلىق ئۇلار دوست بولۇشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككى دوست يېڭى بىر رېئاللىقنى — «دوستلۇق»نى پەيدا قىلىشقا تەڭ تىرىشتى. ئۇلار ھەر قېتىم ئالاقە قىلغىنىدا ئارىدىكى دوستلۇقتىن مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى تاپىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، دوستلۇق ھەم بىر جەريان، ھەم بىر رېئاللىق. ئۆز نۆۋىتىدە دوستلۇق — ھەم ئادەملەر تەرىپىدىن يارىتىلغان، ھەم بىرلا ئادەمنىڭ خاھىشى بىلەن ئىشقا ئاشمايدىغان بىر خىل تەرتىپتۇر. دوستلۇق مىسالىدىن باشقا، بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ نىكاھلىنىشى، يېڭى سودىنىڭ روياپقا چىقىشى، يېڭى بىر كەسىپنىڭ باشلىنىشى قاتارلىقلاردىنمۇ رېئاللىقنىڭ يارىلىش جەريانىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

يارىلىش باسقۇچى رېئاللىقنىڭ دىيالېكتىكىلىق جەريانلىرىدىكى ھاسىلات باسقۇچىدۇر. پېتىر بېرگېر بىلەن توماس لۇكمان ئادەمنى رېئاللىقنىڭ يارىلىش باسقۇچىدىكى ئىجادكار دەپ تونۇيدۇ. بۇ ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئارقىلىق يېڭى بىر رېئاللىق پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئۇقۇمى جورج خېربېرت مىدنىڭ «ئۆزمەن» ئۇقۇمىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ئاددىي بىر جۈملە سۆز بىلەن يىغىنچاقلىغاندا، رېئاللىقنىڭ يارىلىش

باسقۇچى ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت پەيدا قىلىش جەريانىدۇر.

رېئاللىقنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى مەۋجۇتلۇق باسقۇچى بولۇپ، ئادەملەر بۇ جەرياندا كۈندىلىك ھاياتنى ئۆزلىرىگە تېگىشلىغان، شەخسىي ئىرادىگە بېقىنمايدىغان رېئاللىق، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان رېئاللىق دەپ تونۇيدۇ. ئادەملەر «رېئاللىق ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق بىر ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ بولغان، بۇ خىل ھالەت بىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا مۇشۇنداق ئىكەن دەپ ئويلايدۇ.»

تىل — رېئاللىقنىڭ تەرتىپلىنىشى ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ھېس قىلىنىشىدىكى مۇھىم بىر ۋاستە. پېتېر بېرگېر ۋە توماس لۇكماس مۇنداق يازىدۇ: «كۈندىلىك ھاياتنىڭ ئورتاق بىر مەۋجۇتلۇققا ئايلىنىشى تىلنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئاشىدۇ. كۈندىلىك ھايات — ئاۋۋال مەن دوستلىرىم ۋە زامانداشلىرىم بىلەن تىل ئارقىلىق ئورتاقلىققا ئېرىشىدىغان رېئاللىقتۇر. ئارىدا ۋاستە بولۇۋاتقان تىلنى چۈشىنىش كۈندىلىك ھايات رېئاللىقىنى ھېس قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل.» بۇنى يەنە دوستلۇق مىسالى بىلەن چۈشەندۈرۈپ باقايلى: دوستلۇق نۇقتىسىدىن رېئاللىقنىڭ مەۋجۇتلۇق باسقۇچى شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، دوستلۇق ئىككى ئادەم ئالاقىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئورتاق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ھېس قىلغاندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. ئىككى دوست «بىز» دېگەن تونۇشقا كەلگەندە، ئۇلار تىلنىڭ ياردىمىدە دوستلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاۋاتقان بولىدۇ. باشقىلار ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ دوست ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان چاغدا تىلنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۇ دوستلۇقنىڭ نېمە مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋاتقان بولىدۇ. رېئاللىقنىڭ مەۋجۇتلۇق باسقۇچىنى ئاددىي قىلىپ مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: جەمئىيەت ئادەملەر ئۈچۈن ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغان بىر خىل ئوبيېكتىپ رېئاللىق، چۈنكى ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنى ياراتقان ئادەمدىن ئىبارەت

ئىجادكارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن رېئاللىقنىڭ دىيالېكتىكىلىق جەريانلىرىدىكى ئۈچىنچى باسقۇچ — سىڭىپ كىرىش باسقۇچىنى تونۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

رېئاللىقنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى سىڭىپ كىرىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ جەرياندا ئادەملەر ئىجتىمائىيلىشىش يولى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بېرگېرنىڭ نەزىرىدە، ئوڭۇشلۇق ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ تونۇشى بىلەن ئوبيېكتىپ رېئاللىقى، ئۆزى ھەققىدىكى تونۇشى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسى ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىش، ئۇيغۇنلۇق كۆرۈلگەندە ئىشقا ئاشىدۇ. «رېئاللىقنىڭ مەۋجۇتلۇق باسقۇچى — ئادەمنىڭ ئادەت كۈچىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولغان رېئال ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ يارىلىش جەريانىنى كۆرسەتسە، رېئاللىقنىڭ سىڭىپ كىرىش باسقۇچى — ئاشۇ ئىجتىمائىي دۇنيانىڭ ئۇنى ياراتقان ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا رېئاللىق ھەققىدىكى بىر تونۇشنى پەيدا قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.» ئادەملەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ تەسىرىنى قەلبىگە سىڭدۈرۈشىنى تالكوت پارسونس ئىجتىمائىيلىشىش دەپ ئاتىسا، پېتىر بېرگېر رېئاللىقنىڭ سىڭىپ كىرىشى دەپ ئاتايدۇ. «سىز كۆڭلىڭىزدە قانداق ئويلىغان بولسىڭىز، شۇنىڭغا تۇشلۇق رېئاللىق پەيدا بولىدۇ. ھەممىلا ئادەمنىڭ رېئاللىقى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.»

رېئاللىقنىڭ تەسىرى ئادەملەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرگەندە، ئۇلار ھەم ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئۆزىدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدلىرىگە ماسلىشىۋاتقان بولىدۇ، ھەم يېڭىدىن بىر ئىجتىمائىي تۈزۈلمە يارىتىۋاتقان بولىدۇ. يېڭى تۈزۈلمە، يېڭى تەرتىپ رېئاللىقنىڭ يارىلىش باسقۇچىدىلا ئىشقا ئاشىدۇ، ئاندىن مەۋجۇتلۇق ھالىتىدە داۋام قىلىدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنى

ياراتقان ئادەملەرنىڭ قەلبىگە سۇبيېكتىپ گەۋدە سۈپىتىدە سىڭىپ كىرىدۇ. پىتىر بېرگېر ۋە توماس لۇكمان مۇنداق يازىدۇ: «ئاۋۋال جەمئىيەت ئادەملەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پەيدا بولىدۇ، ئاندىن ئوبيېكتىپ رېئاللىق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ، ئاندىن سۇبيېكتىپ مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە ئىنسان قەلبىدە يىلتىز تارتىدۇ.»

رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى نەزەرىيە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ ھەم ئاشۇ ئىجتىمائىي تۈزۈلمە كۆتۈۋاتقان رولنىڭ ئىنسان قەلبىدە كونكرېتلىشىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم «ئۆزۈمنىڭ ھالىغا قاراپ ئىش قىلاي، مۇشۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوق» دەپ ئويلىسا، ئۇ ئادەم روھىي دۇنياسىغا بىر قۇلۇپنى سېلىۋالغان بولىدۇ. بۇنداق روھىي ھالەت بىر ئادەمنىڭ ئالدىدىكى تاللاش يوللىرىنى قىسقارتىدۇ ۋە ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ ئىجادكار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئۇنۇتقۇزىدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇلۇپلانغان روھقا توشلۇق رېئاللىق پەيدا بولىدۇ.

## جەمئىيەتتە ئادەملەر قانداق كونترول قىلىنىدۇ؟

بىر جەمئىيەتنىڭ ئادەملەرنى كونترول قىلىشتىكى تاكتىكىسى ۋە ۋاسىتىسى ھەر خىل بولىدۇ. ئاشۇ خىل ۋاسىتىلەرنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن بىز باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالىمىز. بېرگېرنىڭ قارىشىچە، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كونترول ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىش ئادەمدە تايانچىسىزلىق، پاناھسىزلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا ئىندىيان بولۇش ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇش دېمەكتۇر. بىر ئادەمنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى ئۇ ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ياتلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولىدۇ. ئۇنداقتا،

www.uyghurkitap.com

ئادەم قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە، ئىجتىمائىي كونترول ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

بىرىنچى، بىر جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرىنى زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ كونترول قىلىدۇ. مەيلى ئۇ قانچىلىك يۈكسەلگەن، قانچىلىك پىشقان جەمئىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەربىر ئادەملىرىنى كونترول قىلىشتا زورلۇق كۈچكە تايانماي قالمايدۇ، زورلۇق كۈچىنىڭ ياردىمىدە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلايدۇ. ھالبۇكى، زورلۇق كۈچ ئادەملەرنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرالمايدۇ. زورلۇق كۈچ بىلەن ئورنىتىلغان تەرتىپمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئارمىيە، ساقچىنىڭ كۈچى بىلەن بىر ئوبيېكتنى بويسۇندۇرۇش ئۇنىڭ روھىنى ئەل قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ئەمەس. زورلۇق كۈچ ۋاستىسى قارىماققا كىشىلەر ئارىسىدا بىردەكلىك، ئويۇشۇش پەيدا قىلغاندەك قىلغان بىلەن، كىشىلەر ئارىسىدا بىردەكلىكنى نىشان قىلغان ئىجتىمائىي ئاپپاراتلارغا نىسبەتەن نەپرەت پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، بىر جەمئىيەتنى پۈتۈنلەي زورلۇق كۈچ بىلەن كونترول قىلىمەن دېيىش ئاقمايدۇ.

ئىككىنچى، بىر جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرىنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى كونترول قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ، ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسىنى، ئىشەنچىنى كونترول قىلىش لازىملىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە ئۆزى كۆرگەن، ئاڭلىغان نەرسىگە نىسبەتەن ئاۋۋال مايىللىق بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن بىر جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئوي سىستېمىسىنى كونترول قىلىشقا كۈچەيدۇ. مەسىلەن، 1950 ـ يىللاردا فرانسىيە ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرغان ئالجىرىيە خەلقىنى دىنىنى كونترول قىلىش، مائارىپتا فرانسۇز تىلىنى ئاساس قىلىش، مەسچىتلەرنى چېقىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كونترول قىلىشقا تىرىشقان. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ ئەينى ۋاقىتتا

ئوخشاش بىر تەرزدە ئىندىيانلارغا مۇئامىلە قىلغان. «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى يېزىپ قالدۇرغان جېففېرسون، فرانكلىن قاتارلىق كىشىلەر ئىندىيانلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش پىلانىغا بىر قوللۇق يېتەكچىلىك قىلغان.

ئۈچىنچى، بىر جەمئىيەت ئۆز پروگراممىسى بويىچە ماگمىغانلارنى يېتىم قالدۇرۇش، ياغلىق قاپاق ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق ئومۇمىي ئەزالىرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بۇ، ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىشتىكى ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. يېتىم قالدۇرۇش، مازاق قىلىش ئاددىي ئىشتەك قىلغان بىلەن، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى تونۇشىدا ئىنكار خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تۆتىنچى، بىر جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرىنى ئالداش ئارقىلىق كونترول قىلىشقا تىرىشىدۇ. بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنى باشقا ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كۆندۈرەلمىگەندە ئالداشقا باشلايدۇ.

بەشىنچى، بىر جەمئىيەت ئومۇمىي ئېقىمغا ئەگەشمىگەنلەرنى چەتكە قېقىش ئارقىلىق كونترول قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىلدىكى كونترول ۋاسىتىسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ھال بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلمىغانلارنىڭ ئۇ گۇرۇپپىدىن يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئالتىنچى، بىر جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرىنى تۈرلۈك كەسپىي ئورۇنلاردا كونترول قىلىش ئارقىلىق ئىدارە قىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئادەملەر ئۆزى ئىشلەۋاتقان ئورۇنلارنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرى، خاھىشى بويىچە ئىشلىشى زۆرۈر دېگەنلىكتۇر. كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەش داۋامىدا ئادەملەر ئۆزىگە تەۋە تۇيغۇلارنى، خاسلىقىنى بېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئىدارە - ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقانلار تەلتۆكۈس باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۆزىدىن ياتلىشىدۇ.

ئادەملەرنى ئىشلەتكەن ئورۇنلاردا تۈزۈم ئارقىلىق كونترول قىلىش بىر ئىجتىمائىي توپ ئارىسىدا ئۇيۇشۇش، بىردەكلىك ھاسىل قىلىشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

يەتتىنچى، بىر جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرىنى «ھەقەمسايىلەر چەمبىرىكى» ئارقىلىق كونترول قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئادەملەر ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن كېلىۋاتقان تەسىرنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خىل تەسىر ئۇلارنىڭ بىر جەمئىيەتنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## چۈشەكتىن قۇتۇلۇش

پېتىر بېرگېر بىر جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئەزالىرىنى كونترول قىلىشىدىكى ۋاستىلەر ھەققىدە توختىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسنىڭ ئاشۇ كونتروللۇقتىن، چۈشەكتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ئۈستىدىمۇ ئىزدەنگەن. بىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ چەكلىمىسىدىن قانچىلىك دائىرىدە قۇتۇلالايدۇ ۋە خاسلىقىنى قانداق ساقلاپ ياشىيالايدۇ؟ پېتىر بېرگېر ئۆزىنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلىققا مەرھەمەت» ناملىق ئەسىرىدە بۇ سوئال ھەققىدە مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن:

جەمئىيەت ئادەملەرنى قوتانغا سولىۋالغان، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىجتىمائىي تەقىب ئىچىدە قېلىشىغا ئادەملەر ئۆزلىرى سەۋەب بولغان. يەنى، جەمئىيەتنىڭ ئالداشلىرىغا چىنپۈتكەن ئادەملەر جەمئىيەتنىڭ زەھىرى، تەسىرى توغرۇلۇق ھېچنېمىنى چۈشەنمىسە، تەبىئىي رەۋىشتە شۇنىڭغا ماس ھالدا جەمئىيەتنىڭ مەھبۇسلىرىغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل مەھبۇسلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى يوقمۇ ئەمەس. جەمئىيەتنىڭ يۈرۈشۈشىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى چۈشەنسەك، ئۆزىمىزنى ئىجتىمائىي كونترولدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان بولىمىز ۋە يېڭىچە تاللاش ئىمكانىيەتلىرىگە، مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ يېڭىچە

ئۇسۇللىرىغا ئېرىشىمىز. ئادەتتە بىز جەمئىيەتتە ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا ھەر خىل روللارنى ئالىمىز. ئەگەر مۇشۇ جەرياندا ئاڭسىز يوسۇندا رول ئۆتىسەك، جەمئىيەتنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايمىز. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي روللىرىنى ئاڭلىق يوسۇندا ئۆتىسەك، جەمئىيەت بىزنىڭ ئىرادىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سەھنىگە ئايلىنىدۇ.

بېرگېرنىڭ جەمئىيەتنىڭ چۈشەكلىرىدىن قۇتۇلۇش ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، جەمئىيەتنى تونۇش — ئاشۇ چەكلىمىلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر يولى. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىجتىمائىي تونۇش بىزنى ئەتراپىمىزدىكى ئىجتىمائىي سەپسەتىلەرگە ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. شۇڭا ئېيتىش كېرەككى، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي رېئاللىقىمىز ھەققىدە چوڭقۇر تونۇش پەيدا قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى مەنىۋى چۈشەكلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىغا باشلايدۇ، ئۆزىمىزنىڭ باشقىلارغا سىڭدۈرگەن زەھىرىمىز ھەققىدە تەنقىدىي يوسۇندا ئويلىنىشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. پېتىر بېرگېر «جەمئىيەتشۇناسلىققا مەرھەمەت» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

«جەمئىيەتشۇناسلارچە چۈشەنچە بىزنىڭ ئىجتىمائىي سەپسەتىلەردىن گۇمانلىنىشىمىزغا پىشاڭ بولىدۇ ۋە بۇ جەرياندا بىزدە مەسئۇلىيەت پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي قىسىم ئىشتاتلىرىدا ياشايدىغان بىر جەمئىيەتشۇناس شەخسىي تۇرمۇشىدا ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇشى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي ھەرىكەت شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىرقچىلىققا قارشى مەيدانىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىشى مۇمكىن. ئاندىن ئۇ يەنە جەمئىيەتشۇناسنىڭ رولىنى ئۆتىگەندە، ئىرقچىلىقنى چۈشىنىدىغان مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ۋە

ئۆزىنىڭ شەخسىي قىممەت قارىشىنى يوشۇرۇشى مۇمكىن»
دېمەك، جەمئىيەتشۇناسلىقنى چۈشىنىپ ئۆگەنگەن بىر ئادەم ئەتراپىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى يورۇشتۇرۇۋاتقان ئۇنسىز كۈچلەرگە شۈبھە بىلەن قاراشنى ئۇنتۇمايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشنى ئۆگىنىدۇ. بۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىيلىق بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىۋاتقان بولىدۇ. بىر جەمئىيەتشۇناسنىڭ ئەخلاق تارازىسىنىڭ بىر تەرىپىدە جەمئىيەتشۇناسلىق، يەنە بىر تەرىپىدە ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بولغان بولىدۇ.

## جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئادەم بولۇش تىرىشچانلىقى

جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئۆگىنىش ئەمەلىيەتتە ئادىمىيلىكنى ئۆگىنىش تىرىشچانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بەزىدە بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئەھۋال پەيدا بولۇپ، جەمئىيەتشۇناسلىق ياۋۇزلۇقنىڭ، ئادىمىيلىكى ناچار ئادەملەرنىڭ ئاۋۇشىغا شەرت ھازىرلىشىمۇ مۇمكىن. قانداق نەتىجىنىڭ كۆرۈلۈشى جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىلىمنى قايسى نۇقتىدىن خىزمەت قىلدۇرۇشقا باغلىق. ئەمما، شۇنىسى روشەنكى، ئادەم جەمئىيەتشۇناسلىقتا تەربىيەلەنگەندىن كېيىن ئەسلىي قائىدە بويىچە ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى ياخشىلىسا توغرا بولىدۇ. مەسىلەن، ئىرقىي مۇناسىۋەت، مىللىي مۇناسىۋەت ھەققىدىكى جەمئىيەتشۇناسلىق ئىدىيەلىرى بىزنى ئىرقچى، مىللەتچى بولۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئەخلاقىي چۈشەكلەردىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان ئىلىم دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بىر جەمئىيەتشۇناس مەۋجۇت سىستېمىلار ئالدىدا

ھەرگىزمۇ ئەپۇچان بولۇپ كەتمەسلىكى، سۇكۇت قىلماسلىقى لازىم. ئەركىنلىك. يېڭىچە تاللاش يولى ھەققىدە ئىزدەنمىسە قانداقمۇ ئۇنى جەمئىيەتشۇناس دېيىش مۇمكىن؟ ئادەملەرنىڭ روھىيىتىدە پەن ياكى ئانالىز تەسىر قىلمايدىغان بىر تەرەپ بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئاشۇ سۇبيېكتىپ قاششاقلىقنى ئۆزىگە تونۇتقۇزۇش — ئۇلارنى ھەرىكەتكە ئۈندەشتىن بۇرۇن جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ كۆرەش نىشانى ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي سەپسەتىلەرنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسان ھەرىكىتىنى قۇرۇش، يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ تونۇيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ياردىمىدە ئادەملەر ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنى ياخشىراق چۈشەنگەندىن كېيىن، ئىنسان ئېڭى ۋە ئادەم ھاياتىنى چۈشەكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ياخشىراق ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى چۈشەپ تۇرغان، ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي سەپسەتىلەرنى ئاغدۇرۇش قۇدرىتىگە تامامەن ئىگە. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز چۈشەكلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز لازىم. بۇنداق تونۇشقا ئېرىشىش كۆرىشى داۋامىدا جەمئىيەتشۇناسلىق بىزنى مەھبۇسقا ئايلاندۇرغان جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يول خەرىتىسى ۋە يېتەكچى پىرىنسىپ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، پېتىر بېرگېر جەمئىيەتشۇناسلىق ئۈچۈن، نوقۇل تەتقىقات بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغان ياشاش ئۇسۇلىغا قارشى. ئىنسان ئۈچۈن كۆرەش قىلمىغان

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تىرىشچانلىقى ئەھمىيەتسىزدۇر. جەمئىيەتشۇناسلىقتىن پايدىلىنىش — تۈزۈملەشكەن، ھەيران قالغۇچىلىكى يوق پاكىتلارغا ئايلانغان ئىجتىمائىي ئالدامچىلىقلاردىن، جەمئىيەتلەشكەن سەپسەتىلەردىن گۇمانلىنىش دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ پېتىر بېرگېر جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ يېتەكچى ئىدىيەلىرىدىن بىرى. بۇ خىل ئىدىيە مەيلى ئۇنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى»دا بولسۇن ياكى رېئاللىقنى، ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان يەنە بىر كىتابى — «جەمئىيەتشۇناسلىققا مەرھەمەت» تە بولسۇن، ئىزچىللىقنى ساقلىغان.

**نەقىل مەنبەلىرى:**

1. پېتىر بېرگېر: «جەمئىيەتشۇناسلىققا مەرھەمەت»، 1963 ـ يىلى نەشرى.

Peter Berger . 1963 . Invitation to Sociology: A Humanistic Perspective . London: Doubleday .

2. پېتىر بېرگېر، توماس لۇكمان: «رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى»، 1966 ـ يىلى نەشرى.

Peter Berger, Thomas Luckman . 1966 . Social Construction of Reality . Anchor Company .

**تېكست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| Peter Berger | (1929 — ) | پېتىر بېرگېر |
| Thomas Luckman | (1927 — ) | توماس لۇكمان |
| Alfred Shutz | (1899 — 1959) | ئالفرېد شۇتس |

## تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

رېئاللىقنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشى
Social Construction of Reality 现实的社会建构

جەمئىيەتشۇناسلىققا مەرھەمەت
Invitation to Sociology 社会学的邀请

رېئاللىقنىڭ ئوبيېكتىپلىقى
Objectivization of Reality 现实的客观性

رېئاللىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى
Exteralization of reality 现实的存在

رېئاللىقنىڭ سىڭىپ كىرىشى
Internalization of Reality 现实的内在化

بىلىم جەمئىيەتشۇناسلىقى
Sociology of Knowledge 知识社会学

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئالتىنچى باب

## پيېر بوردىيۇ (1930 ـــ 2004) ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى قۇرۇلمىچىلىق ئانالىزى

### نېمە ئۈچۈن پيېر بوردىيۇنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

پيېر بوردىيۇ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ تالانتلىق جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بىرى. ئۇ ھاياتىدا 40 پارچىغا يېقىن نادىر ئىلمىي ئەسەر، 400 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. خەلقئارادا، جۈملىدىن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە. ئۇ ئۇزۇن يىل فىرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ئاكادېمىك بولغان ۋە فىرانسىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا پىروفېسسور بولغان. ئۇنىڭ مەشھۇر ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «ئېستېتىك زوق» ناملىق كىتابى 1997 ـ يىلى خەلقئارا جەمئىيەتشۇناسلىق بىرلەشمىسى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان راي سىناش پائالىيىتىدە 20 ـ ئەسىردە دۇنيا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن مەشھۇر ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئالتىنچىسى بولۇپ باھالانغان؛ «ئەمەلىيەت لوگىكىسى» ناملىق ئەسىرى 40 ـ ئورۇندا، «مائارىپ، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنى قايتىدىن قۇرۇش» ناملىق ئەسىرى 48 ـ ئورۇندا تۇرغان. يۇقىرىقى پائالىيەتتە پيېر بوردىيۇدىن باشقا، ئالدىنقى 50 ئاپتور ئىچىگە تىزىلغان فىرانسىيە جەمئىيەت نەزەرىيەچىلىرىدىن پەقەت ئېمىل دۇركىم ۋە مىچېل فۇكاۋلا بار. پيېر بوردىيۇنى ئېمىل دۇركىمدىن كېيىن ئۆتكەن ئەڭ

تالانتلىق فىرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى دېسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇ خۇلق، ساھە، مەدەنىيەت كاپىتالى، سىمۋوللۇق زوراۋانلىق قاتارلىق تېرمىنلارنى ئۇقۇملاشتۇرۇپ نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆ-تۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ ئۇقۇملىرى جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇ-ناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىنغان.

## ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى

پىئېر بوردىئو 1930 ـ يىلى فىرانسىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بېئارن دېگەن يەردە بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. فىرانسىيەدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئىچىدە تەسىرى زور بولغان ئېكولى سۇپېرىيۇر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا پىروفېسسور بولغان. 1950 ـ يىللاردا فىرانسىيەنىڭ ئالجىرىيەنى مۇستەملىكە قىلىۋالغىنىغا قارشى چىققان. 1956 ـ يىلىدىن 1960 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالجىرىيەدە ئەمەلىي ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېزىپ چىققان «ئەمەلىيەت لوگىكىسى» (1972 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە، شۇ چاغلاردا فىرانسىيە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيەسىنى تەنقىد قىلغان. بوردىئونىڭ قارىشىچە، قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيەسى ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ ھەر خىل بولىدىغانلىقى، ئەمەلىي مۇھىتتا ھەر خىل مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ بولۇشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. چۈنكى، ئادەم ھەرگىزمۇ ئۆزگەرمەس بىر مۇھىت، بىر سىستېما، بىر تۈزۈم ئىچىدە ئوخشاش يوسۇندا رول ئېلىۋېرىدىغان ماشىنا ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇ ئوبيېكتىپ چەكلىمىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان «قۇرۇلما كىشەن»لەر ئىچىدە كۆرۈلگەن تاسادىپىيلىقلارغا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ جانلىق

مۇئامىلە قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ھەرگىزمۇ قۇرۇلمىغا ئورنىشىپ كەتكەن كۆرۈنمەس ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدىغان جەريان ئەمەس. بوردىيۇنىڭ نەزىرىدە، ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئىچىدىكى ھەر خىل گۇرۇھلار ــ ئىجتىمائىي پاكىتلاردۇر. بۇ ئىجتىمائىي پاكىتلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئوبيېكتىپ نۇقتىدىن كۆزىتىش كېرەك.

بوردىيۇ بۇ ئەسەردە نەزەرىيەۋى جەھەتتىن پىشقان بىر قاتار ئىلمىي ئۇقۇملار ئارقىلىق قۇرۇلمىچىلىق ئانالىزىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. ئىستراتېگىيە، ئەمەلىيەت قاتارلىق ئۇقۇملار تونۇشتۇرۇلغان ئانالىزلىرىدا ھەربىر ھەرىكەت ساھەسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت پرىنسىپى ۋە مەنتىقىسى بولىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن. بوردىيۇنىڭ قارىشىچە، ئاشۇ ھەرىكەت پرىنسىپلىرى ۋە مەنتىقىسى مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياشاۋاتقان ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ مايىللىقىنى، تاللاش ئىمكانىيەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئاشۇ مەنتىقىلەرنىڭ نەتىجىسىدە، ئادەملەر مىجەزگە ياكى «خۇلق»قا ئىگە بولىدۇ. ئىنساندىكى بۇ خۇلق ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولغان ھەرىكەتلىرىنىڭ دائىرىسى ۋە تۈرىنى بەلگىلەيدۇ. بوردىيۇ ئالجىرىيەدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق يېزىپ چىققان بۇ ئەسىرىدە ھەرىكەت بىلەن قۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى ئانالىتىكىلىق مۇناسىۋەتنى يېشىپ بېرىشكە تىرىشقان.

پىئېر بوردىيۇ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە مائارىپ جەمئىيەتشۇناسلىقىغا قوشقان تۆھپىسى، خۇسۇسەن «مائارىپ، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتتە قايتىدىن يارىتىش» (1970 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى تىكلىگەن. بۇ ئەسەردە مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي تەبىقە پەيدا قىلىشتىكى رولى

مۇھاكىمە قىلىنغاندى ۋە ئىقتىساد كاپىتالى مەدەنىيەت كاپىتالىدىن ئايرىلغاندى. ئۇرغۇن ئوقۇرمەن كاپىتالنى ئىقتىساد، پۇل، ھوقۇق دەپ چۈشىنىدۇ. بۇمۇ خاتا ئەمەس. پىئېر بوردىئو كارل ماركسنىڭ كاپىتالنى ئىقتىسادقىلا باغلاپ قويغانلىقىغا قايىل بولماي، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مەنىۋى ساپا، ئىچكى جۇغلانما ۋە بىلىم قۇرۇلمىلىرىنى مەدەنىيەت كاپىتالى دەپ ئاتىغان.

پىئېر بوردىئو يەنە «پەرق: ئېستېتىك زوق ھەققىدە ئىجتىمائىي تەنقىد» ناملىق ئەسىرىدە فىرانسىيە جەمئىيىتىدە مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي پەرقلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قانداق تارقىلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلغان ۋە بۇ تەتقىقاتىدا كىشىلەرنىڭ سەنئەتتىن ھۇزۇرلىنىش دەرىجىسىنىڭ ھەرگىزمۇ ئوبيېكتىپ ئېستېتىكا قانۇنىيىتى ئارقىلىق بەلگىلەنمەيدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئادەملەر ئارىسىدىكى تەبىقە مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورۇندا يىلتىز تارتىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر خىل ئىجتىمائىي قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ھەۋەس ۋە ئېستېتىك زوقىمۇ بىر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر تەنھەرىكەت تۈرى، مەلۇم بىر تاماق، مەلۇم سەنئەت تۈرىگە بولغان قىزىقىشى، ھەۋەسى ئوتتۇرا تەبىقىغە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. خۇلق ئۇقۇمى پىئېر بوردىئونىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە، خۇلق — بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ۋە پوزىتسىيەلىرىنىڭ كۆندىلىك ھاياتتا ئادەتكە ئايلىنىشىغا ھەم شۇنىڭ تەسىرىدە كۆندىلىك تۇرمۇش ھەققىدە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق تونۇشقا كېلىشىگە سەۋەب بولىدىغان

مىجەزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە، خۇلق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا شەكىلسىز يوسۇندا ئورنىغان بولغاچقا، ھەرىكەت ئىجراچىسى ئۆزىنىڭ قىلىقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇمايدۇ.

گەرچە پىئېر بوردىئو خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ، ئۆزىنى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىنىڭ سىرتىدا ياندىن كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە تونۇغان، ئۆزىنى بۇ خىل ئورۇندا قويۇپ كۆزىتىشىنىڭ تەتقىقاتىغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ ئورنى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، «قايتا ئويلىنىش جەمئىيەتشۇناسلىقى» دەپ ئاتىغان. بۇ ھەقتىكى پىكىرلەرنى ئۇنىڭ «قايتا ئويلىنىش جەمئىيەتشۇناسلىقىغا مەرھەمەت» ناملىق كىتابىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

پىئېر بوردىئو ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىدىكى زامانىۋى مەدەنىيەت ھەققىدە كۆپرەك ئانالىز يۈرگۈزگەن ۋە مەدەنىيەت تىجارىتىنى سىمۋوللۇق تاۋار يارىتىش جەريانى دەپ ئاتىغان. مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدە بولسا تەنھەرىكەت، فوتوگرافلىق، ئېستېتىك زوق ھەققىدە ئىزدەنگەن. ئۇنى تەنقىد قىلغۇچىلار تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدىن پىكىر يۈرگۈزىدۇ: بىرىنچى، پىئېر بوردىئونىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە ئىقتىسادنىڭ رولى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىنىۋېتىلگەن ۋە سىمۋوللۇق ھوقۇق نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي ئامىلغا باغلاپ قويۇلغان؛ ئىككىنچى، ئۇنىڭ مەدەنىيەت پەرقى ھەققىدىكى تەھلىللىرى ئۇ ياشاۋاتقان فىرانسىيەگە تەۋە بولۇپ، پارىژدا سىمۋوللۇق تاۋار مونوپوللۇقى بار؛ ئۈچىنچى، ئۇنىڭ جەمئىيەت نەزەرىيەسىدە زىددىيەتلىك ئامىل مەۋجۇت.



www.uyghurkitap.com

سەۋەبى، ئۇ مۇتلەقلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىمۇ مەدەنىيەتنىڭ رولىنى ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىۋەتكەن.

بۇلار پەقەت باشقا جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ پىئېر بوردىئوغا بەرگەن باھاسى. ئەمەلىيەتتە، پىئېر بوردىئونىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور.

## قايتىدىن يارىتىش ۋە خۇلق

بوردىئو ئۆزىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەلىرىدە ئىجتىمائىي تەبىقىنىڭ قانداق يارىلىپ، قانداق دەۋر قىلدىغانلىقىنى — مەلۇم بىر تەبىقىگە مەنسۇپ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قانداق پەيدا قىلىپ، ئەۋزەللىكلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قانداق مىراس قالدۇرىدىغانلىقىنى يېشىپ بەرگەن. بوردىئونىڭ قارىشىچە، بىر ئادەمنىڭ ئوقۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ئۇ مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي تەبىقىدىكى قېلىپلاشقان مەدەنىيەت پائالىيىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ ۋە ئۇ ئالىي مائارىپ ئوقۇشىدا، خىزمەت ئىزدەپ يۈز تۇرانە ئىمتىھانغا قاتناشقاندا ۋە باشقا ئەھۋاللاردا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئۆگىنەلىگەن مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى تۆۋەن تەبىقىدىكى ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى بىلمەيدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئالدىنقى ئىككى تەبىقىدىكى ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ئوقۇشنىڭ نېنىنى يەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە تەبىقە، ئىجتىمائىي ئورۇننى مۇنتىزىملاشقان بىر ئۇسۇلدا ساقلاپ تۇرىدۇ.

مەدەنىيەت كاپىتالىنىڭ بۇ خىل مۇنتىزىم ئۇسۇلدا ساقلىنىپ قېلىشى ھوقۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مەنبەسىدە

مۇھىم رول ئوينايدۇ. بوردىئونىڭ نەزىرىدە، بۇ جەريان «سىمۋوللۇق زوراۋانلىق بولۇپ، مەلۇم بىر پائالىيەتنى ئۆز قاتلىمىدا ئارتتۇرىدىغان ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ شېرىكلىك مۇناسىۋىتىدە ئەكس ئېتىدۇ.» بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كىشىلەر مەنە سىستېمىلىرىنى، توغرىراقى مەدەنىيەتنى ئەزەلدىن مۇشۇنداق بولىدىغاندەك چۈشىنىدۇ ۋە ئەنە شۇ پوزىتسىيەدە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى خاتا چۈشىنىشتىن، خاتا ھېس قىلىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ئورنىنىڭ قايتىدىن يارىلىش جەريانى ۋە مەلۇم ساھەدە ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى شۇ توپنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرى تەرىپىدىن ئورتاق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ جەرياندا شۇ توپقا ئورتاق بولغان ئىدىيەلەر، قىممەت قاراشلىرى ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتى ئەندىزىلىرى ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ مېڭىسىدە يىلتىز تارتقان بولىدۇ.

پىئېر بوردىئو مۇنداق قارايدۇ: مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ئىشقا ئاشقاندا، كىشىلەر ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلىنالايدۇ. بۇ جەرياندىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئادەتلىرىنىڭ ياكى ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ كىشىلەرنىڭ مۇقىم تونۇشىغا ئايلانغان ۋە مەلۇم دەرىجىدە رېئال ئاساسى بار بولغان سىمۋوللۇق كاپىتالغا ئايلىنىشىدۇر. سىمۋوللۇق كاپىتال — كىشىلەر تەرىپىدىن تونۇلغان ۋە ئېتىراپ قىلىنغان ئىقتىسادىي كاپىتال ۋە مەدەنىيەت كاپىتالى بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرىنى يورۇشتۇرىدۇ.

ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت كاپىتالى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى شەرھلەش داۋامىدا بوردىئو خۇلق ئوقۇمىنى نەزەرىيەلەشتۇر-

گەن. خۇلق — ئوبيېكتىپ شارائىت تەرىپىدىن يارىتىلغان، ئەمما شۇ شارائىت ئۆزگەرگەن تەقدىردىمۇ جاھىللىق بىلەن ساقلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان، ئۇزاق بىر جەرياندا يېتىلگەن تۇيغۇ، ئوي، ھەرىكەت مۇجەسسەمىدۇر. بوردىئونىڭ نەزىرىدە، خۇلق ئىجتىمائىي ھاياتنى تەشكىل قىلغۇچى دائىملىق، ئىزچىل پائالىيەتلەرنى پەيدا قىلالايدىغىنى ئۈچۈن مەدەنىيەتنىڭ قايتىدىن يارىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. خۇلق — ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىجتىمائىي تەبىقە قۇرۇلمىسىغا ئەمەلىي ھەرىكەتنى باغلاپ تۇرىدۇ.

پىئېر بوردىئو مائارىپنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى تەھلىل قىلغاندا ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ رولىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. «قايتىدىن ئويلىنىش جەمئىيەتشۇناسلىقى» ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە جەمئىيەتنى ماكرو نۇقتىدىن ئانالىز قىلىپ، جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئىلمىي مېتودنى، ئىزاھلاشنى ئاساس قىلغان تەجرىبىچىلىك مودېللىرىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «نۇرغۇن ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي دۇنيادىن، مەسىلىلەرگە قاراشتىكى چىقىش نۇقتىسىدىن گۇمانلىنىپ يۈرمەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇ ئەھۋالدىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى، خۇلقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. قايتىدىن ئويلىنىش جەمئىيەتشۇناسلىقى جەمئىيەتشۇناسلاردىن ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرىدا ساقلىنىپ قالغان بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى، بىر قۇتۇپقا چىقىپ كېتىش خاھىشىنى ئىلمىي يوسۇندا كۆزىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.» ئۇ يەنە ئىنساننىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئەمەلىيىتىنى بىر دىيالېكتىكىلىق جەرياننىڭ دەپ تونۇغاندىلا ياخشى چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ جەريان ئادەملەر ئۆزلىرى يۈرۈشتۈرۈۋاتقان ساھەلەردە ئۇچرىغان ئوبيېكتىپ

www.uyghurkitap.com

شارائىتىنىڭ ۋە ئۇچرىغان كىشىلەر خۇلقلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.


**نەقىل مەنبەلىرى:**

1. پىيېر بوردىئو: «ئەمەلىيەت لوگىكىسى»، 1972 ـ يىلى نەشرى.
Pierre Bourdieu . 1972 . Outline of a Theory of Practice .

2. پىيېر بوردىئو: «مائارىپ، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتتە قايتىدىن يارىتىش»، 1990 ـ يىلى نەشرى.
Pierre Bourdieu . 1990 . Reproduction: In Education, Society and Culture (London: Sage)

3. پىيېر بوردىئو: «پەرق: ئېستېتىك زوق ھەققىدە ئىجتىمائىي تەنقىد»، 1979 ـ يىلى نەشرى.
Pierre Bourdieu . 1979 . Distinction: A Social Critique of Judgements of Taste . London: Routledge .

4. پىيېر بوردىئو: «قايتىدىن ئويلىنىش جەمئىيەتشۇناسلىققا مەرھەمەت»، 1992 ـ يىلى نەشرى.
Pierre Bourdieu . 1992 . An Invitation to Reflekive Sociol – ogy . Cambridge: Polity Press .


**تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| Pierre Bourdieu | (2004 — 1930) | پىيېر بوردىئو |
| Emile Durkheim | (1917 — 1858) | ئېمىل دۇركىم |
| Michle Foucault | (1984 — 1926) | مىچېل فوكاۋ |

**تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| A Judgement of Taste | 品尝 | ئېستېتىك زوق |

Habitus 习性 خۇلق

مەدەنىيەتتە قايتىدىن يارىتىش

Cultural Reproduction 文化再生产

Logic of Practice 实践逻辑 ئەمەلىيەت لوگىكىسى

Reflexivity 反思性 قايتىدىن ئويلىنىش

Field 领域 ساھە

Symbolic Violence 象征性冒犯 سىمۋوللۇق زوراۋانلىق

Social Capital 社会资本 ئىجتىمائىي كاپىتال

Cultural Capital 文化资本 مەدەنىيەت كاپىتالى

Structuralism 结构主义 قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيەسى

Class Relationships 阶级关系 تەبىقە مۇناسىۋەتلىرى

Status Hierarchies 社会地位 ئىجتىمائىي ئورۇن

Symbolic Goods 象征性商品 سىمۋوللۇق تاۋار

Determinism 决定论 مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش خاھىشى

www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب

# ئانتونى گىددىنس (1938 ـــ ): قۇرۇلمىلىشىش ۋە تۈرتكە كۈچ

## نېمە ئۈچۈن ئانتونى گىددىنس ئىدىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

ئانتونى گىددىنس زامانىۋىلىق ئۇقۇمى ھەققىدە ئەڭ چوڭقۇر ئىزدەنگەن، خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە ئەنگلىيەلىك جەمئىيەتشۇناس. ئىلگىرى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى تونى بلايىرغا مەسلىھەتچى، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق پىروفېسسورى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن ئەنگلىيەدىكى مەشھۇر بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا مۇدىر بولغان، 2003 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققان. ئۇ ھازىرغىچە مەشھۇر كىلاسسىك جەمئىيەتشۇناسلاردىن كارل ماركس، ئېمىل دۇركىم ۋە ماكس ۋېبېرلارنىڭ ئىدىيەلىرىگە باھا بېرىپ چىقتى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتا ماكرولۇق ئېلېمېنتلارنى مىكرولۇق ئېلېمېنتلارغا باغلاپ بىر پۈتۈن نەزەرىيە سىستېمىسى تۇرغۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «زامانىۋىلىق، قايتىدىن ئويلىنىش، ئۈچىنچى يول» قاتارلىق تېمىلاردا چوڭقۇر ئىزدەندى؛ جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە تەسىرى زور بولغان «قۇرۇلمىلىشىش نەزەرىيەسى»نى رويابقا چىقاردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، كىلاسسىك جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى قىزىققان تېمىلاردىلا ئىزدىنىپ، مەلۇم تې-

مىلاردا، مەلۇم نۇقتىلاردا بىر قۇتۇپقا چىقىپ كېتىشتىن خالىي بولالمىغان. ئانتونى گىددىنىس مۇنداق يازىدۇ: «مېنىڭ يېتەكچى پرىنسىپلىرىمدىن بىرى — دەل ئەنە شۇ بىر قۇتۇپقا چىقىپ كېتىش خاھىشىغا جەڭ ئېلان قىلىش. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىكى يادرولۇق ئامىل يەككە ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ كەچۈرمىشىنى ياكى ئىجتىمائىي گەۋدىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى شەرھلەش ئەمەس، زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىش.»

## ھاياتى ۋە ئىجادىيتى

ئانتونى گىددىنىس 1938 - يىلى ئەنگلىيە پايتەختى لوندوندا تۇغۇلغان. ئەنگلىيە خۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا جەمئىيەتشۇناسلىق، پىسخولوگىيە كەسپى بويىچە ئوقۇغان ۋە 1959 - يىلى باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن؛ 1961 - يىلى لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە لېيىستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكتور بولغان، كېيىن 1984 - يىلى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كەلگەنگە قەدەر ئامېرىكا كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى لوس ئانجېلىس ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسور بولغان. 1985 - يىلى پولىتى نەشرىياتىنى قۇرغان. 1997 - يىلى لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا مۇدىر بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلۈشى: قۇرۇلمىلىشىش نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» (1984 - يىلى)دا ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى تۇرغۇزغان. «تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتلەردىكى سىنىپ قۇرۇلمىسى» (1973 - يىلى) ناملىق ئەسىرىدە تەبىقە، سىنىپ ئانالىزىدىكى ئىزچىل ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىش لايىھەسىنى تېپىشقا تىرىشقان. ئۇنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانى ئىزچىل تۈردە

قۇرۇلما ۋە تۈرتكە كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىپ بېرىدىغان بىر نەزەرىيە سىستېمىسى تۇرغۇزۇش بولغان. «تارىخىي ماتېرىيالىزمنى بۈگۈنكى نۇقتىسىدىن تەنقىد قىلىش» (1984 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە بۇ خىل پىكىر يولىنىڭ نەزەرىيەۋى كەمچىلىكلىرىنى تەنقىد قىلغان. زامان بىلەن ماكان ھەققىدىكى تەھلىللىرىدە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقات مېتودى بىلەن جۇغراپىيەلىك مېتودلارنى بىرلەشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشقان. «مىللىي دۆلەت ۋە زوراۋانلىق» (1985 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا زىددىيەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە كەلتۈرگەن تەسىرلىرى ھەققىدىكى نۇقتىلاردا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى شەرھلىگەن. «زامانىۋىلىقنىڭ ئاقىۋەتلىرى» (1990 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەسىنى تەنقىد قىلغان ۋە زامانىۋىلىق مۇساپىسى ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىش زۆرۈرلۈكىنى قەيت قىلغان. «زامانىۋىلىق، ئۆزلۈك، كىملىك» ناملىق ئەسىرىدە (1991 ـ يىلى) قايتىدىن ئويلىنىشنىڭ ئۆزلۈكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى زۆرۈر قەدەم ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. «كونتروللىسىز دۇنيا» (1999 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە يەر شارىلىشىشنىڭ تەسىرىنى تەھلىل قىلغان.

## ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە قۇرۇلمىلىشىش نەزەرىيەسى

ئانتونى گىددىنىس مۇنداق يازىدۇ: «قۇرۇلما ئىجتىمائىي سىستېمىلارنىڭ قايتىدىن بارلىققا كېلىشىدە رول ئوينايدىغان قائىدە ـ تۈزۈم ۋە ئىمكانىيەتلەردىن ئىبارەت. بۇ قائىدە ـ تۈزۈملەر ئىجتىمائىي ئالاقىدە بارلىققا كېلىدۇ ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا كىشىلەرگە قانداق قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئىمكانىيەتلەر بولسا كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئوبيېكتلىرىغا قانداق ئېرىشىشنى دەپ بېرىدۇ.» ئىجتىمائىي سىستېمىلار زامان ۋە ماكاننى باغلاپ

تۇرىدۇ. ئانتونى گىددىنىس ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىلىشىش نەزەرىيەسىدە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ چەكلىمىلىكىنى تەكىتلەيدىغان ماكرو جەمئىيەتشۇناسلىق مېتودى بىلەن تۈرتكە كۈچنى تەكىتلەيدىغان مىكرو جەمئىيەتشۇناسلىق ئانالىزى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا تىرىشقان.

ئانتونى گىددىنىسنىڭ قارىشىچە، قۇرۇلما بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان قارشىلىق ھەم مۇناسىۋەت شەكلىدە ئەكس ئېتىدىغان ئابستراكت مودېللار بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىدە مەۋجۇت بولىدۇ ھەمدە مۇئەييەن زامان، ماكاندا ئەمەس، بەلكى يوقلۇق بىلەن مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇناسىۋىتى شەكلىدە ئەكس ئېتىدۇ. قۇرۇلما ماكان ۋە زامان سىرتىدا مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن تىلغا ئوخشاشلا ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي جەريان ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق ھەرىكەت تەكرارلىنىدىغان، بىر قۇرۇلما ئىچىدە دەۋرىيلىنىدىغان ھەرىكەتتۇر.

قۇرۇلما بىلەن تۈرتكە كۈچ بىر تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن باغلىنىدۇ ھەم كىشىلەر كۈندىلىك ھاياتىدا ئىشتىراك قىلىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. گىددىنىسنىڭ نەزىرىدە قۇرۇلما — مۇرەسسەگە كەلگەن قائىدە - تۈزۈم ۋە ئىمكانىيەتلەردۇر. پەيلاسوپ ۋىتتىگېنىستېيىننىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، قائىدە - تۈزۈملەر بىلىمنىڭ ئەمەلىي شەكىللىرى بولۇپ، يېڭى ئەھۋاللارغا يولۇققان چېغىمىزدا بىزنى ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرىدۇ. ئىمكانىيەتلەر بولسا بىر ئادەمنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسىگە قوماندانلىق قىلىدىغان، ئوبيېكتلارغا ياكى ماددىي ھادىسىلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا قولايلىق يارىتىدىغان مۇمكىنچىلىكلەردىن ئىبارەت.

# زامانىۋىلىق ۋە قايتىدىن ئويلىنىش

ئائىتونى گىددىنىسنىڭ نەزىرىدە، زامانىۋىلىق يەر شارىلىشىش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. زامان، ماكان ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق مەلۇم بىر ماكاننى يەر شارىنىڭ باشقا جايى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. زامانىۋى دۇنيا — كونتروللىسىز دۇنيا؛ ئۇلرىچ بېكىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، يېڭى خېيىم - خەتەر ۋە ئېنىقسىزلىقتا ھامىلدار دۇنيا. بۇنداق تېز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيادا ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي شەكىللەر يىمىرىلىشقا يۈزلەنمەكتە. ئۆتمۈشتە كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا بولغان ئىشەنچىسى يەرلىك قوۋم، قەبىلە ئاساسىدا رويابقا چىققاتتى. ۋاھالەنكى، يەر شارىلىشىش قەدىمى تېز بولغان جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى يىراقتىكى، جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىكى كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا.

ئائىتونى گىددىنىسنىڭ قارىشىچە، ئۇچۇر دەۋرىدە ياشاش جەمئىيەت ھەققىدە قايتىدىن، ناھايىتى چوڭقۇر يوسۇندا ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك — ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە ئويلىنىش دېگەنلىكتۇر. بىر جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ياشىغاندا، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت ھەققىدە كەمدىن - كەم ئويلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە نەچچە ئەسىر ئىلگىرى كىشىلەر راست دەپ ئىشىنىپ قالغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي تىلسىملارنىڭ سىرى ئېچىلدى. يەر شارىلىشىش قەدىمى تېز بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئىنسانلار تېخى كېلەچەكنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالغىنى يوق. يەر شارىلىشىش دەۋرىدە دۆلەت ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى نۇرغۇن ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئەگەر دۆلەتلەر بىرلىكتە، ماس قەدەمدە ھەرىكەت قوللىنىدىغانلا بولسا، ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ.



www.uyghurkitap.com

نەقىل مەنبەلىرى:
1. ئانتونى گىددىنس: «جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلۈشى»، 1984 ـ يىلى نەشرى.
Giddens Anthony . 1984 . The Constitution of Society . Cambridge: Polity Press .
2. ئانتونى گىددىنس: «جەمئىيەت نەزەرىيەسىدىكى يادرولۇق مەسىلىلەر»، 1979 ـ يىلى نەشرى.
Giddens Anthony . 1979 . Central Problems in Social Theory . Berkeley: University of California Press .

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Anthony Giddens ( —1938) ئانتونى گىددىنس
Ulrich Beck ( —1944) ئۇلرىچ بېك
لۇدۋىگ ۋىتتىگېنستېين
Ludwig Wittgenstein (1951 —1889)

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

قۇرۇلمىلىشىش نەزەرىيەسى
Structuration Theory 结构化理论
Modernity 现代性 زامانىۋىلىق
Late Modernity 晚期现代性 كېيىنكى زامانىۋىلىق
Third Way 第三道路 ئۈچىنچى يول
Reflexivity 反思性 قايتىدىن ئويلىنىش
Agency 动员，中介 تۈرتكە كۈچ
Runaway World 失控世界 كونترولسىز دۇنيا

www.uyghurkitap.com

## ئون سەككىزىنچى باب

# كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەسى

### نېمە ئۈچۈن كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەلىرى بىلەن تونۇشىمىز؟

كېيىنكى مودېرنىزم ئۇقۇمى مودېرنىزم ئۇقۇمىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان. كېيىنكى مودېرنىزم ئۇقۇمىنى چۈشىنىشتىن ئاۋۋال مودېرنىزم ئۇقۇمىنى چۈشىنىش كېرەك. مودېرنىزم ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ يۈنىلىشى ۋە مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىكى ئىدىيە سىستېمىلىرىدىن ئىبارەت. مودېرنىزمنىڭ يادرولۇق نۇقتىسى مەرىپەتچىلىك ۋە ئەقلىي ئىدىيەدۇر. مودېرنىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، ھەقىقەت، گۈزەللىك، ئەخلاق ئوبيېكتىپ رېئاللىق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ ۋە بۇ خىل رېئاللىقنى ئىلمىي، ئەقلىيلەشكەن مېتودلارنىڭ ياردىمىدە بايقىغىلى، ھېس قىلغىلى ۋە چۈشەنگىلى بولىدۇ. مودېرنىزملىق پىكىر يولى تەرەققىياتنى مۇقەررەرلىككە ئىگە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەم ئىنسان ئەركىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەم ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىغا بولغان كونترولىنى كۈچەيتىدۇ.

كېيىنكى مودېرنىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، ھەقىقەت، گۈزەللىك ۋە ئەخلاق دېگەنلەر ئوبيېكتىپ رېئاللىق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمايدۇ ۋە بىزنىڭ قانداق ئويلىنىشىمىزغا، نېمىلەرنى دېيىشىمىزگە باقمايدۇ.

ئىجتىمائىي ھايات ھەرگىزمۇ بىزنىڭ بايقىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئەمەس. ئەكسىچە، بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھايات سۆپىتىدە ھېس قىلغانلىرىمىز ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئويلىرىمىزنىڭ مەھسۇلى. مۇنتىزىم گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولىدىغان جەمئىيەت، جامائەتچىلىك ۋە ئائىلە دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس. ئەگەر بار دېيىلسە، پەقەتلا دىيالوگ ئېقىنى، ئابستراكت مودېللار، ھېكايىلەر، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدا ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىدىغان سىمۋوللار مەۋجۇت. ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتتىن تارتىپ ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى تارقىتىۋاتقان ئۇچۇرلارغىچە بۇ نۇقتا ئەكس ئېتىدۇ. مەلۇم بىر خىل رېئاللىق، مەلۇم بىر خىل گۈزەللىك ۋە ياكى مەلۇم بىر خىل ئەخلاق ئەندىزىسى يەنە بىرىدىن ياخشى بولىدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس.

كېيىنكى مودېرنىزملىق پىكىر يولى بويىچە قارىغاندا، بىلگىلى بولىدىغان مۇئەييەن ھەقىقەتلەرنىڭ ياردىمىدە تېخىمۇ ياخشى دۇنيا قۇرۇش ئۈرۈنۈشى بىر خىل خام خىيال. بەزى جەمئىيەتشۇناسلار كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەسىدىكى بەزى ئېلېمېنتلارنى جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىگە ئېلىپ كىردى. كېيىنكى مودېرنىزمچە پىكىر يولى «كونكرېت رېئاللىق بولغان ئىجتىمائىي ھايات بىلەن بىزنىڭ ئۇ ھەقتىكى ئويلىنىشىمىز ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت بار» دېگەن قاراشقا جەڭ ئېلان قىلىدۇ ۋە ئىنسان مېڭىسىدىكى سىمۋوللۇق يوسۇندا ئويلىنىش ئىقتىدارىنىڭ بىزگە رېئاللىق ھەققىدىكى تونۇشلارنى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بىزنىڭ ھەقىقەت توغرىسىدىكى تونۇشلىرىمىزغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

مودېرنىزمچىلار بىلەن كېيىنكى مودېرنىزمچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرە نۇرغۇن دەتالاشلارغا سەۋەب بولغان. چۈنكى، بۇ دەتالاشنىڭ تۇگۇنى دۇنيانى چۈشىنىش،

ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۇرۇنۇشىمىز ۋە دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشلىرىمىزنىڭ ئارتۇقچە ياكى ئارتۇقچە ئەمەسلىكىگە بېرىپ چېتىلىدۇ.

كېيىنكى مودېرنىزملىق پىكىر يولى بىر خىل ئامىمىۋى ھەرىكەت سۈپىتىدە رەسساملىق، ئەدەبىيات، تېلېۋىزىيە، كىنو، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرگە تەسىرىنى كۆرسەتتى. كېيىنكى مودېرنىزملىق پىكىر يولىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، تەقلىدچىلىك. بىر - بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان مۇھىتلاردىن ۋە تارىخىي دەۋرلەردىن ھەر خىل ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ يۇغۇرۇۋېتىش؛ ئىككىنچى، قايتا ئىشلىنىش. كىنايە تۇيغۇسى ئارىلاشقان ئۆزىنى تونۇش ئىقتىدارى؛ ئۈچىنچى، نىسبىيلىك. ھەقىقەتنىڭ مۇتلەق ئۆلچىمىنىڭ يوق بولۇشى؛ تۆتىنچى، ئەنئەنىۋى سەنئەت شەكىللىرىگە قارشى چىقىش. مەسىلەن، ئەدەبىياتتا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تەرتىپلىك يوسۇندا ۋەقە بايان قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا قارشى چىقىش؛ بەشىنچى، جەۋھەر مەدەنىيەت ۋە ئاۋام مەدەنىيىتى دېگەندەك ئايرىش شەكىللىرىگە قارشى چىقىش؛ ئالتىنچى، مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ ئاپتورى ياكى ئىجادچىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇنچە ئىشىنىپ كەتمەسلىك.

## كېيىنكى مودېرنىزم ساھەسىدىكى مۇھىم مۇتەپەككۇرلار: دېررىدا ۋە لىئوتارد

دېررىدا كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەسىگە زور تۆھپە قوشقۇچىلارنىڭ بىرى. دېررىدانىڭ قارىشىچە، غەرب ئىدىيەلىرىنى «بۇگۇن مېتافىزىكىسى» دېگەن ئىبارە بىلەن يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك، غەرب مۇتەپەككۇرلىرى

ئىزچىل رەۋىشتە رېئاللىق ھەققىدە بىۋاستە ئۇدۇل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا، مەنە ۋە شەرھلەرنىڭ ئوچۇق، ئېنىق بولۇشىغا تىرىشىپ كەلدى دېگەنلىكتۇر. لېكىن، غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقى ئۇنۇم بەرمىدى. چۈنكى، ئىدراك تىل بوپىسىنى يۇدۇۋالغىنى ئۈچۈن، مۇتلەق، ساپ ھەقىقەتكە پىكىر قىلىش يولى بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ. رېئاللىق ھەققىدە يۈزدە يۈز ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. سەۋەبى، تەھلىل جەريانى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمىدىغان مېتافورالارنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئاشىدۇ.

دېرىدانىڭ «تېكىست چەمبىرىكىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، تېكىست ئۇقۇمىنى ياخشىراق چۈشىنىش زۆرۈر. تېكىست ۋە تىلنى قۇراشتۇرۇپ چۇۋۇش جەريانى ھەرگىزمۇ كىتابلار، ئېيتىملار ۋە ئۇقۇم خاراكتېرلىك، سېمانتىك مەزمۇنلار دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئەكسىچە، تېكىست شۇنچىلىك كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇمكى، ئۇ ئوي سىستېمىسىنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ئوي سىستېمىسى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ ئىزناسىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ. بىزنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز، بىلىمنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن باغلىنىشلىق شەكىللىرى ۋە ئاشۇ بىلىم شەكىللىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي كونتېكىستى تەبىئىي رەۋىشتە تېكىستنىڭ ۋاستىلىك رولى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. شەرھ نۇسخىلىرىنى ياراتقان بىر تېكىست يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تېخىمۇ يېڭى تېكىستلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا يول ئاچىدۇ. دېرىداغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەتتە تېكىست بىلەن شەرھ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ياكى رېئاللىق سۈپىتىدە روياپقا چىققان دۇنيا نۇسخىلىرى بىلەن شەرھ سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن بىلىم شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئېنىقسىزلىق بىلەن

تولغان.

يەنە بىر مۇتەپەككۇر لىئوتارد ئۆزىنىڭ «كېيىنكى مودېرنىزم شارائىتى» (1979 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدە تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ 1960 ـ يىللاردىن باشلاپلا كېيىنكى مودېرنىزمچە تۇرمۇش شارائىتىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە بۇ ئەسىرى ئارقىلىق كېيىنكى مودېرنىزمنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىقتا مۇھىم بىر تېما سۈپىتىدە قولغا ئېلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن. لىئوتاردنىڭ قارىشىچە، كېيىنكى مودېرنىزم بىر خىل ئىجادىي پىكىر يولىلا ئەمەس، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي شارائىت. ئۇ شۇنداق بىر ئىجتىمائىي شارائىتكى، ئۇنىڭدا ئىككى يۈز يىلدىن بېرى ئىلمىي ئەمگەك پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئىككى خىل چۈشەنچىگە شۈبھە تۇغۇلدى.

شۈبھە تۇغۇلغان بىرىنچى چۈشەنچە «ئازادلىق» شوئارى بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ناتسىستلار گېرمانىيەسى دەۋرىدە كەڭ كۆلەملىك قىرىلىشى، سوۋېتنىڭ گۇلاخ تاقىم ئاراللىرىدىكى تۇرمىلەردە قىلغان ۋەھشىيلىكلىرى، قىرغىنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئاتوم بومبىسىنىڭ ياسىلىشىدا پەننىڭ رولى بولغانلىقى قاتارلىق ئامىللار ئىنسانلارنى ئازاد قىلىش شوئارىنىڭ بىر چۈش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يەنە بىر چۈشەنچە «ھەقىقەت شوئارى» بولۇپ، پەن پەلسەپىسى ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ بايانلىرى ھەقىقەتنىڭ قۇتلۇق بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مانا مۇشۇنداق ئىككى چۈشەنچىگە گۇمان تۇغۇلۇشى بىلەن، تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق مۇتلەق كاپالەت بولمىغان، ئېيتىلغان بايانلىرى توغرۇلۇق مۇتلەق بىر ئۆلچەم بولمىغان، ئەكسىچە پەقەت تىل ئويۇنىلا بولغان بىر شارائىتتا ياشايدىغان بولدى.

نەقىل مەنبەلىرى:

1. بەررى سىمارت: «كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەسى»، 2000 ـ يىلى نەشرى.

Barry Smart. 2000. Postmodern Social Theory. from "Blackwell Companion to Social Theory", pp. London: Blackwell.

2. فىلىپ سىمىس: «مەدەنىيەت نەزەرىيەسى»، 2008 ـ يىلى نەشرى.

Philip Smith. 2008. Cultural Theory (2nd edition). London: Blackwell.

تېكست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Jacques Derrida ( — 1930) ياكوس دېررىدا

Jean-Francois Lyotard (1998 — 1924) ژان لىئوتارد

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Postmodernism Theory 后现代理论 كېيىنكى مودېرنىزم نەزەرىيەسى

Modernism 现代主义 مودېرنىزم

Objective Reality 客观现实 ئوبيېكتىپ رېئاللىق

Relativity 相对性 نىسبىيلىك

Emancipation 解放 ئازادلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئون توققۇزىنچى باب

# ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى

## نېمە ئۈچۈن ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى بىلەن تونۇشىمىز؟

ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى بويىچە قارىغاندا، ئىجتىمائىي سىستېمىلار ئادەملەر ئەقلىي رەۋىشتە ھەرىكەتكە ئۆتسە، باشقىچە بىر تاللاش يولى بىلەن ئوخشىمىغان نەتىجىلەرنى روياپقا چىقىرالايدىغان بىر شەكىلدە تۈزۈلگەن بولىدۇ. بۇ ھال ئادەملەرنى كۆز ئالدىدىكى چەكلىمىلەر ۋە ئىمكانىيەتلەر ئىچىدە ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بىر ھالەتتە ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى ئىنسان پسىخىكىسى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئەقلىي تاللاش، ئاقىلانە قارارغا ئىمكانىيەت يارىتىدىغان تاسادىپىيلىقلار ۋە قىلىپ، قائىدىلەرنىڭ مەۋھۇم قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن كۆزىتىدۇ.

قارار نەزەرىيەسى ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، چوڭ تەشكىلات، ئورگانلاردا كوللېكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈش ۋە قارار چىقىرىشتا تەتبىقلىنىدۇ. قارار نەزەرىيەسى بويىچە مەسىلىنى كۆزەتكەندە، ئەقلىي، سىستېمىلىق بولغان تاللاش يولى مۇنداق بىرقانچە باسقۇچنى تەقەززا قىلىدۇ: بىرىنچى، ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن، ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ياكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار بولغان ئىش ۋە شەرت ـ شارائىت ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى يىغىش باسقۇچى؛ ئىككىنچى،

تۇرلۇك تاللاش ئىمكانىيەتلىرىنى تىزىپ، كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بېرەلەيدىغان ـ بېرەلمەيدىغانلىقى بويىچە رەتكە تىزغىزۇش باسقۇچى؛ ئۈچىنچى، ئاخىرىدا ئەڭ ياخشى نەتىجە بېرەلەيدىغان تاللاشنى قارار سۈپىتىدە بېكىتىش باسقۇچى.

ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ ئىككىنچى تۈرى — ئويۇن نەزەرىيەسىدۇر. ئويۇن نەزەرىيەسى ئادەملەرنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇھىتلاردا دۇچ كەلگەن ھەمكارلىق ئېھتىماللىقى، رىقابەت ئېھتىماللىقى قاتارلىقلارنى قانداق تاللايدىغانلىقىنى يېشىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. بۇ خىل پىكىر يولى بويىچە قارىغاندا، ئادەملەر ئەقلىي تاللاش پىكىر يولىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى تۆلەيدىغان بەدەللەرنى ئازايتىپ، ئېرىشىدىغانلىرىنى ئاۋۇتۇشقا ۋە بۇ ئارقىلىق خېيىم ـ خەتىرى، زىيىنى ئەڭ ئاز بولغان نەتىجىگە ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئامىل باشقىلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە مۇددىئاسى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش.

ئويۇن نەزەرىيەسىگە دائىر مەشھۇر بىر تەجرىبە «مەھبۇسنىڭ تەڭقىسلىقى» بولۇپ، بۇ تەجرىبىدە ئىككى ئادەم ئايرىم ـ ئايرىم سوراق قىلىنىدىغان ئىككى جىنايەت گۇماندارىنىڭ رولىنى ئالىدۇ. بۇ ئىككى ئادەم تۆۋەندىكىدەك تەڭقىسلىققا يولۇقىدۇ: بىرىنچى، ئەگەر ھەر ئىككىيلەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلمىسا، يەڭگىلرەك جازاغا ئۇچرىشى مۇمكىن؛ ئىككىنچى، ئەگەر ھەر ئىككىيلەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلمىسا، جازا ئېغىرراق بولۇشى مۇمكىن؛ ئۈچىنچى، ئەگەر ئارىدا بىرەيلەن ئىقرار قىلىپ يەنە بىرەيلەن ئىقرار قىلمىسا، ئۇ ھالدا ئىقرار قىلغىنى قويۇۋېتىلىپ، ئىقرار قىلمىغىنى ئېغىر جازاغا ئۇچرىشى مۇمكىن. بۇ تەجرىبىنىڭ نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەجرىبىگە قاتناشقۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا يەنە بىر ئادەمنى ئىقرار قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ ئىقرار قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىككى

«مەھبۇس»قا مەسلىھەتلىشىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسا، ئۇلار ھەمكارلىشىپ قارار چىقىرىشى مۇمكىن.

ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى ئىقتىسادشۇناسلىقتا زور تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ، جەمئىيەتشۇناسلىقتىمۇ ئوخشاشلا قىزغىن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئىجتىمائىي تور، كوللېكتىپ ھەرىكەت ۋە ئىجتىمائىي توپ تەتقىقاتىدا تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك.

## ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلەر

ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ مەقسىتى ئىجتىمائىي سىستېمىدىكى ھەرىكەت مودېللىرىنى يېشىپ بېرىش. بۇ خىل نەزەرىيە يولى بويىچە قارىغاندا، بىر سىستېما ھەققىدىكى تەھلىل ئاشۇ سىستېمىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە نۇقتىلىق ھالدا قارىتىلىشى كېرەك. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ۋە شەخس ھەرىكىتى بىلەن سىستېما ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى جەريانىنى شەرھلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى بويىچە قارىغاندا، ئىجتىمائىي سىستېمىلار ھەرگىزمۇ ئادەملەرنىڭ، ئادەملەر ھەرىكىتىنىڭ جۇغلانمىسىدىن پۈتكەن ئەمەس. ئادەملەر بىر يەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىدىن ھەمىشە دېگۈدەك ئاشۇ ئىجتىمائىي سىستېمىلارنى تەشكىل قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىدىكىدىن پەرقلىنىدىغان ئىجتىمائىي نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. يەنە كېلىپ، ئىجتىمائىي سىستېمىلاردا ھەم ئادەملەرنى چەكلەيدىغان، ھەم ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى ماكرولۇق، مىكرولۇق تەھلىل مېتودلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇلما بىلەن تۈرتكە

كۆچ ئوتتۇرىسىدىكى دىيالېكتىكىلىق جەرياننى يېشىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ.

ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە ماس ھالدا قانداق قارار چىقىرىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدۇ. بىر ھادىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئادەمدە ئاشۇ ھادىسىگە تۈرتكە بولغان كۈچنىڭ ماھىيىتى، مەنبەسى ھەققىدە قوشۇمچە بىلىم ۋە ئەقلىي قىياس بولۇشى لازىم. ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى، ئارزۇ - ئىستىكى ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا يېتىلىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي تاللاش ئادەمدىن مۇئەييەن بىر مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلما ھەققىدە چۈشەنچە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى تاللاش ئىمكانىيەتلىرىدىن پۈتكەن پۈرسەت ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئىچىدە يېتىلىدۇ؛ ئادەملەرنىڭ تاللىشىغا ھامان چەكلىمىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ھەرىكەت قىلغاندا ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە قىزىقىشىنى نەزەرگە ئالمىسا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، شەخسىيەتچىلىك قارشى ئېلىنمايدۇ.

ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى بايان باسقۇچىدا توختاپ قالماي، ئوبيېكتىپ شەرھلەشكە تىرىشقان ئۇچۇق نۇقتىئىنەزەرلەر، لوگىكىلىق ئەقلىي خۇلاسىلەر ۋە قىياسلار ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ؛ شۇنداقلا، ئىزاھ مودېللىرىنىڭ ئاددىي بولۇشىغا، نەزەرىيەنى نېگىزلىك ئېلېمېنتلارغا پارچىلاپ چۈشەندۇرۇشكە تىرىشىدۇ. تۆۋەندە بىز ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان بىرقانچە مۇھىم جەمئىيەتشۇناس ۋە مۇتەپەككۇرنىڭ ئىدىيەلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشىمىز:

ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى جورج خومانىس (1910 —

www.uyghurkitap.com

1989)نىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتى ئادەملەرنىڭ ئېرىشىدىغانلىرىنى ئاۋۇتۇپ، تۆلەيدىغان بەدەللىرىنى ئازايتىشتىن ئىبارەت بىر ئىستىھكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. كىشىلەر مەنپەئەت ئالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىلا ئاندىن مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي ئالاقىگە قاتنىشىدۇ. خومانسىنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق مۇقىم بىر ئالاقە شۇ ئالاقىگە ئىشتىراك قىلغۇچى ھەرىكەت ئىجراچىسى مۇئەييەن نۇقتىدىن نەپ ئالىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتۇر. ئەگەر بۇ مۇناسىۋەتتە، بىر تەرەپ «نەپ»كە ئېرىشەلمىسە، ئۇ كىشى بۇنداق ئالاقىدىن چېكىنىدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ نەپ ئالىدىغان ئالاقىگە دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. جورج خومانىس بۇنداق ئەقلىي تاللاش جەريانى ھەققىدە بىر قاتار قىياسلارنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ.

ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىدىكى يەنە بىر مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئامېرىكىلىق پېتىر بلاۋ (1918 ـــ) بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي ھاياتتا كېلىشتۈرمە ئالاقە ۋە ھوقۇق» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە جورج خومانسىنىڭ ئەقلىي تاللاشنى ئىنسان پىسخىكىسىدىن ئىزدىگەن پىكىر يولىدىن بىر قەدەم ھالقىپ، قۇرۇلما ئانالىزى يۈرگۈزگەن ۋە «كېلىشتۈرمە ئالاقە نەزەرىيەسى» مودېلىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. پېتېر بلاۋنىڭ قارىشىچە، ھوقۇق مۇناسىۋىتى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەندە، ھەرىكەت ئىجراچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتى يوقىتا چىقىشى مۇمكىن. پېتېر بلاۋ يۇقىرىقى ئەسىرىدە ئورگان، تەشكىلاتلاردىكى دەرىجە ـ تەبىقە مۇناسىۋىتىنى ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇپپىنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالىنى شەرھلەشتە كېلىشتۈرمە ئالاقە نەزەرىيەسىنىڭ قانداق تەتبىقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادشۇناسلاردىن گارى بېكېر

ئۆزىنىڭ «ئىنسان ھەرىكىتىنى ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش» (1976 ـ يىلى) ناملىق كىتابىدا ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ يۈرگۈزۈلگەن ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنى قوللىنىپ، ئائىلىدە مېھىر ـ مۇھەببەت، رىشتىنىڭ ۋە جەمئىيەتتە جىنايى ھەرىكەتنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى يېشىپ بېرىشكە تىرىشقان. يەنە سىياسىي ئىلىم تەتقىقاتىدىمۇ ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ئانتونى دوۋنىس ۋە مەنكۇر ئولسون قاتارلىق سىياسىيشۇناسلار ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي تەشكىللەنگەن تەشكىلاتلار، ئورگانلاردا، قارشىلىق ھەرىكەتلىرىدە كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كوللېكتىپ ھەرىكەتكە قاتنىشىدىغانلىقىنى يېشىپ بېرىشكە تىرىشقان. مەنكۇر ئولسون ئۆزىنىڭ «كوللېكتىپ ھەرىكەت مەنتىقىسى» ناملىق ئەسىرىدە نېمە ئۈچۈن ئورتاق بىر مەنپەئەتتە تەشكىللەنگەن، بىرەر تەشكىلاتنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرى خالاپ كوللېكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى يېشىپ بېرىش ئۈستىدە ئىزدەنگەن. مەنكۇر ئولسوننىڭ قارىشىچە، كىشىلەر بىر كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك كوللېكتىپ ھەرىكەتكە قاتناشمىغىنىدا، ئەقىلسىزلىك قىلغان ئەمەس، بەلكى ئاقىلانە قارار چىقارغان بولىدۇ. سەۋەبى، ئەگەر ئۇ گۇرۇھ ياكى تەشكىلات كوللېكتىپ ھەرىكىتىدە غەلىبە قىلىپ قالسا، بۇ غەلىبىنىڭ مېۋىسى، نېسىۋىسى ئوخشاشلا ھەرىكەتكە قاتناشمىغۇچىغىمۇ تېگىدۇ. مەنكۇر ئولسوننىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرى ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

جورج خومانس ۋە پېتېر بلاۋدىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى

يەنە بىر مۇھىم جەمئىيەتشۇناس جامېس كولمان ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىگە ھەسسە قوشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ «جەمئىيەت نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە جەمىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە بىرلىككە كەلگەن بىر نەزەرىيە سىستېمىسى تۇرغۇزۇشقا تىرىشقان. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ياقلىغۇچىلار بۇ ئەسەرنى ئېمىل دۇركىم ۋە تالكوت پارسونسنىڭ بىرلىككە كەلگەن نەزەرىيە سىستېمىسى ھەققىدىكى تىرىشچانلىقىدىن كېيىن قىلىنغان يەنە بىر ئۇرۇنۇشنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. جامېس كولمان بۇ ئەسىرىدە ئوخشاشلا ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىدىن پايدىلانغان.

جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن ئەسەرلەردىن يەنە جورج خومانىسنىڭ «ئالىمان» (1950 ـ يىلى)، «ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى» (1961 ـ يىلى)، «ھېسسىيات ۋە پائالىيەت» (1962 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرى، پېتىر بلاۋنىڭ «مۇنتىزىم تەشكىلاتلار: سېلىشتۇرما ئانالىز» (1962 ـ يىلى)، «بىيۇروكراتلىق دىنامىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى، جامېس كولماننىڭ «كوللېكتىپ ھەرىكەت ماتېماتىكىسى» (1973 ـ يىلى)، «جامائەتچىلىك ئىچىدىكى زىددىيەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ماركسىزمچى جەمئىيەتشۇناس جون ئېلىستېرنىڭ قارىشىچە، ئەقلىي تاللاش جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئەڭ مۇنتىزىم نەزەرىيە. ئۇ ئىنسانلارنىڭ مەقسىتىگە يېتىشى ئۈچۈن ئىملەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ، قانداق غايىلەرنى تىكلەش زۆرۈرلۈكىنى سەمىگە سالىدۇ. ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ تەھلىل نۇقتىسى ھەرىكەتتىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى ۋە ئۇنىڭ ئەقلىي ياكى ئەقلىي بولمىغانلىقىنى بىلىشتىكى ئۆلچەم دەل ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە

قاراشتۇر. مەلۇم بىر نەرسىگە ئېشىنىش ئۇچۇن كىشىلەرنىڭ ئېشەنچىسىنى يېتەكلەيدىغان دەلىل ـ ئىسپات بولۇشى كېرەك. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئەقلىي ھەرىكەت مۇنداق ئۇچ تۇرلۇك ئەھۋال ئاستىدا كۆڭۈلدىكىدەك ھەرىكەت بولغان بولىدۇ: بىرىنچى، شەخسنىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكىگە ئۇيغۇن نەتىجىنى روياپقا چىقىرالايدىغان جەريان؛ ئىككىنچى، دەلىل ـ پاكىتى بار ئەھۋالدا ئاساسىي بار ئىشەنچىنى تۇرغۇزالىغان جەريان؛ ئۇچىنچى، ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە ئىشەنچ بولسا زۆرۈر پاكىتلارنى يىغىدىغان جەريان.

نەقىل مەنبەلىرى:

1. جوناتان تۇرنېر: «جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ قۇرۇلمىسى»، 1991 ـ يىلى نەشرى.

Jonathan Turner . 1991 . Structure of Sociological Theory . Belmont : Wadsworth .

2. پېتېر ئابېل: «جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيەسى ۋە ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى»، 2000 ـ يىلى نەشرى.

Peter Abell . 2000 . Sociological Theory and Rational Choice Theory from " Blackwell Companion to Social Theory, London ": Blackwell .

## تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

| | | |
|---|---|---|
| George Homans | (1989 — 1910) | جورج خومانس |
| Peter Blau | (  — 1918) | پېتېر بلاۋ |
| Mancur Olson | (1998 — 1932) | مەنكۇر ئولسون |
| James Coleman | (1995 — 1926) | جامېس كولمان |

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسى
Rational Choice Theory 理性选择理论

قارار نەزەرىيەسى
Decision Theory 决定理论

ئويۇن نەزەرىيەسى
Game Theory 游戏理论

مەھبۇسنىڭ تەڭقىسلىقى
Prisoner ' s Dilemma 囚犯的困境

خەتىرى، زىيىنى ئاز بولغان چارە
Minimax Solution 风险值达到极小的策略

كېلىشمە ئالاقە نەزەرىيەسى
Exchange Theory 交换理论

# يىگىرمىنچى باب

# توقۇنۇش نەزەرىيەسى

## نېمە ئۈچۈن توقۇنۇش نەزەرىيەسى بىلەن تونۇشىمىز؟

توقۇنۇش نەزەرىيەسى — ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشىدىغان ئادەملەرنىڭ ياكى ئىجتىمائىي توپنىڭ ھەرىكىتىدە روياپقا چىقىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان نەزەرىيەدۇر. بۇ خىل پىكىر يولى بويىچە قارىغاندا، كىشىلەر بىر جەمئىيەتتە ھوقۇق، بايلىق، ئابرۇي ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشىدۇ. بۇنداق رىقابەت ھەر خىل شەكىلدە ئەكس ئېتىدۇ. ئارىدىكى كۈرەشلەر، ئېلىشىشلار ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ، كۈندىلىك ھاياتنىڭ شەكىللىرىنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى سىنىپىي تەڭسىزلىك، ئىرقىي تەڭسىزلىك ۋە مىللىي تەڭسىزلىكنىڭ شەكىللىرىنى يارىتىدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەسى جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى مۇھىم نەزەرىيەلەرنىڭ بىرى. گەرچە توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرى كارل ماركستىن ۋە ئۇنىڭ كاپىتالىزم ھەققىدىكى تەنقىدلىرىدىن ئىلھام ئالغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، دۇنيا سىياسىتىدىن تارتىپ خەلقئارا مۇناسىۋەتكىچە، ھەتتا كۈندىلىك ئالاقىگىچە بۇ خىل تەھلىل مودېلىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

ئىجتىمائىي زىددىيەت ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. كارل ماركسنىڭ قارىشىچە، زىددىيەت، توقۇنۇشلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى ئىقتىسادىي ئامىل بولۇپ، مەھسۇلات، ئىگىدارچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش

www.uyghurkitap.com

ھوقۇقىنىڭ تەكشىسىزلىكى زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ. ماكس ۋېبېر بولسا زىددىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئىرق، مىللەت، دىن قاتارلىق ئامىللار ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەشكىلىي جەريانىدىن ئىزدەيدۇ. رالف دارېندورفنىڭ قارىشىچە، زىددىيەتنىڭ تۈگۈنى ھوقۇق. كونترول قىلغۇچىلار بىلەن كونترول قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ.

توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرىنىڭ تەھلىل نۇقتىسىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل پىكىر يولى پەرقلىق، زىددىيەتلىك مەنپەئەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشكە مەنبە بولغان ئىجتىمائىي سىستېمىلارنى زادى قانداق بىر كۈچىنىڭ يۈرۈشتۈرۈۋاتقانلىقىنى شەرھلەشكە تىرىشىدۇ ۋە زىددىيەتنىڭ تۈرلۈك ئاقىۋەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن كارل ماركس، رالف دارېندورف، لېۋىس كوزېر، راندال كوللىنس قاتارلىقلار بار.

## توقۇنۇش نەزەرىيەسىنىڭ تەرەققىيات يولى ۋە ئاساسلىق ئىدىيەلىرى

19 - ئەسىر ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جەمئىيەت نەزەرىيەچىلىرى جەمئىيەتتىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى تەھلىل دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكەنىدى. 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، فۇنكسىيىزمچى جەمئىيەتشۇناسلار ئورتاق قىممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىقنى تەقەززا قىلىدىغان مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي سىستېما ئۇقۇملىرىنى بەكرەك تەكىتلەپ، جەمئىيەتتە زىددىيەت، توقۇنۇشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا سەل قارىدى. كېيىنچە بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، زىددىيەت، توقۇنۇشنى بىر جەمئىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا پايدىسىز دېگەن تونۇشتا

بولدى.

1950 ـ يىللار بىلەن 1960 ـ يىللار ئارىلىقىدا بەزى جەمئىيەتشۇناسلار كارل ماركس ۋە گېئورگ زىممېل ئىدىيەلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، توقۇنۇش نەزەرىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تىرىشتى ۋە فۇنكسىيىزمچى جەمئىيەتشۇناسلارغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئەسلىدە كارل ماركس ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ دىيالېكتىكىلىق ئىسخېمىسىنى سىزىپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پۈتكۈل جەمئىيەت كاپىتال ۋە ئەمگەكنى مەركەز قىلىپ تۈرۈپ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىدۇ، زىددىيەت جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدۇ. كارل ماركستىن كېيىن گېرمانىيەلىك جەمئىيەتشۇناس گېئورگ زىممېل جەمئىيەتتە زىددىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى، ئەمما ماركسچە دىيالېكتىكىلىق مودېلدىن يانداپ ئۆتۈپ كەتتى ھەم زىددىيەتنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي سىستېمىنى گۇمران قىلىدىغانلىقىدىن گۇمانلاندى. گېئورگ زېممېلنىڭ قارىشىچە، زىددىيەت، توقۇنۇشلارنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا پايدىسى بار؛ زىددىيەت بىر ئىجتىمائىي كۆچنى، كوللېكتىپنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق. لېۋىس كوزىر زىممېلنىڭ پىكىر يولىغا ۋارىسلىق قىلىپ، زىددىيەت، توقۇنۇشلارنىڭ كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. لېۋىس كوزىرنىڭ قارىشىچە، زىددىيەت — جەمئىيەتتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش يولىدىكى مۇقەررەر بىر جەريان، ئۇ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. كۆپ مەنبەلىك جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتى، قىزىقىشلىرى ھەر خىل بولىدۇ. دەل ئاشۇ ھەر خىل مەنپەئەتلەر ئارىسىدا مۇۋازىنەتنى ساقلىغان زىددىيەتلەر جەمئىيەتتە ئېغىر داۋالغۇش بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ «ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ پايدىسى» ناملىق كىتابىدا ئىلگىرى سۈردى. رالف دارېندورف

بولسا كارل ماركستىن پەرقلىق يول تۇتۇپ، «ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدىكى يادرولۇق زىددىيەت كاپىتالنىڭ ئەمەس، ھوقۇق ۋە نوپۇزنىڭ تارقىلىشىدا ئەكس ئېتىدۇ، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى گۇرۇھ بىلەن ئېزىلگۈچى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك مەنپەئەت كۈرىشى توقۇنۇشلارغا يول ئاچىدۇ» دېگەن قاراشنى ياقلىدى. رالف دارېندورفنىڭ قارىشىچە، سانائەتلىشىش داۋامىدىكى زىددىيەتلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلەنسە، زىددىيەتنىڭ باشقا ساھەلەرگە كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بىر جەمئىيەتتە نوپۇز ۋە ھوقۇق جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق مۇئەييەن دائىرىدىكى زىددىيەتلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ھوقۇق ۋە نوپۇز شۇ جەمئىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۈرۈشىدىغان ئىجتىمائىي سىستېمىلار داۋامىدا پەيدا بولىدۇ ۋە زىددىيەتلىك مەنپەئەت كۈرىشى داۋامىدا ھامان توقۇنۇشلارغا يول ئاچىدۇ. رالف دارېندورف كارل ماركسنىڭ زىددىيەتنى ئىككى قۇتۇپ نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىشىغا قارشى تۇرغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر جەمئىيەتتىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلار كۆپ مەنبەلىك بولىدۇ؛ ھەرگىزمۇ ماركس ئېيتقاندەك كاپىتالىستلار بىلەن ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە باغلىنىپ قالمايدۇ. رالف دارېندورفنىڭ بۇ قاراشلىرى ئۇنىڭ «ئىجتىمائىي زىددىيەت نەزەرىيەسى» ناملىق ئەسىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

داۋىد لوكۇۋۇد بولسا پەرقلىق يول تۇتۇپ، زىددىيەتنى سىستېما زىددىيىتى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەت دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، سىستېما زىددىيىتى بىر جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمىلىرىدە ماسلىشالماسلىق كۆرۈلگەندە پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، سىياسىي سىستېمىلاردا جەمئىيەتنى تىزگىنلەيدىغان سىياسەتلەر يولغا قويۇلغاندا، ئىقتىسادىي

سىستېمىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن توقۇنۇشىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. ئىجتىمائىي زىددىيەت بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئادەملەر ئارىسىدا ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە داۋامىدا پەيدا بولىدۇ. داۋىد لوكۇۋد يەنە جەمئىيەتتىكى بىردەكلىكنى سىستېما بىردەكلىكى ۋە ئىجتىمائىي بىردەكلىك دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، سىستېما بىردەكلىكى ئىجتىمائىي سىستېما، ئىقتىسادىي سىستېما ۋە سىياسىي سىستېما ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي بىردەكلىك بولسا بىر جەمئىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي مىزانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. داۋىد لوكۇۋدنىڭ قارىشىچە، سىستېما بىردەكلىكى بولماي تۇرۇپ ئىجتىمائىي بىردەكلىك ئىشقا ئېشىۋېرىدۇ. مەسىلەن، ئىقتىسادىي كرىزىس سىستېما زىددىيىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ، ئەمما ئىجتىمائىي بىردەكلىكنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولالمايدۇ. داۋىد لوكۇۋد ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى 1964 - يىلى يازغان «سىستېما بىردەكلىكى ۋە ئىجتىمائىي بىردەكلىك» ناملىق ماقالىسىدە ئىلگىرى سۈرگەن.

راندال كوللىنس توقۇنۇش نەزەرىيەسىدىكى يەنە بىر مۇھىم نەزەرىيەچى بولۇپ، زىددىيەتنىڭ يىلتىزىنى ھەرىكەت ئىجراچىلىرىنىڭ مىكرو ھەرىكەتلىرىدىن ئىزدەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىلھام مەنبەسىنىڭ ھادىسىشۇناسلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرى «زىددىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى» ناملىق ئەسىرىدە ئەكس ئېتىدۇ.

1960 - يىللاردا ماركسىزمنىڭ جەمئىيەت نەزەرىيەسىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، فۇنكسىيىزمچىلار بىلەن توقۇنۇش نەزەرىيەچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە بارغانچە سۇسلىدى؛ توقۇنۇش نەزەرىيەسى جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى ماكس ۋېبىر

پىكىر يولى بىلەن كارل ماركس پىكىر يولىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى يۈزلىنىشكە يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. بۈگۈنكى زامان جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدە توقۇنۇش نەزەرىيەسى باشقىچە بىر شەكىلدە، يەنى ئانتونى گىددىنسنىڭ قۇرۇلمىلىشىش نەزەرىيەسىنىڭ ۋە ئەقلىي تاللاش نەزەرىيەسىنىڭ ئەندىزىسىدە راۋاجلانماقتا.

**نەقىل مەنبەلىرى:**


1. لېۋىس كوزېر: «ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ پايدىسى»، 1956 ـ يىلى نەشرى.

Lewis Coser . 1956 . The Functions of Social Conflict . London: Free Press of Glenoe

2. رالف دارېندورف: «ئىجتىمائىي زىددىيەت نەزەرىيەسى»، 1958 ـ يىلى نەشرى.

Ralf Dahrendorf . 1958 . Toward a Theory of Social Conflict Resolution 2 .

3. راندال كوللىنس: «زىددىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى»، 1975 ـ يىلى نەشرى.

Randal Collins . 1975 . Conflict Sociology . New York: Academic Press .

4. جون سكوت: «بۈگۈنكى زاماندىكى مەشھۇر 50 جەمئىيەتشۇناس»، 2007 ـ يىلى نەشرى.

John Scott . 2007 . Fifty Key Contemporary Sociologists . London: Routledge .


**تېكست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى**

| | | |
|---|---|---|
| Ralf Dahrendorf | (2009 — 1929) | رالف دارېندورف |
| Lewis Coser | (2003 — 1913) | لېۋىس كوزېر |
| Randall Collins | ( — 1941) | راندال كوللىنس |
| David LoCKwood | ( — 1942) | داۋىد لوكۇۋۇد |

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە - خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Conflict Theory 冲突理论 توقۇنۇش نەزەرىيەسى
Function of Conflict 冲突的作用 زىددىيەتنىڭ رولى
System Conflict 系统冲突 سىستېما زىددىيىتى
Social Conflict 社会冲突 ئىجتىمائىي زىددىيەت
System Integration 系统整体 سىستېما بىردەكلىكى
Social Integration 社会整体 ئىجتىمائىي بىردەكلىك
Conflict Sociology 冲突社会学 توقۇنۇش جەمئىيەتشۇناسلىقى

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مۇھىم مۇتەپەككۇرلار

### مەنيۇل كاستېلس: تور دەۋرىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

مەنيۇل كاستېلس 1942 ـ يىلى ئىسپانىيەدە تۇغۇلغان. پارىژ، كالىفورنىيە، توكيو، بارسېلونا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەكلىپلىك پروفېسسور بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى، تور دەۋرى، يەر شارىلىشىش قاتارلىق مۇھىم تېمىلارنى تۇتقا قىلغان بىر بۆلۈك ئەسەرلىرى بىلەن خەلقئارا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە ۋە «ماكس ۋېبېردىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم جەمئىيەتشۇناس، كېيىنكى سانائەتچىلىك دەۋرىنىڭ نەمۇنىچىسى» دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلەنمەكتە. 1998 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققانغا قەدەر ئامېرىكىدىكى كالىفورنىيە بېركلېي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئۇچۇر دەۋرى: ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت» (ئۈچ توم، 1996 — 1998 ـ يىللىرى)، «تور جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى» (1996 ـ يىلى)، «كىملىكنىڭ كۈچى» (1997 ـ يىلى)، «شەھەر تۇغدۇرغان سوئاللار: ماركسىزملىق مېتود» (1977 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

مەنيۇل كاستېلس ئىلمىي ئىجادىيىتىنىڭ بېشىنى ماركسىزملىق پىكىر يولى بىلەن باشلىغان، ئۆزىنىڭ شەھەر ھەققىدىكى ئىلمىي ئەسەرلىرىدە دەسلەپتە ماركسىزمچە نەزەرىيەلەرنى تەتبىقلاشقا تىرىشقان. يېقىنقى يىللاردا ئۇ ماركسىزمچە پىكىر يولىدىن چەتلەپ، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئالاقە تېخنىكىلىرىنىڭ تەسىرى ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدەندى. كاستېلسنىڭ نەزىرىدە، ئۇچۇر جەمئىيىتى تورلىشىش ۋە تور ئىگىلىكىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن روشەن خاراكتېرلىنىدۇ. يەر شارىلاشقان ئالاقىنىڭ ياردىمىدە باش كۆتۈرگەن بۇ خىل ئىگىلىك ئاخىرقى ھېسابتا كاپىتالىزمنىڭ يەر شارىلىشىشىدىن بارلىققا كەلگەن ئىگىلىكتۇر. ۋاھالەنكى، بۈگۈنكى جەمئىيەت ۋە كاپىتالىستىك ئىگىلىك ئۆتمۈشتىكىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. كاپىتالىزمنىڭ يەر شارىلىشىشى ھەرگىزمۇ كارل ماركس تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، ئىشچىلار سىنىپىغا ياكى ماددىي تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا باغلانغان ھادىسە بولماستىن، بەلكى كومپيۇتېر ۋە خەلقئارالىق تور تېخنولوگىيەسىنىڭ ياردىمىدە بارلىققا كەلگەن ھادىسىدۇر.

ئەلۋەتتە، ئۇچۇر ئىگىلىكىنىڭ باش كۆتۈرۈشى كىشىلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. بۈگۈنكى دۇنيادا ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى، جۈملىدىن تېلېۋىزور كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا. مەسىلەن، تېلېۋىزور بىر جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى تۇتۇپ تۇرغان سىمۋوللۇق ئالاقىنىڭ تىپى ۋە تىلىنى روياپقا چىقاردى. بۇ دېگەنلىك — كىشىلەر تېلېۋىزوردا كۆرگەنلىرىنى ئۆز ئالاقىلىرىدە كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغان بولىدى دېگەنلىكتۇر. بۇ جەرياندا كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئاۋام مەدەنىيىتى ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى ياردىمىدە يەر شارىلىشىشقا يۈزلەندى. مەنيۇل كاستېلس مۇنداق يازىدۇ:

«بىز ھازىر تور تېخنولوگىيەسىنىڭ ياردىمىدە يەر شارى بىر كەنتكە ئوخشاپ قالغان دەۋردە ياشاۋاتقىنىمىز يوق، بەلكى يەر شارىلىشىش مۇساپىسى بارلىققا كەلتۈرگەن ئومۇملاشقان سىمۋول ماكانىدا ياشىماقتىمىز.»

كاستېلىس 1997 ـ يىلى نەشردىن چىققان «ئۇچۇر دەۋرى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىككىنچى تومىدا ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دۇنياۋى قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. كاستېلىسنىڭ نەزىرىدە، بۇ خىلدىكى ئاممىۋى ھەرىكەتلەر يېڭىلىقلارنىڭ تېزلىكىدىن ئەنسىرىگەن كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي كىملىكنى قوغداش ئۈچۈن كونسېرۋاتىپلىق بىلەن كۈرەستىۋاتقان تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى، ئەتراپىدىكى مۇھىتنى، خىزمەت مۇھىتىنى، ئۆز يۇرتىنى كونترول قىلىشتا ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىماقتا.» ۋاھالەنكى، بۈگۈنكى تورلاشقان دۇنيادا ئۇچۇرنىڭ قۇدرىتىنى ۋە يەر شارى مىقياسىدا كېڭىيىۋاتقان يېڭىچە ئاۋام مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى نەزەرگە ئالغاندا، بارلىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق بولۇپ ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. سەۋەبى، مەيلى قانداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئاخىرقى ھېسابتا يەر شارىلاشقان تورنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي مۇھىتىغا ئاللىبۇرۇن كىرىپ بولدۇق.

مەنيۇل كاستېلىس يۇقىرىقى ئۆزگىرىشلەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتقا ۋە كىشىلەرنىڭ شەخسىي كىملىكلىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، تورلاشقان جەمئىيەتتە بىز ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىمىزنى ئۆتمۈشتىن ئىزدەش ئارقىلىق بايقىمايمىز،

بەلكى باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش داۋامىدا ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى يارىتىمىز. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە ئائىلە مۇناسىۋىتىگە ۋە ئەر - ئايالنىڭ كىملىكىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇرۇنقىدەك ئايالLARنىڭ رولىنى ئائىلىدىن، ئۆيدىن ئىزدەيدىغان دەۋر كەلمەسكە كېتىدۇ. لېكىن، تور جەمئىيىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقى سۈپىتىدە، تېخنىكىنىڭ ياردىمىدە ئۆز جامائەتچىلىكىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە قۇرۇلمىنى يېڭىلاش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

## ئۇلرىچ بېك: زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى داۋامىدىكى خېيىم - خەتەرلەر

ئۇلرىچ بېك 1944 - يىلى گېرمانىيەدە تۇغۇلغان. ھازىر ئەنگلىيە لوندون ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى. ئۇ يۇرگېن خابېرماس، نىكلاس لۇمان قاتارلىقلار بىلەن بىر قاتاردا گېرمانىيەلىك مەشھۇر ئۈچ جەمئىيەت نەزەرىيەچىسى دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ 1992 - يىلى نەشردىن چىققان «خەتەر ئىچىدىكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرى تېزلا دۇنيا ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ بۇ ئەسىرىدە زامانىۋىلىق مۇساپىسى داۋامىدا بارلىققا كېلىۋاتقان تۈرلۈك خېيىم - خەتەرلەرنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغان.

ئۇلرىچ بېكنىڭ قارىشىچە، يەر شارىلىشىش دەۋرىدە غەرب دۇنياسىدىكى كىشىلەر «ئىككىنچى زامانىۋىلىق» دەۋرىدە ياشىماقتا. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىككىنچى زامانىۋىلىق دەۋرى زامانىۋى تۈزۈملەر يەر شارىلاشقان، كۆندىلىك ھايات ئەنئەنە ۋە ئۆرپ - ئادەتنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلغان بىر دەۋردۇر. غەرب دۇنياسىدا كونا سانائەتنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى

www.uyghurkitap.com

خېيىم ـ خەتەر يامرىغان بىر جەمئىيەت ئىگىلىمەكتە. بۇ جەمئىيەت ئېنىقسىزلىق قاپلىغان، ھېچقانداق نىمىگە كېپىللىك ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدىغان، ھەرقانداق خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جەمئىيەتتۇر. بۇنداق بىر ھالدا خەتەردىن قانداق ساقلىنىش — يەر شارىلىشىۋاتقان كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئەڭ مۇھىم ھەم قىيىن مەسىلىدۇر.

ئۇنداقتا، نېمىشقا خېيىم ـ خەتەر يۈز بېرىدۇ؟ پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان يېڭىچە خەتەر شەكىللىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بەرھەقكى، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارغا نۇرغۇن مەنپەئەتلەرنى ئاتا قىلدى. ئەمما، تەرەققىيات بىلەن قوشۇلۇپ يېڭىچە، تاقابىل تۇرۇش تەس بولغان خېيىم ـ خەتەرلەرنىمۇ رويابقا چىقاردى. مەسىلەن، ماكدونالد، كېنتاكى قاتارلىق يەر شارىلاشقان تېز تاماق ئىگىلىكىنىڭ قانداق خېيىم ـ خەتەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

ئۇلرىچ بېك يۇقىرىقى ئەسىرىدە ھازىرقى دۇنيانىڭ بۇرۇنقىدىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرى ئۇچراپمۇ باقمىغان يېڭى خەتەر تۈرلىرىگە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھازىرقى زامان كىشىلىرى دۇچ كېلىۋاتقان خېيىم ـ خەتەرلەر تەبىئىي خېيىم ـ خەتەرلەر بولماستىن، بەلكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدىكى ئېنىقسىزلىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر. ھالبۇكى، بۇ خىلدىكى خېيىم ـ خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا ئالىملارغىلا ياكى سىياسىيونلارغىلا تايىنىپ ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. چوقۇم باشقا ئىجتىمائىي توپتىكى كىشىلەرنىمۇ بۇ كۈرەش

سېپىگە ئېلىپ كىرىش كېرەك. مەسىلەن، مۇھىتنى قوغداش، مەسىلىسى بۇرۇن ئېكولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئاساسلىق باش قاتۇرىدىغان مەسىلە ئىدى. ھازىر بۇ كۆرەش سېپىگە كەڭ خەلق ئۆزلۈكىدىن قاتناشمىسا، نېگىزلىك مەسىلىنىڭ ھەل بولمايدىغانلىقى ئايان بولماقتا.

## ژان بودىلئارد: نۇسخىلانغان رېئاللىق، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى

ژان بودىلئارد — فىرانسىيەلىك مەشھۇر مۇتەپەككۇر، كېيىنكى مودېرنىزم پىكىر ئېقىمىنىڭ مەشھۇر پېشۋالىرىدىن بىرى. 1929 - يىلى فىرانسىيەدە تۇغۇلغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «مىچېل فۇكاۋنى ئۇنتۇيلى» (1987 - يىلى)، «بەلگىنىڭ سىياسىي ئىگىلىكىگە تەنقىد» (1983 - يىلى)، «پارس قولتۇقى ئۇرۇشى يۈز بەرگىنى يوق» (1995 - يىلى)، «تاللانغان يازمىلار» (1988 - يىلى) قاتارلىقلار بار. ئۇ ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرى ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىدە كانادالىق مەشھۇر ئالاقە نەزەرىيەچىسى مارشال ماكلۇخاننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بودىلئاردنىڭ قارىشىچە، بۈگۈنكى دۇنيادا زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرى ھەرقانداق بىر تېخنولوگىيەلىك قورالنىڭكىدىن زور. تېلېۋىزورغا ئوخشاش ئېلېكترونلۇق تارقىتىش ۋاستىلىرى ھاياتىمىزنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىنى ئۆزگەرتتى. سەۋەبى، تېلېۋىزور بىزگە ئەتراپتىكى دۇنيا ھەققىدە تۈرلۈك - تۈمەن ئۇچۇر بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىزنىڭ ھاياتىمىزنىمۇ بەلگىلەپ قويماقتا. بودىلئارد ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كېلىۋاتقان بۇ رېئاللىقنى «نۇسخىلانغان رېئاللىق، يەنى تېلېۋىزوردىكى تۈرلۈك ۋە بەلگە ۋە زىيادە جىق ئىماگلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان رېئاللىق، ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان

كىشىلەرنى بولسا ئۈچۈر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئادەملەر» دەپ ئاتايدۇ.

ژان بودرىللاردنىڭ قارىشىچە، ئېلېكترونلۇق تارقىتىش ۋاستىلىرى بىزنىڭ ئۆتمۈش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈۋەتتى ھەم بىسەرەمجان، پۇچەك بىر دۇنيا پەيدا قىلدى. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بەلگىلەر ۋە ئىماگلارنىڭ تەسىرىدە سۈنئىي رېئاللىقتا، يەنى ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە روياپقا چىققان نۇسخىلانغان رېئاللىققا ئورۇن بوشاتتى. تارقىتىش ۋاستىلىرى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن بىر دەۋردە مەنە تېلېۋىزوردا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىماگلارنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كېلىدىغان بولدى. نەتىجىدە، بىز رېئال ئادەملەرگە، رېئال ئىشلارغا ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرىدە كۆرگەن ئىماگلارغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا مايىل بولدۇق. بۇ دەل تېلېۋىزور ئىسكەنجىسىدىكى ھاياتتۇر.

## ئېدۋار سەيىد: شەرقشۇناسلىق، غەرب ۋە باشقىلار

شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، ئېدۋارد سەيىد جەمئىيەتشۇناس ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت نەزەرىيەچىسى. ئەمما ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا غەرب دۇنياسىدا ئەڭ زور تەسىر قوزغىغان، جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىگە ۋاستىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، ئەرەب قان سىستېمىسىدىن بولغان مۇتەپەككۇر. 1935 ـ يىلى يېرۇسالېمدا ئەرەب ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق چاغلىرىنى لىۋاندا ئۆتكۈزگەن ۋە ئالىي مەكتەپتە تولۇق كۇرسنى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئاسپىرانتلىقنى ئامېرىكا پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 2003 ـ يىلى لىمفا بېزى راكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئامېرىكا كولۇمبىيە

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتىدا پىروفېسسور بولغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «شەرقشۇناسلىق» (1978 - يىلى)، «جاھانگىرلىك ۋە مەدەنىيەت» (1994 - يىلى) قاتارلىقلار بار.

ئامېرىكىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدە يېقىنقى 30 نەچچە يىل ئىچىدە كۆرۈلگەن بىر يېڭى يۈزلىنىش بىرنەچچە ئالىمنىڭ مەدەنىيەت بىلەن مۇستەملىكىچىلىك ياكى جاھانگىرلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دىققەت ئاغدۇرۇشى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى ۋە غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پىكىر ئەندىزىسى بويىچە قېلىپلىشىپ قالغان ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە يېڭى بىر سەھىپە، يېڭى بىر پىكىر يولى ئاچتى. غەربنىڭ بۇرۇنقى مۇستەملىكىلىرى ھېسابلانغان دۆلەتلەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئەمما ئالىي مەكتەپ تەربىيەسىنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب ئەللىرىدە ئالغان بۇ ئالىملار غەرب پىكىر يولى بىلەن ئەمەس، مۇستەملىكە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئەللەر نۇقتىسىدىن چىقىپ ئىزدىنىشلىرىنى داۋام ئەتتى. ئىجتىمائىي پەن، ئادىمىيەت پەنلىرى ساھەسىدە بۇ خىل يېڭىچە پىكىر ئېقىمى كېيىنكى مۇستەملىكىزم دەپ ئاتالدى. ئېدۋار سەيىد ئەنە شۇ كېيىنكى مۇستەملىكىزم پىكىر يولىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ 1978 - يىلى نەشر قىلىنغان «شەرقشۇناسلىق» ناملىق ئەسىرى كېيىنكى مۇستەملىكىزم پىكىر يولىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى ۋە ھازىر ئامېرىكا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنگلىز ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا پىروفېسسورلۇق قىلىۋاتقان گىياترى سىپۋاكقا، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىنگلىز ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا پىروفېسسورلۇق قىلىۋاتقان خومى بىخاباغا تەسىر كۆرسەتتى. ھىندى قان سىستېمىسىدىن بولغان بۇ ئىككى ئالىم ئېدۋار

سەيىد باشلاپ بەرگەن پىكىر يولىدىن ئىلھاملىنىپ، باشقا بىر قانچە ھىندى ئالىمى بىلەن تەڭ تىرىشىپ، غەرب مۇستەملىكىسىگە چۈشكەن ئەللەردىكى كىشىلەرنىڭ ئاۋازىنى ياڭرىتىشقا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى ۋە «بېقىندىلار تەتقىقاتى» پىكىر يولىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ئىلھام مەنبەسى ھەققىدە ئىنچىكىلەپ ئىزدەنگىنىمىزدە گىياترى سپىۋاكنىڭ ئېدۋار سەيىد ھەم ياكوۋس دېررىدادىن، خومى بخابانىڭ فرانس فانون ۋە ئېدۋار سەيىدتىن ئىلھام ئالغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇنداقتا كېيىنكى مۇستەملىكىزم تەتقىقاتى ۋە بېقىندىلار تەتقىقاتىغا شۇنچە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئېدۋار سەيىدنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تۇتقا قىلىنغان نۇقتا نېمە؟

ئېدۋار سەيىدنىڭ قارىشىچە، نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان غەربلىكلەرنىڭ شەرق ھەققىدە يېزىۋاتقان ئېيتىملىرى ۋە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي غەربلىكلەر نۇقتىسىدىن روياپقا چىققان. شەرقنى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرغان غەربلىكلەرنىڭ پىكىر يولى ئاساسىدىكى بىلىم شەكىللىرى باشقا مەدەنىيەتلەرنى، توغرىراقى، شەرقنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى شەرھلەشكە تىرىشقان. نەتىجىدە بۇ خىل بىلىم شەكىللىرىدە، يەنى غەربلىكلەرنىڭ شەرقلىقلار ھەققىدە يازغان يازمىلىرىدا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كۆرەڭ تەلەپپۇزى، توغرىراقى، غەربنىڭ ھوقۇق شەكلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان؛ مەدەنىيەت شەكىللىرىگە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھوقۇقى ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ يەردە ئېدۋارد سەيىد بىلىمنىڭ مەۋقە نەزەرىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم بىر پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان: «بىلىم ۋە ئىدىيە بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋقەسى تەرىپىدىن يارىتىلىدۇ. شۇ ئىجتىمائىي توپنىڭ مەۋقەسى بولسا ئۆزى

تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت تەرپىدىن بەلگىلىنىدۇ.» مانا مۇشۇنداق پىكىر يولى بىلەن شەكىللەنگەن كىيىنكى مۇستەملىكە تەتقىقاتى غەربلىكلەرنىڭ پىكىر يولىدىن مۇستەسنا ھالدا ئايرىم بىر ساھە بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ يېڭى يۈزلىنىشكە گىياترى سىپۇاك «باشقا دۇنيادا» (1988 ـ يىلى)، «بېقىندىلار سۆزلىيەلەمدۇ؟» (1988 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە دېرىدانىڭ «گىراماتولوگىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئۆزگىچە شەرھلەش بىلەن؛ خومى بىخابا بولسا «مەدەنىيەتنىڭ جايلىشىشى» (1994 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ياندىشتى.

نەقىل مەنبەلىرى:

1. ئانتونى گىددىنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق»، 2001 ـ يىلى نەشرى.
Anthony Giddens. 2001. Sociology (4th edition). Cambridge: Polity Press.

2. مەنيۇل كاستېلس: «تور جەمئىيىتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى»، 1996 ـ يىلى نەشرى.
Manuel Castells. 1996. The Rise of the Network Society. Oxford: Blackwell.

3. مەنيۇل كاستېلس: «كىملىكنىڭ كۈچى»، 1997 ـ يىلى نەشرى.
Manuel Castells. 1997. The Power of Identity. Oxford: Blackwell.

4. ئۇلرىچ بېك: «خەتەر ئىچىدىكى جەمئىيەت: يېڭى زامانىۋىلىق مۇساپىسى»، 1992 ـ يىلى نەشرى.
Ulrich Beck. 1992. Risk Society: Towards a New Modernity. London: Sage.

5. ئېدۋارد سەيد: «شەرقشۇناسلىق»، 1978 ـ يىلى نەشرى.
Edward Said. 1978. Orientalism. London: Routledge.

www.uyghurkitap.com

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Manuel Castells ( — 1942) مەنيۇل كاستېلس
Ulrich Beck ( — 1944) ئۇلرىچ بېك
Jean Baudrillard ( — 1929) ژان بودىلئارد
Marshall Mcluhan (1980 — 1910) مارشال ماكلۇخان
Edward Said (2003 — 1935) ئېدۋارد سەيىد
Homi Bhaba ( — 1949) خومى بىخابا
Gyatri Spiwak ( — 1945) گىياترى سىپىۋاك
Jacuese Derrida ( — 1930) ياكوس دېررىدا
Frantz Fanon (1961 — 1926) فرانس فانون

تېكىست ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى

Postindustrial Age 后工业时代 كېيىنكى سانائەتچىلىك جەمئىيىتى
Network Society 网络社会 تور جەمئىيىتى
Information Age 信息时代 ئۇچۇر دەۋرى
Global Economy 全球经济 يەرشارىلاشقان ئىگىلىك
Identity 个人认同 خاس كىملىك
Power of Identity 认同的力量 كىملىكنىڭ كۈچى
Risk Society 风险社会 خەتەر ئىچىدىكى جەمئىيەت
Age of Second Modernity 第二期现代性时代 ئىككىنچى زامانىۋىلىق دەۋرى
Mass Media 大众传媒 ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى
Hyperreality 过多现实 ئۇسخىلانغان رېئاللىق
Post-colonialism 后殖民主义 كېيىنكى مۇستەملىكىزم
Location of Culture 文化定位 مەدەنىيەتنىڭ تەۋەلىكى

# جەمئىيەتشۇناسلار نېمە دەيدۇ

ئاپتورى: زۇلپىقار بارات ئۆزباش
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى
مەسئۇل كوررېكتورى: ياسىن زايىموف
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون: 0991 - 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى جىشىڭسىيۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.5
نەشرى: 2011 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2015 - يىلى 5 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 3001 - 6000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 14598 - 0
باھاسى: 23.00 يۈەن